1

دۇ يىڭنەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ

# ئاخىرقى كۈنلىرى



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

دۇيىڭتەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

(1)

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林人民出版社 1999 年 9 月第 1 版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مەپسۇت خالىت
ئىلغارجان سادىق

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ
ئاخىرقى كۈنلىرى (1)

ئاپتورى: دۇ يىڭتەي

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8
2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4320 — X/I・2009
سانى: 1—2000
باھاسى: 9.50 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاساسىي مەزمۇنى

ئامېرىكا XX ئەسىردىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور دۆلەت، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى دۇنيادىكى داڭدار ئەربابلار، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىن ھەممە كىشى خەۋەردار ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارلامېنت ئەزاسى، بەزىلىرى ئادۋوكات، بەزىلىرى قورۇق ئىگىسى، بەزىلىرى ئەركىن ماقالە يازغۇچى، بەزىلىرى كىتاب تارقىتىش سودىگىرى، يەنە بەزىلىرى قەلەندەر بولۇپ كېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئاددىي كىشىلەردەك ياشىغان.

تەختتىن چۈشكەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئامېرىكىلىقلارنىڭ كەسكىن رىقابەت مۇھىتىدا ياشاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگو نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن رىقابەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلىدىكى ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى بۇزۇپ تاشلاندى، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھەربىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئوقۇشلۇق بولۇپ، كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ.

## مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب ۋېرنون قورۇقىدا ئالەمدىن ئۆتكەن دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار**

— تۇنجى زۇڭتۇڭ جورجى ۋاشىنگتون ……………… 1

**ئىككىنچى باب ھاياتىنى ئىچ پۇشۇقى تارتىپ ۋە ئۆچ-مەنلىك ساقلاپ ئاخىرلاشتۇرغان**

— ئىككىنچى زۇڭتۇڭ جون ئادامس ……………… 36

**ئۈچىنچى باب «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»غا قەلەم تەۋرەتكەن**

— ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ توماس جېففېرسون ………… 60

**تۆتىنچى باب «ئاساسىي قانۇن ئاتىسى»**

— تۆتىنچى زۇڭتۇڭ جامېس مادىزون ……………… 87

**بەشىنچى باب ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئەيىبلەش ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان**

— بەشىنچى زۇڭتۇڭ جامېس مونرو ……………… 106

**ئالتىنچى باب پارلامېنت بىناسىنىڭ سەھنىسىدە سۆز-لەۋېتىپ تۇيۇقسىز قازا قىلغان**

— ئالتىنچى زۇڭتۇڭ جون كۋىنس ئادامس……… 132

**يەتتىنچى باب قاتىللىنىڭ تەھدىتىدىن پاراكەندە بولۇپ يامان چۈشتىن قۇتۇلالمىغان**

— يەتتىنچى زۇڭتۇڭ ئاندرو جېكسون ………… 153

**سەككىزىنچى باب سايلام رىقابىتىدە ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ كۆزى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان**

— سەككىزىنچى زۇڭتۇڭ مارتىن ۋان بورېن …… 176

**توققۇزىنچى باب ئوتتۇز بىر كۈن زۇكتۇك بولغان**
— توققۇزىنچى زۇكتۇك ۋىلىيام خېنرى خاررىسسون ··· 198
**ئونىنچى باب رىچموندتىكى كىچىك مېھمانسارايدا مەڭ-
گۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن يولۇچى**
— ئونىنچى زۇكتۇك جون تايلور ························ 222

# بىرىنچى باب

# ۋېرنون قورۇقىدا ئالەمدىن ئۆتكەن دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار

## —— تۇنجى زۇڭتۇڭ جورجى ۋاشىنگتون



جورجى ۋاشىنگتون 1732 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئامېرىكا ۋىرگىنىيە شتاتى ۋېستمورېلاند ناھىيىسىنىڭ ۋېكفىرىد دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان؛

1759 ـ يىلىدىن 1774 ـ يىلىغىچە ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ تۆۋەن پالاتا ئەزاسى بولغان؛

1759 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مارتا داندرىج خانىم بىلەن توي قىلغان؛

1774 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، فىلادېلفىيەدە ئېچىلغان بىرىنچى قېتىملىق چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىغا فىلادېلفىيە شتاتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتناشقان ھەم يىغىننىڭ دائىمىي ۋەكىللىكىگە بىردەك كۆرسىتىلگەن؛

1775 ـ يىل 3 ـ ئايدا، ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىغا يەنە بىر قېتىم ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان؛

1775 ـ يىل 7 ـ ئايدا، چوڭ قۇرۇلتاي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1787 ـ يىلى قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان؛
1789 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئامېرىكىدا دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن زۇڭتۇڭ سايلىمىدا، ئامېرىكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان؛
1793 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، يەنە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلانغان؛
1796 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، فىلادېلفىيە پارلامېنت بىناسىدا «خوشلىشىش نۇتقى» سۆزلەپ، ئامېرىكىنىڭ كېلەر قېتىملىق زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى چىرايلىقچە رەت قىلغان؛
1797 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ۋىرگىنىيە شتاتى ۋېستمورېـ لاندتىكى يۇرتىغا قايتقان؛
1799 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سىياسىي سەھنىدىن زېرىكىپ يۇرتىغا قايتىش

كۆز يەتكۈسىز كىمخابتەك ئوتلاقتا گىرىمسەن كۆرۈنگەن قارا چېكىت بارغانسېرى يوغىناپ يېقىنلاشماقتا ئىدى. بۇ ئەسلىـ دە قاردەك ئاپئاق ئۈچ ئارغىماق قوشۇلغان ئەينەكلىك پەيتۇن ئىدى. ئوتلاقتىكى قوڭغۇررەڭ يولدا پەيتۇننى ئۈچقاندەك ھەيدەپ كېلىۋاتقان قېرى پەيتۇنكەش قامچىسىنى شىلتىگىنىچە قامەتلىك ئۈچ ئاتقا توۋلاپ قوياتتى.
شۇ كۈنى مىلادىيە 1797 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىدى.
بۇ كۈن بارلىق ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن تولىمۇ ئادەتتىكى بىر كۈن ئىدى. ئەمما بۇ كۈن فىلادېلفىيەدىن تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتـ قان بۇ ئەينەكلىك كاتتا پەيتۇننىڭ ئەر خوجايىنى ئۈچۈن ئېيتقاندا مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيتتى.
پەيتۇننىڭ ئىگىسى ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ سارغۇچ چاچلىرى شىلەپىسىدىن چىقىپ قالغان،

چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان ياداڭغۇ چىرايىدىن قاتتىق ھارغىنلىق ئەكس ئېتەتتى، بولۇپمۇ كەڭ پېشانىسى ۋە كۆزىنىڭ جىيەكلىرىدىكى قورۇقلاردا ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق سورۇنلىرىدا ۋە قانلىق جەڭگاھلاردا ئۆتكەن ئاجايىپ كۈنلىرىنىڭ ئىزنالىرى بايقىلىپ تۇراتتى.

بۇ كىشى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا كېتىۋاتقان جورجى ۋاشىنگتون ئىدى!

— جورجى، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟ — ۋەزىپىسىدىن ئاي-رىلغان زۇڭتۇڭنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك ياشانغان بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇ مارتا داندرىج ئىدى. مارتا داندرىج ئۆزى بىر كۆرۈشتىلا چىن يۈرىكىدىن ياقتۇرۇپ قالغان ۋاشىنگ-تون بىلەن 1759 - يىلى توي قىلىپ نەچچە ئون يىل بىللە ئۆتكەن، ئېرى مۇشۇ كىمخابتەك يېشىللىق ئىچىگە جايلاشقان خىلۋەت قورۇقتىن تاكى فىلادېلفىيىدىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە كىرگۈچە ئۇنىڭدىن مىنۇتمۇ ئايرىلماي كەلگەنىدى. نەچچە ئون يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق ھايات مارتا ۋە ئۇنىڭ ئېرىنى بىر - بىرىگە كۆيۈمچان ھەم مېھرىبان قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ۋا-شىنگتون بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندا يېزىلىق بىر تۇل ئايال ئىدى. تويدىن كېيىن ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن ئېرىگە بىرەر بالا تۇغۇپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلۇغۋار ئىشلاردىكى ئورتاق ئىرا-دە توپەيلى ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن ئىنتايىن ياخشى ئۆتكەنىدى.

— ھە، مارتا، ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، — دېدى ۋاشىنگتون مارتاغا يېنىچە قاراپ كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئاردەك يوغان قولى بىلەن خوتۇنىنىڭ مۈرىسىگە يېنىك پەپىلەپ. ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان بۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. چۈنكى نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ سىياسىي سەھنىدە توپتوغرا سەككىز يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى - دە! سەككىز يىل

ئەمدىلىكتە تارىخقا ئايلانغانىدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى، دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار بولغاندىن كېيىن، بىر چاقىرىق بىلەنلا ھەممە ئادەمنى ئاياغقا تۇرغۇزغان، يۇقىرىلارنى بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا ئۆگەتكەنىدى. لېكىن سەككىز يىل ئۆتكەن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنىڭ مۇددىتى توشقان چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى. بۇ يولنىڭ بىرى، ئۇدا ئۈچىنچى نۆۋەتمۇ زۇڭتۇڭ بولۇش. ۋاشىنگتون ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىناۋىتى ۋە قوماندانلىق تالانتى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا قايتا سايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى خالىسا، ئامېرىكىنىڭ زۇڭ-تۇڭلۇق تەختىدە ئۆمۈر بويى ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدى-غانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. يەنە بىر يول، ئىككىنچى نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ھامان زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىستېپا بېرىپ، ئۆزى تۇ-غۇلۇپ چوڭ بولغان ۋىرگىنىيە شتاتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق بى-لەن شۇغۇللىنىش، ياش ۋاقتىدىكىدەك سەھرا تۇرمۇشىغا بېرىد-لىش ئىدى.

«زۇڭتۇڭ جانابلىرى، سىز ۋەزىپىڭىزنى داۋاملىق ئۆتەۋې-رىشىڭىز كېرەك ئىدى. چۈنكى مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەمەلدارلار-دىن تارتىپ يۇقىرىلارغىچە بىردەك سىزنىڭ داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىڭىزنى قوللايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشىۋاتىدۇ. ۋەدە بېرىمەنكى، سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشقا ماقۇل بولسىڭىزلا، سىزگە بېرىلگەن ئاۋاز ھەرقانداق رىقابەتچىڭىزگە بېرىلگەن ئاۋاز-دىن ئېشىپ كېتىدۇ!» ۋاشىنگتون زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە بىرقارارغا كېلەلمەي تۇرغان بىر چاغدا، فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيە بى-لەن فېدېراتسىيە پارتىيىسىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىڭ فىلادېلفىيىدىكى مەھكىمىسىگە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۇدا ۋە-زىپە ئۆتەشكە دەۋەت قىلدى. گەرچە بۇ ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسى-

دا ئىختىلاپلار شۇنچىلىك ئۆتكۈر بولسىمۇ، ۋاشىنگتوننىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش ئىشىغا كەلگەندە، ئۇلار كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە بىرلىك ھاسىل قىلغانىدى. بۇنداق قىزغىن ھىمايە قىلىش سادالىرى ئىچىدە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جون ئادامس ۋاشىنگتونغا بولغان سەمىمىي ـ ساداقىتىنى چوڭقۇر ئىپادىلىدى. چۈنكى ئۇ ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتوندەك بىر قوماندانىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

«ياق! مەن سىياسىيدىن، سىياسىي سەھنىدىكى تېتىقسىز تەكەللۇپلار ھەمدە پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئارىسىدىكى تۈگىمەس تالاش ـ تارتىشلاردىن جاق تويدۇم، ماڭا مەن ئارمىيىگە قاتناشماي، سىياسىيغا ئارىلاشماي يۈرگەن چاغلىرىمدىكى سەھرا تۇرمۇشى كېرەك!» ئويلىمىغان يەردىن، كاللىسى سەگەك ۋاشىنگتون مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئادامسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلدارلارنىڭ تەكلىپىنى ئىككىلەنمەي چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئۇ ئەمەلدارلىق سورۇنىدا ئۆتكەن سەككىز يىلدا ھوقۇق بىلەن مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئايىغى چىقمايدىغان تالاش ـ تارتىشلاردىن بىزار بولغانىدى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، مادىزون باشچىلىقىدىكى فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيە بىلەن خامىلتون باشچىلىقىدىكى فېدېراتسىيە پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ۋاشىنگتون دۆلەتنىڭ ئالىي قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم سىياسەتلەرنى قارار قىلىدىغان بەزى چاغلاردا مادىزون بىلەن خامىلتوننىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭلىكتە قالاتتى. شۇڭا ۋاشىنگتون ھوقۇق ۋە شانۇ شەۋكەتنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۆز كېلەچىكىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۇدا ئۆتەشتىن ۋاز كېچىپ، قەتئىي ھالدا يۇرتىدىكى ۋېرنون قورۇقىغا قايتىش يولىنى تاللىدى.

—جورجى، بۇ قارارىڭىز ئەلۋەتتە ياخشى بوپتۇ. مېنىڭ

ئەنسىرەيدىغىنىم، سىز زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان تۇرمۇش-نىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەرسىزمۇ؟ چۈنكى سىز قانداقلا بولمىسۇن داغدۇغىلىق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەم! — مارتا ئېرىنىڭ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇق سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى توغرىسىدىكى قارارىنى ئاڭلاپ قايغۇرغان تەلەپپۇزدا ئۇنى ئۇبدانراق ئويلىنىشقا دەۋەت قىلدى.

ۋاشىنگتوننىڭ چىرايى ناھايىتى جىددىي تۇس ئالغانىدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلدى ۋە:

— مەن زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن ھەقىقەتەن قورقىمەن. مارتا، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ئال-قىش ساداسى ئىچىدە ئۆتتى. ناۋادا بىراقلا ۋېرنون قورۇقىغا قايتىپ كەتسەم، ھەربىر كۈنۈمنى ئىچ پۇشۇقىدا ئۆتكۈزۈشۈم مۇمكىن. لېكىن مەن ئىچ پۇشۇقىدا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بار دەپ ئويلايمەن، نېمىلا دېگەنبىلەن ھەر كۈنى تالاش - تارتىشقا ئارىلىشىپ يۈرگەندىن كۆپ ياخشى - دە، — دېدى.

مارتا ۋاشىنگتوننىڭ قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىغان ھالدا بېشىنى ئىرغىتتى:

— جورجى، مېنىڭچە، بۇ تاللىشىڭىز ئاقىلانە تاللاش بول-دى. زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش يولىنى توغرا تاپقان-كەنسىز، ئۇنداقتا ۋېرنون قورۇقىغا تېزرەك قايتساق، قانداق؟

— مېنى قوللىغانلىقىڭىزغا رەھمەت، مارتا! — ۋاشىنگتون خوتۇنىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گۆشلۈك مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

ۋاشىنگتون ئىرادىسىنى ناھايىتى تېزلا ھەرىكەتكە ئايلاندۇر-دى. 1796 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال، ۋاشىنگتوننىڭ ھەيۋەتلىك قامىتى فىلادېلفىيە پارلامېنت بىناسىدا پەيدا بولدى. ئۇ كىشىلەر توپىغا قارىغىنىچە، ئامېرىكا ئەمەلدار-

لىرى بىلەن پۈقرالىرىنى بىر مەھەل لەرزىگە سالغان «خوشلى-شىش نۇتقى»نى سەلتەنەت بىلەن سۆزلىدى. ۋاشىنگتون ئۆزى-نىڭ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىدىغان ئىرادىسىنى قەتـ-ئىي تەلەپپۇزدا ئىزھار قىلدى ھەمدە كېلەر نۆۋەتلىك ئامېرىكا رەھبىرىگە سەممىمىي مەسلىھەت ۋە پىكىرلىرىنى بەردى. ئۇ ۋەزى-پە ئۆتكۈزۈۋالغۇچىنىڭ خەلقئارالىق تالاش - تارتىش ۋە ياۋروپا-دىكى ئۇرۇشلارغا ئارىلاشماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. كېلەر نۆۋەتـ-لىك زۇڭتۇڭنىڭ سىياسىي ئىشلار ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا چېتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، خەلقئارا سودا ئىشلىرىدا ھېچقاياقىا يان باسماي بىتەرەپ پوزىتسىيىسىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى...

«ياشىسۇن ۋاشىنگتون!»

«ۋاشىنگتون قېپقالسۇن!»

«بىز ۋاشىنگتوننىڭ داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە موھتاج!»

ۋاشىنگتوننىڭ «خوشلىشىش نۇتقى» پارلامېنت بىناسىدا ئولتۇرغان بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىمۇ، جۈملىدىن ئىلگىرى ۋاشىنگتون يولغا قويغان سىياسەتلەرگە قارشى چىققانلارنىمۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ۋەزىپىسى-دىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋاشىنگتونغا قاراپ تۇرغان پارلا-مېنت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكارنىڭ ۋە-زىپە ئۆتكەن چاغلىرىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ئەسلەشتى. ۋا-شىنگتون «خوشلىشىش نۇتقى»نى ئوقۇپ بولماي تۇرۇپلا يىغىن مەيدانى چۇقان - سۈرەنگە تولدى.

ۋاشىنگتون ئەمدى كىشىنى پاراكەندە قىلىدىغان، نام - شۆھرەت قوغلىشىدىغان سورۇندىن قۇتۇلغانىدى. ئۇچقاندەك كې-تىۋاتقان ئەينەكلىك پەيتۇندا ئولتۇرۇپ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا يېنىدىكى خوتۇنىغا:

— قايتىپ كەلدۇق، بىز ئاخىر ۋېرنون قورۇقىغا قايتىپ كەلدۇق! ···، — دېدى.

پەيتۇن ياپېيېشىل ئوتلاقتا شامالدەك تېز كېتىۋاتاتتى. ئاتلارنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقلاردىن چىققان رىتىملىق ئاۋاز ئوتلاق جىملىقىنى بۇزۇپ يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

## قىشلاق ناخشىلىرىدىن لەززەت ئىزدەش

ۋېرنون قورۇقى.

ۋاشىنگتوننىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەر قالغان بۇ قورۇق بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانىدى. قورۇق ئالدىدىن سۈيى سۈپسۈزۈك پوتوماك دەرياسى ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ دەريا ۋاشىنگتون ئۇزۇن يىللار دۆلەت ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمىغانىدى. ۋېرنون قورۇقىنىڭ كەينى تەرىپى تۈتاش كەتكەن ياپيېشىل شەمشادزارلىق ئىدى. چىرايلىق ھەم جىمجىت، دۇنيانىڭ قىيقاس - چۇقانلىرىدىن خالىي بۇ قورۇق گويا جەننەتكىلا ئوخشايتتى، ئەتىياز قۇياشنىڭ يارقىن نۇرلىرىغا چۆمۈلگەن دالىدا شىۋىرلاپ ئاققان زىلال سۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى، قوي - قوزىلارنىڭ مەرەشلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى.

— مارتا، يەنىلا يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگىنىمىز ئوبدان بوپتۇ! — ۋاشىنگتون بىلەن مارتا بىر - بىرىنى يۆلىشىپ ۋېرنون قورۇقى ئالدىدا پەيتۇندىن چۈشۈپ، پەستە شارقىراپ ئېقىۋاتقان پوتوماك دەرياسىغا بىر پەس قاراپ تۇردى. قىشلاق ناخشىلىرىغا مەپتۇن بولغان ۋاشىنگتون شۇئان ئۇنتۇلغۇسىز بالىلىق چاغلىرىغا قايتقاندەك بولدى.

— مېنىڭ دادام بۇ يەردە نام - ئاتىقى بار قورۇق ئىگىسى ئىدى، — دېدى ئۇ تەسىرلىك قىلىپ خوتۇنىغا، — ئۇ مەن ئون

بىر ياشقا كىرگەن يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ھېلىمۇ يادىمدا، مەن كىچىكىمدە ئوۋ ئوۋلاشقا خۇشتار ئىدىم. كېيىنچە، ماتېماتىكىلىق ئۆلچەشنىمۇ مۇشۇ قورۇقتا ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەندىم. ئەسلىدە ئاپامنىڭ مېنى خان جەمەتى دېڭىز ئارمىيىسىگە ماتروسلۇققا تۇتۇپ بېرىش خىيالى بار ئىدى. ئەمما بىز ئەنگلىيىلىك كۆچمەنلەردىن بولغاچقا، دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتناشقان تەقدىردىمۇ ئەمەلدار بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئاپام مېنى ۋېرنون قورۇقىدا ئېلىپ قالدى. مەن ئاكامدىن ئۆلچەش ئىشلىرىنى ئۆگەندىم. مارتا، مېنىڭ ۋېرنون قورۇقىغا كىچىكىمدىن تارتىپلا مۇھەببىتىم بار، شۇڭلاشقىمۇ ئوتتەك قايتىپ كەلگۈم كېلىپ كەتكەنىدى!

ئېرىنىڭ يۇرتىغا بولغان قايناق مۇھەببىتىدىن تەسىرلەنگەن مارتا:

— ئاڭلىسام، سىز ياش ۋاقتلىرىڭىزدا بەك تەۋەككۈلچى ئىكەنسىز، ھەمىشە ئاپىڭىز ۋە ئاكىلىرىڭىز بىلەن دالىغا يەر تىرىشقا ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، يەنىلا ئەل ئىچى بەلەن ئىكەن! — ۋاشىنگتون پوتوماك دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئوتلاقا نەزەر سالغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. بالىلىق چاغلىرىدىكى نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلەر شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ۋاشىنگتون ئون بىر ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاپىسى مارىيى ۋاشىنگتونغا تولىمۇ ئامراق ئىدى. ۋېرنون قورۇقى ۋاشىنگتونغا ياشلىق چاغلىرىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان جاي ئىدى. ئۇ مۇشۇ قورۇقتا ئىجتىھات بىلەن يىگىرمە نەچچە يىل تىرىشچانلىق قىلدى، 1752 ـ يىلى ھەربىي لاگېرغا كىرىپ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگە ماھىر مايورى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

— مارتا مەن 1757 - يىلى بىر قېتىم قىسىمدا ھەربىي خىزمەتتىن ئىستېپا بەرگىنىمنى ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ! — دېدى ۋاشىنگتون خوتۇنى مارتانى قولىدىن يېتىلەپ ۋېرنون قورۇقىغا كىرىۋېتىپ.

كەڭتاشا قورۇقتا كاھىشلىك ئۆيلەر قاتار سېلىنغانىدى، قورۇقتىكى بىر قىسىم ئىشلەمچىلەر ئاشلىقنى ئاپتاپقا سېلىۋاتاتتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى يۇرتىغا قايتمىغان ۋاشىنگتون دېھقان كەپىلىرىنى كۆرۈپ ئاجايىپ ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ ياشلىقىدا، ھەربىي قىسىمدا خىزمەت ئۆتىگەن مەزگىللىرىدە تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلىدى. ۋاشىنگتون شۇ چاغدا مايورلۇقتىن پودپولكوۋنىكلىققا ھەتتا گېنېرال مايورلۇققىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولار ئىدى، لېكىن پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگەندە، ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش قارارىغا كەلدى، چۈنكى ئۇ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىدا ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ پوتوماك دەرياسى بويىدىكى ۋېرنون قورۇقىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلدى.

ۋاشىنگتون بۈگۈن يەنە يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى ۋېرنون قورۇقىدىن كەتمەيتتى!

— جورجى ئەپەندى، ئاخىر قايتىپ كەلدىڭىز!

ۋېرنون قورۇقىدىكى بىر توپ ئىشلەمچىلەر ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن پېشقەدەم خوجايىنى ۋاشىنگتوننى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپ، يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى.

— دوستلار، ئىنى - سىڭىللار، بىز بۈگۈندىن باشلاپ بۇ بىرپارچە زېمىندا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئەركىن - ئازادە تېرىقچىلىق قىلىمىز! — دېدى ۋاشىنگتون. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ نەچچە ئون يىلدىن بېرى ۋېرنون قورۇقىدا ئۇنىڭ يېرىنى تېرىپ، قورۇقىغا قاراپ كەلگەن ئىشلەمچى بۇرادەرلىرىگە كاتتا زىياپەت

بېرىپ، ئۇلارنى ئېسىل هاراقلار بىلەن مېهمان قىلدى.
شۇ كۈنى كەچ قورۇق شادلىققا تولدى. بۇ هال سىياسىي سەهنىدە ئۇزۇن يىل ئېهتىيات بىلەن ئىش كۆرگەن، ئەمەلدار-لىق سورۇنىدىكى تېتىقسىز تەكەللۇپلاردىن سەسكەنگەن، سىيا-سىي سەهنىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى بىر - بىرىگە ئورا كولاش-لاردىن زېرىككەن ۋاشىنگتوننى قالتىس خۇش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن ۋېرنون قورۇقىغا قايتىپ كېلىش ۋاشىنگتوننى سۇغا ئېرىشكەن بېلىقتەك هېسسىياتقا كەل-تۈرگەنىدى.
— ها، ها، بەك بەلەن بولدى! مەن لەنىتى ئەمەلدارلار سو-رۇنىدىن چېكىنىپ چىقىپ هەقىقەتەن بەختكە ئېرىشكەندەك بو-لۇپ قالدىم. زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن بوشىنىش ئىستىكىدىغانىمغا بەر-گەن بولسام ياكى زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئىككىنچى نۆۋەت داۋاملىق ئۆتەش ئۈچۈن سايلام رىقابىتىگە قاتناشمىغان بولسام، قانچىلىك بەختلىك بولغان بولاتتىم!
شۇ كۈنى كەچ قورۇقتىكىلەر بىر - بىرى بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ هاراق ئىچىشتى، ۋاشىنگتون ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ كەتكەچكە، مەست بولغۇچە ئىچتى.
— مارتا، بىز ۋېرنون قورۇقىنى كېڭەيتىشىمىز، ئون مىڭ ئاكىر (ئىنگلىز موسى) تېرىلغۇ يېرىمىزنى نەچچە هەسسە كۆپەي-تىشىمىز كېرەك، بولمىسا، ماڭا قىلىدىغان ئىش قالمايدۇ!
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە بورۇنقى بويۇك زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون ئەمدى ئاددىي پۇقرا سالاهىيىتىدە خوتۇنى مارتا بىلەن هەر كۈنى ئەينەكلىك پەيتۇننى قورۇقتىكى ياشانغان بىر كىشىگە هەيدىتىپ يايپېشىل دالىدا قاتراپ يۈرىدىغان بولدى.
ئۇ قىشلاق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، قولىدىكى هاسىسىنى ئەي-نى يىللاردا ئامېرىكا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى بولغان چاغلاردىكى قوماندانلىق قىلىچىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ، قورۇقىغا

تەۋە ئېكىنزارلىقلاردا جەسۇرانە قامەتىنى نامايان قىلىپ، قەدەم-لىرىنى يوغان ئېلىپ ئاقار يۇلتۇزدەك يۈرەتتى.
مارتا ۋاشىنگتوننىڭ كەينىدىن قالمايتتى، بەزىدە ھاسىراپ كېتەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ ۋاشىنگتون-دىن:
— جورجى، بىزنىڭ ئون مىڭ ئاكر كېلىدىغان يېرىمىز بار، بۇنى يەنە كېڭەيتىپ نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورايتتى.
ۋاشىنگتون چۆلدە ئۇچقاندەك ماڭاتتى، ئۇ بۇ زېمىندا ئۇۋ ئوۋلىغان ۋە يەر ئۆلچەش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ئەينى چاغلاردىكىگە ئوخشاش كەلگۈسى تېرىلغۇ پىلانى توغرۇلۇق كۆڭ-لىگە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى پۈككەنىدى. ئۇ «شاپپىدە» توختاپ كەينىدىن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان خوتۇنىنى ساقلايتتى ۋە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ:
— مەن دېگەن مەن، باشقىلارغا ئوخشاشمايمەن، مەيلى قان-داق ئىش قىلماي، ھەيران قالارلىق ئىشلارنى قىلىشنى ئويلاي-مەن. مەن ھازىر ۋېرنون قورۇقىنىڭ قورۇق ئىگىسى بولدۇم، شۇڭا باشقىلار بىلەن پەرقلىنىدىغان قورۇق ئىگىسى بولۇشۇم كېرەك! قورۇق ئەتراپىدا شۇنچە كۆپ بوش يەر تۇرسا، نېمىشقا ئون مىڭ ئاكر كېلىدىغان يەرنى تېرىش بىلەنلا بولدى قىلىمىز؟ مەن يىگىرمە مىڭ، ئوتتۇز مىڭ ئاكر كېلىدىغان يەردە تېرىقچى-لىق قىلىمەن! ھا، ھا، كەمپىرىم، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ — دەيتتى.
مارتا ھاسىراپ تۇرۇپ:
— بۇغۇ ياخشى ئىش، لېكىن قېرىپ قالدىڭىز، سالامەتلى-كىڭىزمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس، ئۇنچىۋالا كاتتا پىلانلارنى كۆڭلى-ڭىزگە پۈكمىسىڭىز بولارمىكىن دەيمەن! — دەيتتى.
— ياق! گېپىڭىز توغرا بولمىدى، يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىدا تۇرۇپ كۆڭلۈمگە نېمىشقا كاتتا پىلانلارنى پۈكمىگۈدەكمەن؟ —

ۋاشىڭتون ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى ۋە قولىدىكى ھاسىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىپايان دالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا، — مارتا، ئاق تاشلىۋېتىلگەن بۇ قاقاسلىقنى كۆ-رۈپ ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى، شۇڭا تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتمەكچى-مەن. بۇ يەرلەردىن پايدىلانساق، دۆلەت ئۈچۈن كۆپرەك ھوسۇل ئالىمىز ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى.

مارتا بېشىنى لىڭشىتىپ ئاچچىق كۈلگىنىچە:

— ئوبدان، ئوبدان، سالامەتلىكىڭىز بەرداشلىق بېرەلىسىلا مەيلىغۇ! — دەيتتى.

ۋاشىڭتون چەكسىز كەتكەن چۆلدە ياش ۋاقىتلىرىدا ئېيتىقان قىشلاق ناخشىسىنى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئېيتاتتى. ئۇ كەمە-پىرىگە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن:

— مارتا، بىز تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى ھەسسىلەپ كېڭەيتىپلا قالماي، يەنە بىرنەچچە فېرما قۇرىمىز. كالا، قوي ۋە چوڭ - كىچىك ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن چەكلىك كۈتۈنۈش پۇلى ئېلىپ قورۇقتا بىكار يۈرەلمەيمەن. يېڭى زېمىنىمىزنىڭ ناھايىتى بىپايان ئىكەنلىكىنى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندىلا بىلىۋاتىمەن! مارتا، مەن ھەقىقەتەن دۆت ئىكەنمەن، ئەينى چاغدا لەنىتى زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى نېمىشقىمۇ ئۇدا ئۆتىگەن بول-غىيتتىم؟ ۋېرنون قورۇقىغا بۇرۇنراق كېلىشىم كېرەك ئىكەن ئەمەسمۇ! مۇشۇ قورۇقلا مېنىڭ ھەقىقىي ئائىلەم ئىكەن! — دەيتتى.

دالىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئېگىز ئاق ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ۋاشىڭتوننىڭ جەسۇر قامىتىنى ھەركىمنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكىسى ئەسلىي كەڭ كەتكەن قاقاسلىق يەر بولۇپ، ئىشلەمچىلەر بۇ تاشلاندۇق يەرنى ساپان بىلەن ئاغدۇرۇپ ئاچقان-دى. ھازىر بۇ قاقاسلىق مۇنبەت ئېتىزلىققا ئايلانغانىدى.

لەرزان ئېيتىلغان قىشلاق ناخشىسى ۋاشىنگتوننى ئۆزىگە رام قىلدى. بۇ ناخشىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى سۆيۈنۈپ كەتتى.

## ئاتمىش بەش ياشلىق بوۋاي خەتەر ئالدىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى

باش كۆز يېتىپ كەلدى!

ۋاشىنگتون ۋېرنون قورۇقىدا مول ـ ھوسۇلنىڭ خۇشاللىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ ئون مىڭ ئاكر كېلىدىغان تېرىلغۇ يېرىنى يىگىرمە ئىككى مىڭ ئاكىرغا كېڭەيتتى. تېرىغان زىرائەتلىرىمۇ ياخشى ھوسۇل بەردى. ۋېرنون قورۇقىنىڭ چوڭ ھويلىسىغا قوناق ۋە بۇغداي تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى، ئېتىزدا يەنە يىغىۋېلىنمىغان زىرائەتلەر ۋاشىنگتون ياللىغان ئىشلەمچىلەرنىڭ يىغىۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ۋاشىنگتون فىلادېلفىيەدىن ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ۋېرنون قورۇقىغا قايتىپ كەلگەن چاغدا قورۇقتا بېقىلىۋاتقان ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى، ئۇ ئەتىيازدا قايتىپ كېلىپ بىراقلا ئون بەش فېرما قۇرۇپ، كالا، قوي، چوشقا، توخۇ، غاز قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئۆي ھايۋانلىرىنى توققۇز يۈزگە يەتكۈزدى. كۆز يېتىپ كەلگەندە ۋاشىنگتوننىڭ چىرايىنى كۈلكە قاپلىدى!

لېكىن، ۋاشىنگتون مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمۈلگەن چاغدا، ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىش ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن دېھقانچىلىقتا بېرىلىش ئارزۇسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ بولسىمۇ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئامېرىكا ـ فرانسىيە ئۇرۇشى ئىدى.

زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان جون ئادامس 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ۋېرنون قورۇقىدا جاھان ئىشلىرىدىن خالىي ياشاۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ جورجى ۋاشىنگتونغا بىر خادىم ئارقىلىق بۇيرۇق ئەۋەتتى:

مۇھتەرەم جورجى ۋاشىنگتون ئەپەندىگە:

ئامېرىكا ـ فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ پەيتتە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداش ئۈچۈن سىزنى قوشما شتاتلىرى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدىم. دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. قوشما شتاتلار ئارمىيىسىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى سىز ئۈستىڭىزگە ئالمىسىڭىز بولمايدۇ. مۇشۇ بۇيرۇقنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال فىلادېلفىيىگە كېلىپ، مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىزنى، ھەرگىز رەت قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىي…

ۋاشىنگتون زۇڭتۇڭ ئادامسىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئېغىر قايغۇغا چۆمدى. پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئامېرىكا ـ فرانسىيە ئۇرۇشىنى ۋاشىنگتون كەلتۈرۈپ چىقارمىغانىدى، ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بىر يىل ئاۋۋال شۇ چاغدىكى ياردەمچىسى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئادامسنى ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا خەلقئارادىكى مەزھەپ كۈرىشىگە ئارىلىشىپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرغانىدى. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۆلەت ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقئارا سودا ئىشلىرىدا بىتەرەپ سىياسەتنى يۈرگۈزۈش مۇھىم ئىدى. ۋاشىنگتون ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى بىلەن ئىش كۆرۈپ كەلگەن ئادامسنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقىپلا بۇرۇنقى ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ۋاشىنگتوننى قاتتىق ئازابلىدى. ئۇ ئۇرۇش خۇمار فېدېراتسىيە پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن ئىشەندى. ئادامس دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ئەنگلىيىگە تولىمۇ ئېغىپ كەتكەنلىكتىن فرانسىيىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. چۈنكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى، بۇ ھال بۇنىڭدىن

خېلى بۇرۇن، يەنى ۋاشىنگتون ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغ-
لاردىلا يۈز بەرگەنىدى، ۋاشىنگتون ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئارىلاشماسلىق، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قا-
چۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىدى، بىراق ئادامس ئۆز بېشىمچى-
لىق بىلەن خەتەرلىك ئۇرۇش گىردابىغا قارىغۇلارچە بېرىپ
قالدى.

«مەن ئۇرۇشقا، بىر - بىرىنى توختىماي قىرىشقا ئەزەلدىن
قارشى ئىدىم!» ۋاشىنگتوننىڭ قوشما شتاتلار ئارمىيىسىگە قو-
ماندانلىق قىلىش ئۈچۈن فىلادېلفىيىگە زادىلا بارغۇسى كەلمىدى.
ۋېرنون قورۇقىغا قايتىپ كەلگىنىگە بىر يىل بولار - بولمايلا
ئادامسىنىڭ دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنگە بىرلىكتە
تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇق بىلەن جىددىي چاقىرتىشى يېزا
تۇرمۇشىغا قاتتىق مەپتۇن بولۇپ كەتكەن ۋاشىنگتون ئۈچۈن
ئېيتقاندا، شەك - شۈبھىسىزكى، قىيىن مەسىلە ئىدى. ئۇ
قوشما شتاتلار ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلغىلى فىلادېلفىيىگە
بېرىش - بارماسلىق مەسىلىسىدە دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمى-
دى. ۋاشىنگتون بۇ ئىشنى ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كېلى-
ۋاتقان قورۇقتىكىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا تەۋسىيە
قىلدى.

— مېنىڭچە، جورجى ئەپەندى جەڭگە بارمىسۇن، يېشى چو-
ڭىيىپ قالدى. ئۇرۇشقا ياش ھەربىيلەر بارسۇن! — ياشانغان
بىرەيلەن ۋاشىنگتوننىڭ يەنە ۋېرنون قورۇقىدىن كەتمەكچى بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يۇقىرى ئاۋازدا مۇشۇنداق دەپ ئورنىدىن
سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— پېشقەدەم قورۇق خوجايىنى، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن يې-
لىمۇ ئاز ئۇرۇش قىلدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ ئاشۇ جاپالارنى يەنە
تارتىپ يۈرمەسلىكىڭىزنى دەۋەت قىلىمەن! — ۋاشىنگتوننىڭ
كۆڭلىدىكىنى ئوبدان بىلىدىغان بىر موماي ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ

ئىشقا ئۆزىنىڭ قەتئىي قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ۋاشىنگتون تۇشمۇ تۇشتىن كۆتۈرۈلگەن قارشى تۇرۇش سادالىرى ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇنىڭغا ئۆتمۈشنى ئەسلەش تولىمۇ ئازابلىق ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمايتتى. 1775 - يىلى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا تارىخ ئېقىمى تەرىپىدىن چوڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئورنىغا چىقىپ قالدى. ۋاشىنگتون شۇ يىلى يازدا ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ بوستونغا ھۇجۇم قىلدى، قانلىق ئۇرۇش ئارقىلىق ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى يەڭدى. ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى پۈتۈنلەي غەلىبە قىلدى. ئۇ قوماندانلىق قىلغان بوستوننى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى يېڭىلدى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئون ئۈچ شتات ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق يولىغا قاراپ ماڭدى.

1776 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ۋاشىنگتون فىلادېلفىيىدە «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولۇشى ئۈچۈن ۋاشىنگتون نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. شۇڭلاشقا پۇقرالار ئۇنى دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار سۈپىتىدە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇقىغا كۆرسەتتى. ۋاشىنگتون رەھبەرلىك قىلغان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئالتە يىللىق ئۇرۇش ئۇنىڭ مەقسەت ۋە مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن ئىدى. ئامېرىكا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ فرانسىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا سېلىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى گاڭگىراش ۋە بىزارلىققا تولدى. چۈنكى ئالدىنقىسى ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى يولىدىكى ئۇرۇش ئىدى، كېيىنكىسى بولسا قارىغۇلارچە ھەربىي ئىشلارغا ئارىلىشىش ئىدى.

قورۇقتىكىلەر تاڭ ئاتقۇچە غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇلار بىردەك زۇڭتۇڭ ئادامسنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋاشىنگتونغا ئەۋەتكەن چاقىرىقنى رەت قىلىش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىشتى. ئەمما ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئىلگىرىكى دۈشمەن دۆلەت — ئەنگلىيىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇۋالغان ئادامس فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە جىنىنىڭ بارىچە داۋراڭ سېلىۋاتاتتى. شۇڭا فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئامېرىكىغا ھەرۋاقىت ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار ئىدى. ئادامسنىڭ قول ئاستىدا ئارمىيە ۋە گېنېراللار بار ئىدى، لېكىن بۇ گېنېراللارنىڭ ھېچقايسىسى قوشما شتاتلار ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، كۈچلۈك فرانسىيە ئارمىيىسى بىلەن قانلىق ئېلىشىشقا يارىمايتتى.

ۋاشىنگتوننىڭ يۈكسەك ئىناۋىتى بولۇپلا قالماي، ھەربىي ئىشلاردىكى قوماندانلىق ئىقتىدارى باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا قوشما شتاتلار ئارمىيىسىگە باش قوماندان بولۇش ۋەزىپىسىنى ۋاشىنگتون ئۆز ئۈستىگە ئالمىسا بولمايتتى.

ئادامستىن ئىككىنچى قېتىم ۋە ئۈچىنچى قېتىم يەنە بۇيرۇق كەلدى.

«مەن گەرچە تۈگىمەس تالاش ـ تارتىش، ئايىغى چىقمايدىغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىدىن بىزار بولغان بولساممۇ، فىلادېلفىيە شەھىرىگە يەنىلا بېرىشىم كېرەك!»

ھەربىي ئەھۋالات ئىنتايىن جىددىي ئىدى، ۋاشىنگتون يېنىكىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان زۇڭتۇڭ ئادامستىن ئۈچىنچى قېتىم كەلگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى ئايالى مارتا بىلەن پاراڭلىشىپ تاڭنى ئاتقۇزۇۋەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى پەقەت مارتاغىلا دېيەلەيتتى.

— سىز ... بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟ — ۋاشىنگتوننىڭ ۋېرنون

قورۇقىدىكى خاتىرجەم تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك مېھىر - مۇ-
ھەببىتىنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ ئارمىيىنى باشلاپ ئۇرۇشقا ئاتلى-
نىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن مارتا ئېرىنى قەتئىي ھالدا قوشما
شتاتلىرى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا
سوراشقا ئۈندىدى.

نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ پېشقەدەم قوماندانىنىڭ ئاپئاق بۇدۇر چاچلىرى ئۇ ھاياجانلانغاندا يېنىك سىلكىنىپ تۇراتتى، شالاڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ كەتكەندى. ئۇ تالاي كۈنلەرنى قايتا - قايتا ئويلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاخىر بىر قارارغا كەلدى.

— بولمايدۇ! مەن گەرچە ئۇرۇشتىن سەسكىنىپ، بىزار بولغان بولساممۇ، لېكىن ئادامس فرانسىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلگەنىكەن، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىم كېرەك. چۈنكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن قۇرغان، بۇ دۆلەتنى قۇرۇش يولىدا سان - ساناقسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلغان، ناۋادا فرانسىيە ئارمىيىسى ئەينى يىللاردىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ئوخشاش بىزنىڭ زېمىنىمىزغا تويتوغرا بېسىپ كىرمەكچى بولسا، مېنىڭ ۋېرنون قورۇقىدىكى شېرىن خىياللىرىم ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى مۇمكىن. مارتا، دۆلەت ماڭا موھتاج ئىكەن، ئارمىيىنى باشلاپ ئۇرۇش قىلغىنىم ياخشى! ...، — دېدى ۋاشىنگتون ھاياجان بىلەن.

— بىراق ... سىز ياشىنىپ قالدىڭىز. جورجى، سىز ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەن بوۋاي تۇرۇپ قانداقمۇ ئارمىيىنى باشلاپ ئۇرۇشقا كىرەلەيسىز؟ — دېدى مارتا كۆڭدىن - كۆڭگە جۇدەپ كېتىۋاتقان ئېرىگە قاراپ.

ئۇ ئېرىنىڭ بۇرۇن ئارمىيىنى باشلاپ ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلەپ ئۆزىنى

ۋاشىنگتوننىڭ قويىنىغا ئېتىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:
— ناۋادا جەڭگاھتا سىزگە ئالىمادىس بىر ئىش بولۇپ قالسا، ۋېرنون قورۇقىغا كىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؟ — دېدى.
— مارتا، يىغلىماڭ! بولامدۇ؟ سىزنىڭ ھەرگىز يىغلىماسلىقىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن!
ۋاشىنگتوننىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن بۇزۇلغانىدى، ئۇ كەمپىرىگە:
— جەڭگاھتا قۇربان بولۇش راستىنلا پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىردىمۇ دۆلەتنىڭ چاقىرىقىنى رەت قىلسام بولمايدۇ. ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم كېرەك! چۈنكى مەن ھازىر قوشما شتاتلارنىڭ ئاددىي پۇقراسى، دۆلەتنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلماسلىقىقا قىلچە ئاساسىم يوق!...
چىرايى تاتارغان ۋاشىنگتون ئەتىسى ئېتىنى قامچىلىغان پېتى ۋېرنون قورۇقىدىن چىقىپ پوتوماك دەرياسى بويىغا جايلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن فېرمىلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. كۈزلۈك ھوسۇلنى قانداق يىغىش، ئاشلىقنى قانداق ساقلاش ۋە مال - ۋارانلارنى قىشتىن قانداق ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قورۇقتىكى ئىشلەمچىلەرگە بىر - بىرلەپ جېكىلەپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىسى تاڭ سەھەر پەيتىدە ۋاشىنگتون ھەربىي فورمىسىنى كىيىپ، يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ۋىرگىنىيىگە قايتقان چاغدىكىدەك ئەينەكلىك پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ پوتوماك دەرياسىدىن، ئىللىق ماكانى ۋېرنون قورۇقىدىن ئايرىلىپ فىلادېلفىيە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ بۇ قېتىم ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغاچقا، ئايالى مارتانى بىللە ئەكەتمىدى.

# پوتوماك دەرياسى بويىدىكى ئەڭ باي قورۇق ئىگىسى

فىلادېلفىيە ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە دۆلەت قۇ-رۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە پايتەخت بولغان شەھەر ئىدى. ۋاشىنگتون بۇ شەھەرگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئۇنىڭ سىيماسى شۇ چاغدىكى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى جايلاشقان مۇستە-قىللىق زالىدا قايتا پەيدا بولغاندا خۇشال ھەم ھەيران بولغان ئەمەلدارلار بۇ خەۋەرنى چاقماق تېزلىكىدە بىر ـ بىرىگە يەتكۈ-زۈشتى.

شۇ چاغدا پۇتكۇل فىلادېلفىيە شەھىرى، ھەتتا پۇتكۇل پېن-سىلۋانىيە شتاتىنىڭ ھەممە يېرى ئۇرۇش ۋەھىمىسىگە تولغان-دى. كىشىگە فرانسىيە ئارمىيىسى ھەر ۋاقىت چېگرىدىن ئۆتۈپ ئامېرىكىغا، فىلادېلفىيە شەھىرىگە بېسىپ كىرىدىغاندەك تەسە-رات بېرەتتى. ۋاشىنگتون ئەينى يىلى قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان پارلامېنت زالىدا ھازىرقى زۇڭتۇڭ ئادامسىنىڭ ئۇنى ھەربىي ئىشلار ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەنلىك توغرىسىدىكى يارلىقىنى قوبۇل قىلدى. چاچلىرى ناھايىتى تېز ئاقىرىپ، ياداپ كەتكەن ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار چوڭ ھوقۇقىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، ھەر كۈنى مۇستەقىللىق زالى ئالدىدىكى چىملىقتا تۇرۇپ قوشما شتاتلار ئارمىيىسىنىڭ جىددىي ھەربىي مەشىقىغە قوماندانلىق قىلىشنى باشلىۋەتتى.

ئۆمرىدە تالاي قانلىق جەڭلەرنى كۆرگەن، تەقدىرنىڭ تالاي رەنجۇئەلەملىرىنى تارتقان ۋاشىنگتونغا، قېرىلىق يېتىپ قالغان مۇشۇنداق بىر چاغدا لەشكەر تارتىپ جەڭگە ئاتلىنىش ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەستەك تۇيۇلاتتى، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ تاجا-ۋۇزچىلىقىنى توسۇيالىغۇدەك بىر ئارمىيىنى تەشكىللىگەن چاغدا ئۇرۇشتىن قورقىدىغان، ئەمما جېنىنىڭ بارىچە ھەربىي ئەمەل

تالىشىدىغان كىشىلەرنىڭ توختىماي غىژ ـ غاژ ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىشلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى، ۋاشىنگتون ئاشۇ شەخسىيەتچى چۇپرەندىلەر بىلەن شەپقەتسىزلىك بىلەن كەسكىن تۇتۇشۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇرۇش ئالدىدىكى جىددىي كەيپىيات بىر قىش داۋاملاشتى، ئۇشتۇمتۇت باشلانغان ئۇرۇش تەييارلىقى ۋاشىنگتوننى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى، ئۇ بىر قېتىم شامالداپ قېلىش سەۋەبى بىلەن قان تۈكۈردى. ۋاشىنگتون سالامەتلىكى مۇشۇنداق كۈنسايىن ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ـ فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشقۇچە يەر دەسسەپ تۇرالايدىغانلىقىدىن گۇمانلىناتتى. لېكىن بۇلۇتلار قاتلىمىنى يېرىپ چىققان ئەتىياز قۇياشى يارقىن نۇرلىرىنى فىلادېلفىيە شەھىرىگە چېچىپ، مۇستەقىللىق زالىنىڭ ئالدىدىكى كاتتا مىس قوڭغۇراقنى قىزىللىققا پۈركىدى، باھار شامىلى بىلەن تەڭ ئۇرۇش تۇمانلىرىمۇ غايىب بولدى.

1798 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئەينەكلىك پەيتۇن شارقىراپ ئېقىۋاتقان كۆپكۆك پوتوماك دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ياپيېشىل ئوتلاقتا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى، بۇ قۇتلۇق خەۋەرنىڭ تەسىرىدە پۈتكۈل ۋېرنون قورۇقى دەرھال خۇشاللىققا چۆمۈلدى: ۋاشىنگتون قايتىپ كەلدى!

مارتا ۋە قورۇقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇرسەن بولۇشۇپ سەكرىشىپ كەتتى ۋە ئۇلار پەيتۇندىن چۈشكەن ۋاشىنگتون بىلەن بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئۇرۇش تۇمانلىرى تارقالدى، مەڭگۈلۈككە تارقالدى! قەدىرلىك قورۇق ئەھلى، ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ يەرلىرىمىزنى ئوبدان تېرىساق بولىدۇ! — ئۇ توختىماي قولىدىكى شىلەپىسىنى ئەر ـ ئاياللارغا قاراپ پۇلاڭلىتاتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنگەن ۋاشىنگتون خۇشاللىقىنى باسالماي قالغانىدى.

ۋاشىنگتون قورۇق جايلاشقان دۆڭنىڭ يانباغرىدىكى ھۇجرى-

سىغا يەنە قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاشىنگتون ياش ۋاقىتلىرىدا تۇرغان جاي ئىدى، بولۇپمۇ پاشىلىقى بار ھېلىقى ياغاچ كارىۋاتتا ئۇ ئەينى يىلى مارتا بىلەن توي قىلىپ تۇنجى توي كېچىسىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا تولغاق كېسىلى بىلەن تېنى ئاجىزلاپ كەتكەچكە ئارمىيىدىن ئىستىپا سوراشقا كەلگەنىدى... ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان ئەھۋالدا ۋاشىنگتون ئۆزىدىن بىر ياش چوڭ تۇل ئايال مارتا داندرىچ بىلەن توي قىلغانىدى. ۋاشىنگتون مارتا بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولغىلى شۇنچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆمرى غېرىبچىلىقتا ئۆتتۈۋاتاتتى، ھېلىمۇ ياخشى ۋېرنون قورۇقىدا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم كۆپ ئىدى.

— قورۇق ئەھلى، مەن ھازىردىن باشلاپ قورۇقنىڭ ھەقىقىي بىر ئەزاسى بولدۇم! — دېدى ۋاشىنگتون ئىككى كۈندىن كېيىن ۋېرنون قورۇقىدىكى مەمۇرىيەت زالىدا قورۇقتىكىلەرگە كوكتېيل ھارىقى زىياپىتى بېرىۋېتىپ. ۋاشىنگتون ياش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ قورۇقى بىر مەھەل ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە مەركىزىگە ئايلانغانىدى. شتات پارلامېنت ئەزالىرى، سودىيەلەر ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەر ۋېرنون قورۇقى مەجبۇرىيەت زالىغا پات - پات كېلىپ، ۋاشىنگتوننىڭ كوكتېيل ھارىقىنى ئېتىپ كېتىشەتتى. ۋاشىنگتون ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ قورۇقتا بۇنداق كوكتېيل ھارىقى زىياپەتلىرىنى ئارىلاپ ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى، بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ۋاشىنگتون ھازىر نوقۇل ھاراق ئىچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھاراق ئىچكەچ كېلەر يىلى قورۇقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى قانداق كېڭەيتىش توغرۇلۇق قورۇقتىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش ۋە بېكىتىش ئۈچۈن داستىخان سالغانىدى. ئۇ گەپنى مۇنداق باشلىدى:

— ئۇرۇش تۇمانلىرى ئۆتۈپ كەتتى. مەن فىلادېلفىيە شەھە-رىدىن يانغۇچە زۇڭتۇڭ ئادامسقا مۇنداق دېدىم: ئۇرۇش مەڭگۇ يوقالسۇن، بىز ئامېرىكىلىقلارغا ھازىر ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى تىنچلىق كېرەك، مەن يەنە: ناۋادا يەنە ئۇرۇش بولسا، مېنى قوماندانلىققا تەكلىپ قىلماڭ، چۈنكى مەن ياشىنىپ قالدىم! دېدىم، ئادامس ماڭا: جورجى ئەپەندى، ئەمدى پۈتۈنلەي خاتىر-جەم بولسىڭىز بولىدۇ، ۋېرنون قورۇقىڭىزغا كېتىۋېرىڭ! سىز-گە ۋەدە بېرىمەنكى، مەن زۇڭتۇڭلا بولسام ھەرگىز ئۇرۇش بولمايدۇ! — دېدى.

— ئو!... بەلەن بوپتۇ! — غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ كوكتېيل ھارىقى ئېتىۋاتقان قورۇق ئەھلى ۋاشىنگتوننىڭ گەپلى-رىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى تۇتالماستىن قىيقاس سېلىشىپ كېتىش-تى. ئۇلار زۇڭتۇڭ ئادامسنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە خۇشال بولۇش-تى ھەم ياشانغان ۋاشىنگتوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۇ ۋېرنون قورۇقىدىن باشقا ياقـقا بارمايدىغانـلىقىدىن تېخمۇ سۆيۈنۈپ كېتىشتى.

ۋاشىنگتون شۇ قېتىمقى ھاراق زىياپىتىدە قورۇقتىكىلەرگە پوتوماك دەرياسى ساھىلىنى داۋاملىق ئېچىش توغرىسىدىكى پىلان-لىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. داۋاملىق يەر ئېچىش، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، قورۇقتىكىلەرگە ياتاق ئۆي سېلىش، قورۇق كۇلۇبى تەسىس قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش لايىھىلەر كۆپچىلىك-نىڭ ئەقىل كۆرستىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا مەيدانغا كەلدى.

ۋاشىنگتون فىلادېلفىيە شەھىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىشلەمچىلەر پوتوماك دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا يېڭىدىن ئون بىر مىڭ ئاكر كېلىدىغان يەرنى ئاچتى. ھايۋانلار بىلەن ئۆي ھايۋانلىرىنى-مۇ بىر ھەسسە كۆپەيتتى. ئەسلىدە ۋېرنون قورۇقى خوجايىنى-نىڭ قەلبىدە ئۇلۇغ مەقسەتلەر بولغاچقا، دېھقانچىلىق ۋە چارۋى-

چىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى بىر يۈرۈش يېڭى لايىھىلەرمۇ تەييار بولۇپ قالغانىدى. بىراق ئۇلۇغ مەقسەتلەر بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغاندا، ئاتمىش ياشتىن ئاشقان ۋاشىنگتون شۇ يىلى قىشتا بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ كېسەلنى بىر قېتىملىق ئەرزىمەس زۇكام كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ۋاشىنگتون باشتا قىزىدى. مارتا ۋېرنون قورۇقىغا ئانچە يىراق بولمىغان ۋېستمورېلاند ناھىيىسىدىن دوختۇر ۋە سېسترا تەكلىپ قىلىپ، ۋاشىنگتوننى داۋالاتتى. نەچچە كۈنگە سوزۇلغان جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ۋاشىنگتون ھوشىغا كەلدى. يەنە ئون نەچچە كۈن داۋالاش نەتىجىسىدە ئۇ سەللىمازا ساقايدى. بۇ ۋاشىنگتوننىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئەڭ ئېغىر زۇكام بولۇشى ئىدى. ياشىنىپ قالغاچقىمىكىن يا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كۆزلۈك يىغىم مەزگىلىدە ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويغاچقىمىكىن، زۇكام سەۋەبىدىن بولغان قىزىتما ياندىن كېيىن ۋاشىنگتوننىڭ بۇرۇنقى ساغلام تېنى بىراقلا ئاجىزلاپ كەتتى.

1799 - يىل ئەتىياز كەلدى.

ۋاشىنگتون مارتانىڭ ياكى كاتىپى ۋېنستوننىڭ يۆلىشى بىلەن ھۇجرىسىدىن چىقىپ ۋېرنون قورۇقىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاپتاپسىناتتى. گەرچە ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن زۇكام تېگىش بىلەن پەيدا بولغان يۆتەل ساقايمايۋاتاتتى.

«كېرەك يوق، بۇ ياشانغانلاردا بولىدىغان ئانچىكىم بىر كېسەللىك، ئەنسىرەپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ياز كەلسە، يۆتەل ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ!» دەيتتى ئۇ قېشىدىكىلەرگە. ۋاشىنگتوننى كېسەل چىرمىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئېتىزلىقلارغا بېرىپ تۇردى، ئاتقا مىنەلمىگەچكە، ئەينەكلىك پەيتۇنى بىرىگە ھەيدىتىپ قورۇقتىكى ئىشلەمچىلەر بىلەن قۇللار-

نىڭ بوز يەر ئېچىشىغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇ بەزىدە قىزىپ ياكى يۆتىلىپ پەيتۇندا ھوشىدىن كېتەتتى، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە باشقا بىر پارچە بوز يەرگە بېرىپ، شۇ يەردە يەر ئېچىۋاتقانلارنىڭ بېشىدا تۇراتتى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ياز كەلدى، ۋاشىنگتوننىڭ كېسىلى ئۆزى پەرەز قىلغاندىكىدەك بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. يۆتىلى توختىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرۇپ - تۇرۇپ دېمى سىقىلىپ ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى.

كۈز يېتىپ كەلدى. ۋېرنون قورۇقى شاد - خۇراملىققا تولدى. چۈنكى ۋاشىنگتوننىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ كۆلىمى ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئاكرغا يەتتى. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سانىمۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قايتىپ كەلگەن چاغدىكىدىن ئۈچ - تۆت ھەسسە كۆپەيگەنىدى. ۋاشىنگتون ھويلىسىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن كۆممىقوناق ۋە بۇغدايلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقان كۈنى ئاخشىمى ۋاشىنگتون قورۇقتا گۈلخان يېقىپ ئۆزگىچە ئۇسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ئۇ قورۇقتىكىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋېرنون قورۇقىغا كېلىپ ھوسۇل شادلىقىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. قورۇقتا گۈلخانلار لاۋۇلداپ يېنىپ تۇركۇم - تۇركۇم ياش ئەر - ئاياللار گۈلخان ئەتراپىدا كېپىنەكتەك پىرقىرىشىپ ئۇسسۇل ئوينىشاتتى، كېسەل تۈپەيلى ئاجىزلاپ كەتكەن ۋاشىنگتون ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ئەڭ باي قورۇق ئىگىسىگە ئايلانغانىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۇنىڭ ئىگىلىكى ۋە زېمىنىدىن ئىبارەت بايلىقى ئۇ فىلادېلفىيە شەھىرىدە زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدىكى بايلىقىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ۋاشىنگتون سىرتقا چىقىپ گۈلخان ئەتراپىدىكى ئاۋام بىلەن بىللە شادلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولالمىسىمۇ، قەلبى ئالەمچە خۇشاللىققا تولغانىدى.

— ۋېنستون، مەن ئۈچۈن يېڭى بىر بوز يەر ئېچىش پىلانى
تۈزۈك، كېلەر يىلى مېنىڭ قورۇقۇم پوتوماك دەريا ساھىلى
بويىدا داۋاملىق بوز يەر ئاچىدۇ! يىگىرمە مىڭ ئاكر كېلىدىغان
يەرنى ئېچىشنى قولغا كەلتۈرىمەن! — ھېلىقى پاشىلىقى بار
ياغاچ كارىۋاتتا ياتقان ۋاشىنگتون خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي كاتىد-
پى ۋېنستونغا يېڭى بىر يىلدا قورۇقنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسى-
دىكى پىلانلىرىنى ئاغزاكى دەپ بېرىۋاتاتتى. سىرتتىن ناخشا
ئاۋازلىرى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ۋېنستون ھەيران بولغان ھالدا تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن،
كارىۋاتنىڭ بالدىقىغا يۆلىنىپ توختىماي ھاسىراۋاتقان ۋا-
شىنگتوندىن:

— يىگىرمە مىڭ ئاكر؟ پەرۋەردىگار، بۇنداق سۈرئەتتە
بوز يەر ئېچىش بەك تېزمۇ قانداق؟...، — دەپ ئەجەبلىنىپ
سورىدى.

— تېز ئەمەس، ئازراقمۇ تېز ئەمەس، كېيىنكى كۈنلەردە
ئېچىلغان بوز يەرنىڭ كۆلىمىنى سەكسەن مىڭ ئاكرغا يەتكۈزى-
مەن تېخى! بۇ ئىش مەندىن پەيتنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلى-
دۇ. يەر يىلدىن - يىلغا كېڭىيىشى كېرەك. چۈنكى...
سالامەتلىكىم بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ...، —
ۋاشىنگتون جاھىللىق بىلەن كاتىپى ۋېنستونغا بۇيرۇق قىلىپ
ئويلىغانلىرىنى پىلانغا بىر - بىرلەپ كىرگۈزۈشكە ئۈندەيتتى.

قورۇقتىكى كۈزلۈك يىغىمنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزۈلگەن گۈل-
خان ئۇسسۇل كېچىلىكى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى.
ۋاشىنگتون ياش ئەر - ئاياللارنىڭ كۈلكە ۋە ناخشا سادالىرى
ئىچىدە ئاستا - ئاستا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈشىدە پوتوماك
دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا زىرائەتلەر دېڭىزدەك دولقۇنلى-
نىپ، قورۇ - قورۇ كالا - قويلار ئوتلاپ يۈرگەن يېپيېڭى بىر
دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولدى. تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان

ۋاشىنگتون ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ۋېرنون قورۇقىدىكى قاتار - قاتار كەتكەن ئاشلىق ئامبارلىرىنى كۆرۈپ ئۈن چىقىرىپ كۈلۈپ كەتتى.

## كېكىردەك راكى بىلەن تۇيۇقسىز قازا قىلدى

1799 - يىلى مىلاد (روژېتسۋو) بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يېرىم كېچىدە، مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمۈلگەن ۋاشىنگتون مارتاغا بۇ يىلقى مىلاد بايرىمىنى سەل سېخىيلىق بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى جېكىلىدى. ھەممە ئائىلە مىلاد شامى ياققاندا، ۋېرنون قورۇقىغا تەۋە ھەربىر ئائىلىگە چوقۇم يېتەرلىك گۆش ۋە يېمەكلىكلەرنى تارقىتىپ بېرىشنى ئېيتتى، قورۇقتىكى قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرۇلۇقمۇ جېكىپ قويدى.

تۈن يېرىمىدا ۋېرنون قورۇقىنىڭ سىرتىدا ئاتلارنىڭ جىددىي تۇياق تىۋىشى ئاڭلاندى. ئەسلىدە قورۇق مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى گورل ۋاشىنگتونغا كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدىغان كۆڭۈلسىز بىر ئىشنى دوكلات قىلغىلى كەلگەندى، ۋېرنون قورۇقىدىن ئون سەككىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى قۇللار لاگېرىدا ئاشلىق ئوغرىلاپ قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندى.

— نېمە؟ مۇشۇنداق ۋەقە بولدىمۇ؟ — دېدى ۋاشىنگتون گورلنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ. قورۇقنىڭ باشقۇرۇشىغا نازارى بولغان ئوتتۇز نەچچە قۇل كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ۋاشىنگتون بەرگەن ئاشلىقنى بەك ئاز كۆرۈپ، كەچتە قۇللار لاگېرىدىكى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ ھەربىرى يۈز جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىقنى ئوغرىلاپ قاچقان. ھېلىمۇ ياخشى

گورلىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى بۇ ۋەقەنى سېزىپ قېلىپ ئۇلارنى ئاتلىق قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ كەلگەن، ئوتتۇز نەچچە قاچقۇن قۇل شۇ تاپتا لاگېرغا قاماپ قويۇلغان.

ئەترەت باشلىقى گورل گەپ قىلماي ئولتۇرغان ۋاشىنگتونغا بۇ بىر تۈركۈم قۇللارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ:

— خوجايىن، سىزگە بىھۆرمەتلىك قىلىشقا پېتىنغان بۇ قۇللارنى باشقا قۇللارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈش كېرەك، — دېدى قاتتىق غەزەپلەنگەن گورل.

— ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك؟ ئالدىرىما، ئالدىرىما! — ۋاشىنگتون ئاۋۋال ئۇنى بۇ ۋەقەدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا بۇيرۇ۔ دى. ئۇ ۋېرنون قورۇقىدىكى ھۇجرىسىدا بۇ ۋەقەگە قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزى يالغۇز سوغۇق قانلىق بى۔ لەن ئويلاندى. ئۇ، قاچقۇن قۇللار ۋەقەسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى خالايتتى. ۋاشىنگتون فىلادېلفىيە شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەن ئىككى يىلدىن بېرى قۇللارنىڭ بۇگۇن كېچىدىكىدەك قېچىش ۋەقەلىرى پات - پات كۆرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. قاچقۇن قۇللارنى ھەر قېتىم گورل تۇتۇپ كېلەتتى، ۋاشىنگتون بۇ بەختسىز قۇللارنى شەپقەتسىزلىك بىلەن جازالاشنى ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلمايتتى. گورل ۋاشىنگتون قۇللارغا ھەددىدىن ئار۔ تۇق رەھىمدىللىك قىلغاچقا، ئۇلار توختىماي چاتاق چىقىرىپ سىرتقا قېچىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى.

ۋاشىنگتون ئەتىسى ئەتىگەندە قۇللار لاگېرىغا شەخسەن ئۆزى بېرىشنى قارار قىلدى.

— جورجى، سالامەتلىكىڭىز يىراققا بېرىشقا يار بې۔ رەمدۇ؟

ۋاشىنگتوننىڭ ئاشلىق ئوغرىلاپ قاچقان قۇللارنى بىر تەرەپ قىلغىلى لاگېرغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان مارتا ئالدىراپ

تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇدى.

— خوجايىن، سىز بارماڭ! ھاۋا بەك سوغۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ياشىنىپ قالغان ئادەم، بۇيرۇق قىلسىڭىزلا، بىز قاچقۇن قۇللارنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىمىز!

ئەترەت باشلىقى گورلمۇ مۇشۇنداق ئاچچىق سوغۇقتا ۋاشىنگتوننىڭ لاگېرغا بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ھېسابلايتتى. بىراق، ۋاشىنگتوننىڭ بۇ ئىشقا قارىتا ئۆز قارىشى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا:

— ئۇلارنى ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈپ چىقىشىم كېرەك. ئۇلارمۇ ئادەم. سىلەر مېنى توسىماڭلار! — دېدى.

ۋاشىنگتون ھېلىقى ئاق بوز ئارغىماققا مىنىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئەينەكلىك پەيتۇن قاتتىق سوغۇقتا، قار كۆمۈپ تاشلىغان ھارۋا يولىدا ماڭالمايتتى، لاگېرغا ئات بىلەن بىردەمدە بارغىلى بولاتتى.

— قۇللارغا رەھىمسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار گۇناھسىز! — ۋاشىنگتون گورل باشچىلىقىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىكىلەر بىلەن قارلىق يولدا كېتىۋېتىپ قول ئاستىدىكىلەرگە شۇنداق دېدى. ئەسلىدە بۇ قۇللارنىڭ تولىسىنى ۋاشىنگتوننىڭ دادىسى ئاۋگۇستىن ۋاشىنگتون ھايات ۋاقتىدا ۋېرنون قورۇقىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەكەلگەنىدى. بۇ قۇللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئەينى يىللىرى ئاۋگۇستىنغا قەرز بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى ۋېرنون قورۇقىدا ۋاشىنگتوننىڭ قۇللىرىغا ئايلانغانىدى. ۋاشىنگتون قۇللارنى ھايۋاندەك ئىشلىتىدىغان ۋەرمەسلىكنى لايىق تاپقان ۋە بۇ گۇناھسىز قۇللارنى قويۇۋېتىش نىيىتىگىمۇ كەلگەن. لېكىن مارتا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچكەنىدى. بۈگۈن ۋاشىنگتوننىڭ لاگېرغا شەخسەن ئۆزى بېرىشىدىكى مەقسىتى، قۇللارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاپ بېقىش ئىدى.

— باللىرىم، مەن سىلەرنى ئەيىبلىمەيمەن. سىلەر نەچچە يىلدىن بېرى ۋېرنون قورۇقىغا كۆپ تۆھپە قوشتۇڭلار، ھەرقاندىداق گېپىڭلار، ھەرقانداق ئاغرىنىشىڭلار بولسا، ماڭا دەۋېرىڭلار! — دېدى ۋاشىنگتون يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان قۇللارغا قاراپ. ئۇ بۇيرۇق بېرىپ ئۇلارنى باغلاقتىن بوشاتقۇزۇۋەتتى.

قورقۇپ كەتكەن قۇللار بىر - بىرىگە قارىشىپ شۇك تۇرۇشاتتى. ئۇلار ۋاشىنگتون كېلىپ بىزنى قاتتىق جازالايدۇ دەپ ئويلىغان، قېرى خوجايىنىنىڭ ئۆزلىرىگە بۇنداق يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەنىدى.

— سىلەر گۇناھسىز. سىلەر ماڭا كۆڭۈل قويۇپ بوز يەر ئېچىشىپ بەرسەڭلارلا، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقنى كۆپەيتىمەن، يەنە تېخى سىلەرنى قويۇۋېتىمەن! — ۋاشىنگتون سىلىق سۆزلەر بىلەن قۇللارغا تەسەللى بەردى. ئۇلارنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ياخشىلاشقا ماقۇل بولدى، كەچقۇرۇن گورل ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلىق ۋېرنون قورۇقىغا قايتتى.

يېرىم يولدا تۇيۇقسىز شىۋىرغان چىقىپ كەتتى. بوران ئۇچۇرغان قار ئۇچقۇنلىرى ھاۋادا ئوينايتتى. ئات ئۇستىدە كېلىۋاتقان ۋاشىنگتون پۈتۈن بەدىنىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ۋېرنون قورۇقىغا يېتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭ كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتتى. يېرىم كېچىدە ۋاشىنگتوننىڭ كونا كېسىلى بىردىنلا قوزغالدى. مارتا ۋە كاتىپ ۋېنستون ۋېرنون قورۇقىدىن يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرى ۋېستمورېلاندقا دوختۇر چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتتى. دوختۇر ئەتىسى ئەتىگەندە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ۋاشىنگتون كېكىردىكىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىتىشى بىلەن قىزىپ، توختىماي يۆتىلىپ بولالماي قالغاندى. كۆپ ئۆتمەي ۋاشىنگتوننىڭ ئاۋازى خىرىلداشقا باشلىدى. دوختۇر ناھايىتى تېزلا دىئاگنوز قويۇپ ۋاشىنگتوننىڭ كېكىر-

دەك راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى، كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى باس-
قۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ئېنىقلىدى!
بۇ ۋاشىڭگتوننىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولغان مارتا ئۈچۈن
ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك بىر ئىش بولدى. ئەسلىدە
بىر يىل بۇرۇن ۋاشىڭگتوننىڭ كېكىردىكى ئاغرىغان چاغ كېكىر-
دەك راكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىكەن. ئەپسۇسكى، شۇ چاغدا
دىئاگنوز قويۇپ ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى بولماي زۇكام دەپ قارال-
غانىدى. ئاخشام يېرىم يولدا قار ئارىلاش شىۋىرغان چىقىپ
كېتىپ قاتتىق سوغۇقنىڭ زەربىسىدە كېكىردەك راكى جىددىي
قوزغالغانىدى.
شۇڭىنىسى، دوختۇر بۇ چاغدا ھېچ ئامال قىلالمىدى.
زۇڭتۇڭ ئادامىس ۋاشىڭگتوننىڭ كېسەللىنىڭ ئېغىر ئىكەن-
لىكىدىن خەۋەر تېپىپ فىلادېلفىيە شەھىرىدىن داۋالاش ئەترىتى-
نى ئەۋەتتى. ئۇلار ۋاشىڭگتوننىڭ پوتوماك دەريا ساھىلىغا جاي-
لاشقان قورۇقىغا يېتىپ كېلىپ بىھوش ھالەتتە ياتقان ۋا-
شىڭگتوننى جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى.
12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال، بىر سوتكا
بىھوش ياتقان ۋاشىڭگتون ئاخىر كۆزىنى ئاچتى، ئۇ ئۆزىنىڭ پات
ئارىدا دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ۋاشىڭگتون ئايالى
مارتانى يېنىغا چاقىرىپ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ مارتا-
غا ئاخىرەتلىك ئىشلارنى تاپشۇردى:
— ناۋادا مەن كېتىپ قالسام، مېنىڭ ئورنۇمدا بىر ئىشنى
ئوبدان بىر ياقلىق قىلىڭ، ئۇ بولسىمۇ ۋېرنون قورۇقىدىكى
قۇللارنىڭ ھەممىسىنى دەرھال قويۇۋېتىش...
مارتا ئەسلىدە ۋاشىڭگتوننى كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قوي-
غان قۇللارغا نارازى بولۇپ تۇراتتى، ئۇ ۋاشىڭگتوننىڭ قۇللارنى
قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى ئاڭلاپ، ھېچنېمىنى چۈ-
شىنەلمىدى.

— قۇللارنى قويۇۋەتسەك، كېلەر يىلى سىزنىڭ بوز يەر ئېچىش توغرىسىدىكى پىلانلىرىڭىزنى كىم روياپقا چىقىرىدۇ؟

— بوز يەر ئېچىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىسا مەيلى، — دېدى ۋاشىنگتون، — سىز مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىڭ، قۇللارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىڭ. چۈنكى بۇ قۇللار شۇنچە يىللاردىن بۇيان ۋېرنون قورۇقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىزگە قەرزدار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى بۇ قەرزنى ئۆزۈن يىللىق قان - تەرى ئارقىلىق ئۈزۈپ بولدى. ئۇلارنى يەنە قويۇپ بەرمىسەك، ئۇلار ئىسيان كۆتۈرىدۇ! ئاشلىق ئوغرىلاپ قاچىدىغان ئىشلارمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا نەسىھىتىم شۇكى... ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن قويۇۋېتىڭ ...

مارتا بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى!

— دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن! جورجى، خاتىرجەم بولۇڭ! ...

ۋاشىنگتون مارتانىڭ ماقۇل بولغانلىقىدىن قانائەتلىنىپ كۆلۈمسىرىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۇخلاپ كەتتى.

ۋاشىنگتون 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاڭ سەھەر سائەت ئۆتتە ۋېرنون قورۇقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى! 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچقۇرۇن سوغۇق تېگىپ ئاغرىغاندىن تارتىپ 14 - كۈنى تاڭ ئاتقان پەيتتە ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت سەكراتتا ياتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇ ھوشىغا كەلگەن چاغدا، بېشىدا تۇرغان كاتىپى ۋېنستونغا قىسقا قىلىپ ئاغزاكى ۋەسىيەت قالدۇردى. ئۇ ۋەسىيىتىدە ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى (ۋېرنون قورۇقى ۋە بۇ قورۇققا تەۋە بىرنەچچە قورۇق بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانى) نى ئۇچكە بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مارتا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى (مارتانىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان ئوغۇللىرى) غا قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ يەنە كاتىپىغا ئۆلۈمىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى، جەسىتىنى ۋېرنون قورۇقىغا دەپنە قىلىشنى جېكىلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئامېرىكا پايتەختى فىلادېلفىيە شەھىرىدە ۋاشىنگتونغا دۆلەت بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئادامس قوشما شتاتلارغا قاراشلىق بارلىق شەھەرلەردە ۋاشىنگتوننىڭ دەپنە مۇراسىمى بولغان كۈنى بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئاساسلىق مەيدان، سورۇنلارغا ۋاشىنگتوننىڭ قارا رامكىغا ئېلىنغان سۈرىتىنى ئېسىش، پايتەخت فىلادېلفىيىدىكى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى تۆرۈشلۈق ئورۇندىكى مۇستەقىللىق زالى، پارلامېنت زالى ۋە كانتېر زالى قاتارلىق ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارغا قارا رەختتىن قارىلىق تارتىش بەلگىلەندى.

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ۋاشىنگتون ۋېرنون قورۇقىدا يەرلىككە قويۇلغان كۈنى لەپىلدەپ قار يېغىپ كەتتى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئادامس ۋە بارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى دۆڭگە يىغىلىپ پوتوماك دەرياسى بويىدىكى قورۇققا نەزەر سالغان ھالدا دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار سېلىنغان تاۋۇتقا تەزىم قىلىپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى.

زۇڭتۇڭ ئادامس تەزىيە نۇتقىدا ۋاشىنگتوننىڭ ھاياتىغا يۈكسەك باھا بەردى. ئادامسىنىڭ رەپىقىسى ئابىيېلمۇ دەپنە مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— ۋاشىنگتون ئەزەلدىن يەككىلىكتە كىلىك قىلمايتتى، ئۆزىنىڭ تالانتىغا ھەمىشە كەمتەر پوزىتسىيە تۇتاتتى… ئۇ ھوقۇققا، كەڭ تەسىرگە ئىگە ئىدى. لېكىن ھوقۇقنى ۋە تەسىرىنى پەقەت دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئىشلىتەتتى. تارىخ ئەمدى ئۇنىڭدەك تەگدىشى يوق زاتتىن يەنە بىرىنى يارىتالمايدۇ.

دەپنە مۇراسىمىدا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ۋاشىنگتون بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلغان گېنېرال خېنرى لېرمۇ نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ:

— ۋاشىنگتون ئۇرۇشتا بىرىنچى كىشى، تىنچلىقتا بىرىنچى

كىشى، ئامېرىكىلىق قېرىنداشلارنىڭ قەلبىدە بىرىنچى كىشى...، — دەپ كۆرسەتتى.

ۋاشىنگتوننىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى ھەرقايسى شتاتلارغا ناھايىتى قات-تىق زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار ۋا-شىنگتوننى ياد ئەتكەن پۇقرالار ھەر كۈنى تەرەپ - تەرەپتىن فىلادېلفىيىگە كېلىپ ۋاشىنگتون «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلغان مۇستەقىللىق زالى ئالدىغا قىپقىزىل گۈلدەستى-لەرنى قويۇشاتتى. مەيلى ئەرلەر، ياكى ئاياللار بولسۇن، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇرغۇچى-سىغا بولغان ھەقىقىي قايغۇسىنى بىلدۈرۈشتى. ئامېرىكا خەلقى ئارىسىدا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرى بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ھەركۈنى دېگۈدەك ھەرقايسى شتاتلاردىن كەلگەن پۇقرالار فىلادېلفىيە شەھىرىدىكى ياڭاق دەرىخى كوچىسى بىلەن كاشتان دەرىخى كوچىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مۇستە-قىللىق زالىغا ئۆزلىرى ياسىغان قەغەز گۈللەر بىلەن گۈل سې-ۋەتلىرىنى تەقدىم قىلىشاتتى.

ۋاشىنگتون كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىك توغ-رىسىدىكى شۇم خەۋەر پۇتكۈل ياۋروپانى لەرزىگە سېلىۋەتتى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پايتەختلىرىدە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مەشھۇر دۆلەت قۇرغۇچىسى ۋاشىنگتوننىڭ ۋاپاتىغا ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئەينى يىللاردىكى ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ۋاشىنگتون تەرىپى-دىن يېڭىلگەن ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلى-غاندىن كېيىن ھەربىي پاراخوتتا ھۆرمەت توپى ئېتىپ، بۇ ئۇلۇغ ئەربابقا تەزىيە بىلدۈردى!

## ئىككىنچى باب

# ھاياتنى ئىچ پۇشۇقى تارتىپ ۋە ئۆچمەنلىك ساقلاپ ئاخىرلاشتۇرغان

## — ئىككىنچى زۇڭتۇڭ جون ئادامس



جون ئادامس 1735 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ماسساچۇسېتس شتاتىغا قاراشلىق برايىنترىدا تۇغۇلغان؛ ئۇ ئەنگلىيە قان سىستېمىسىغا تەۋە.

1751 ـ يىلى خارۋارد ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن؛

1755 ـ يىلى خارۋارد ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ يۇرتى ۋۇستېردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولغان؛

1764 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئابىيېل بىلەن توي قىلغان؛

1771 ـ يىل بوستون ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئىستىپا سوراپ، ماسساچۇسېتسقا قايتىپ شەخسىي ئادۋوكات بولغان؛

1774 ـ يىل 8 ـ ئايدا ماسساچۇسېتس چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان؛

1776 ـ يىلى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان بەش ئەزانىڭ بىرى بولۇپ سايلانغان؛

1779 ـ يىلى يۇرتى براينترىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ماسسا۔
چۇسېتس شتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسى قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا قاتناشقان؛
1780 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ گوللاندىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە
تەيىنلەنگەن؛
1785 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىن۔
لەنگەن؛
1785 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان؛
1797 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى
زۇڭتۇڭى بولغان؛

## ئاقسارايىنىڭ تۇنجى خوجايىنى پەرىشان
## هالدا ئايرىلدى

1801 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەچقۇرۇن.
ئاخىرقى شەپەق نۇرلىرى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوننىڭ
مەركىزي رايونىغا جايلاشقان پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى
1600 ـ نومۇرلۇق — كېيىن كىشىلەر «ئاقساراي» دەپ ئاتىغان
پارادئو ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قۇرۇلۇشقا چۈشكەن مەھەلدە، ئا۔
مېرىكىنىڭ ئىككىنچى زۇڭتۇڭى جون ئادامسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش
مۇددىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ چەكسىز ياخشى كۆرىد۔
دىغان، ئۆزىدىن يىگىرمە ياش كىچىك چىرايلىق خوتۇنى ئابىيېل
بىلەن بىللە كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى غۇۋا يورۇتۇپ
تۇرغان، ئېلىلىپس شەكىللىك ئىشخانىنىڭ ئالدىدىكى دەھلىزنى
كېسىپ ئۆتۈپ ئۆزىگە تونۇش بولغان ئىشخانىلار بىلەن ئاخىرقى
قېتىم بىر ـ بىرلەپ خوشلاشماقتا ئىدى.
— جون، چوقۇم كېتىپ قالىمىزمۇ؟ — ياشلىقىدىكى كې۔
لىشكەن قەددى ـ قامىتىنى يوقاتمىغان نازۇ كەرەشمىلىك ئابىيېل
چېكە چاچلىرى ئامام ئاقىرىپ كەتكەن، يەتمىش ياشقا كىرىپ

مۇكچىيىپ قالغان ئېرى ئادامسقا قاراپ شۇنداق دېدى، ئۇنى ۋاشىنگتون ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەن يىللىرى ئاتاقلىق مىمار جامېس ھورىبېن ئۆزى مەسئۇل بولۇپ لايىھىلىگەن، 1792 - يىلىدىن تارتىپ سېلىنىشقا باشلىغان ئاقسارايدىن مۇشۇنداق ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كەتكۈسى كەلمەيتتى.

— توغرا، چوقۇم چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇگۈن كەچتە جەزمەن كۆچۈپ چىقىپ كېتىمىز! — مۇكچىيىپ قالغان ئادامسنىڭ خان سارىيىدەك بۇ كاتتا بىنادا بۇيرۇقۋازلىق قىلغان چاغلىرىدىكى مەغرۇر تۇرقى ئاللىقاچان قالمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى بەكلا تۆۋەن ئىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش ئارزۇسىنى ئۇزۇن يىللىق رەقىبى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جېففېرسون سايلامدا كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ بەربات قىلىۋەتكەنلىكىدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى!

ئادامس ناھايىتى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى. ئۇ سابىق زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون ۋاپات بولۇپ كۆپ ئۆتمەي ئاقسارايدىكى كۇنلىرىنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جېففېرسوننىڭ ئۇنىڭ بىلەن توشمۇ تۇش قارشىلىشىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى، جېففېرسون فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن فېدېراتسىيە پارتىيىسىدىن كېلىپ چىققان ئادامس بىلەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۇت تېپىشىپ كەلدى، نەتىجىدە ئاقسارايىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش چوڭ ھوقۇقىنى تۇتقان ئادامس 1800 - يىلىدىكى پۇتۇن مەملىكەتلىك چوڭ سايلامدا ئۆكتىچى پارتىيىنىڭ كاتتىۋېشى جېففېرسوننى مەغلۇپ قىلالمىدى، ھازىر بۇ ئەھۋالغا ئاقسارايدىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان زۇڭتۇڭ ئادامس تاقەت قىلىپ تۇرالمايۋاتاتتى.

— جون، بىز نېمىشقا بۇگۈن كەچتىلا ئاقسارايدىن چوقۇم

چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك، — دېدى ئابېيل خانىم سايلام رىقابە-تىدە يېڭىلىپ بىردىنلا قېرىپ، چۆشكۈنلىشىپ كەتكەن ئادامس-نى يۆلەپ كېتىۋېتىپ، ئۇ دۆلەت زىياپىتى زالىدىن چىقىپ يېشىل ۋە قىزىل زالنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئادامسنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ قارارىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلى-دى. ئۇ:

— ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇزدا جېففېرسوننىڭ قەسەم بې-رىپ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. سىز سابىق زۇڭتۇڭ بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشمىسىڭىز، پۈتكۈل جەم-ئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايسىز. چۈنكى تۆت يىلنىڭ ئالدىدا فىلادېلفىيە شەھىرىدىكى مۇستەقىللىق زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن قە-سەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا، ۋەزىپىسىدىن ئاي-رىلىش ئالدىدا تۇرغان زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون مۇراسىمغا باشتىن - ئاياغ قاتنىشىپ ئاندىن فىلادېلفىيە شەھىرىدىن كەتكەن ئەمەسمىدى؟

— ياق، مەن زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتونغا ئوخشاشمايمەن، جېف-فېرسوننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ھەرگىز قات-ناشمايمەن! — ئادامس ئەتە ئەتىگەندە ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان قەسەم بېرىش مۇراسىمىنى ئويلاپ قەل-بى قايغۇ - ھەسرەتكە تولدى. ئادامس شۇنىڭغا ھەسرەتلىنەتتى-كى، ئۇ ئۆزى نازارەت قىلىپ سالدۇرغان ئاقسارايدا يېرىم يىل تۇرا - تۇرمايلا كېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جېففېرسون ئۇنىڭ بىلەن توختىماي قارشىلىشىپ كېلى-ۋاتاتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئادامس قوبۇل قىلالمايدى-غان رېئاللىق ئىدى. ئادامس ئاقسارايىنى سېلىشنىڭ قانچىلىك تەسكە چۈشكەنلىكىنى بىلەتتى. ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قورغۇچىسى، ئۆزى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن

فىلادېلفىيە شەھىرىدە دۆلەت قۇرغان چاغدا، پايتەختنىڭ ئورنىنى بېكىتىش مەسىلىسىدە خىلمۇخىل تالاش - تارتىشلار بولدى. بەزىلەر نيۇيوركنى، بەزىلەر چىكاگو ياكى سان فرانسىسكونى پاختەخت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئاخىرى ئادامس ۋاشىنگ- تونغا پايتەختنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى، ۋاشىنگتون ئادامسنىڭ تەشەببۇسىنى ماختىدى ھەم قوللىدى ۋە مارىلاند شتاتى بىلەن ۋىرگىنىيە شتا- تىنىڭ مەركىزىدىن بىر پارچە تۈز يەر تېپىپ، يېڭى شەھەر قۇرۇشنى قارار قىلدى، پوتوماك دەرياسىنىڭ بويىغا قۇرۇلىدى- غان بۇ شەھەر ۋاشىنگتون ۋاپات بولغاندىن كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، ئادامس بۇ يېڭى شەھەرگە: «ۋاشىنگتون» دەپ نام بەردى.

كەلگۈسىدىكى زۇڭتۇڭلارنىڭ مەھكىمىسى ۋاشىنگتون ھا- يات ۋاقتىدىلا بېكىتىلىپ بولۇنغانىدى، ۋاشىنگتون قۇرۇلماقچى بولغان پايتەخت مەركىزىگە ئاددىي، ئەپچىل ۋە پۇتكۈل ئامېرىكى- نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلغىلى بو- لىدىغان بىر خىزمەت بىناسى سېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، بۇ ئاق بىنا ۋاشىنگتون ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن سېلىنىشقا باشلىدى، شۇ چاغدا، ئادامسنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىششىغا يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت قالغانىدى. ئاق- ساراي پۈتۈپ يېڭىلا قولدىن چىققان، ئىچىنىڭ زىننەتلەش ئىش- لىرى تېخى تاماملانمىغان، دۆلەت زىيابەت زالىغا جاھازلار سەپ- لەنمىگەن ئەھۋالدا، ئادامس تاقەت قىلالماي پايتەختنى فىلادېلفى- يە شەھىرىدىن ۋاشىنگتونغا كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئاقسارايغا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن زۇڭتۇڭ ۋە بىرىنچى خانىم ئىدى. ئادامس يۇمىلاق ئۈستەل قويۇلغان ئىشخا- نىدىكى ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولغان ئورۇنداقتا ئولتۇرا - ئول- تۇرمايلا، بۇ ئورۇننى سىياسىي رەقىبى جېففېرسونغا تارتتۇرۇپ

قويدى. بۇ ئادامسقا قاتتىق ئار كەلدى!

— خانىم، مەن ئەتىكى ۋەزىپىگە ئۇلتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشالمايمەن، چۈنكى ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان جېففېرسون ھەقىقەتەن بەك يىرگىنچلىك ئادەم! ئارىمىزدا ناھايىتى چوڭقۇر ئۆچ ـ ئاداۋەت بار، بۈگۈن كەچ بۇ يەردىن چىقىپ كەتمىسەم، ئەتە ئۇ مېنى تېرىكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ! — ئادامس ئۇستۇندىكى ۋە ئاستىنقى قەۋەتلەرنى ئارىلاپ، ئاستىنقى قەۋەتتىكى ھەشەمەتلىك زالدىن چىققاندا، باھار كېچىسىنىڭ پەردىسى تارتىلغاندى، ئاقساراي يېنىدىكى بىر توپ كاشتان دەرىخى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا غۇۋا كۆرۈنەتتى، ئالدى تەرەپكە جايلاشقان پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى چىراغلار گىرىمسەن يېنىپ تۇراتتى. ئاقسارايىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان بىرنەچچە پەيتۇنغا خىزمەتچى خادىملار ئادامسنىڭ شەخسىي مۈلۈكلىرىنى بېسىۋاتاتتى.

— خانىم، ماڭايلى ئەمدى! — ئابىيل خانىمنىڭ تۈن قوينىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن ئاقسارايدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادامس ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئەينەكلىك پەيتۇنغا چىقاردى، ئارقىدىن ئۆزىمۇ چىقتى، كۆپ ئۆتمەي ئەينەكلىك پەيتۇن ئاقسارايىنىڭ ئالدىدىكى پېنسىلۋانىيە كوچىسىدا ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولدى.

## جېففېرسوننىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى كۆردى

زوڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ ماساچۇسېتستىكى برايىنترىغا قايتىپ كەلگەن ئادامس كۈنلىرىنى بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزۈپ كۈنسايىن قېرىپ كېتىۋاتاتتى.

دۆڭنىڭ باغرىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ ئۆينى ئادامسنىڭ دادىسى موزدوزلۇق قىلىپ يورگەن چاغلىرىدا سالغانىدى،

ئادامس بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتچىلىقتا ئۆتتى، دادىسى بولسا تولىمۇ تەق-ۋادار ئادەم ئىدى. ئۇ يەر شارائىتىغا پىششىق بىر پوپنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆي سالدىغان يەرنى كۆرسەتتى. پوپ:

— ئۆينىڭ ئالدىدا ئېقىن بولسا، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ئوغلىڭىز كېيىنكى كۈنلەردە سىزنى بىسىپ چۈشۈپ ئاقسۆڭەك بولىدۇ، — دېدى، ئادامس دەرۋەقە پوپنىڭ دېگىنىدەك ئاقسۆڭەك بولدى. مانا ئەمدى تەختتىن چۈشۈپ سەلتەنەتلىك ئاقسارايدىن ئايرىلىپ، موزدۇز دادىسىدىن قالغان ۋەيرانە تۇرالغۇغا قايتىپ كەلدى، ئۇ ھەركۈنى دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تۇرالغۇدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئېقىنغا قارايتتى، ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ بىكار-چىلىقتا قالغان ئادامس بارلىق ئۆچ - ئاداۋىتىنى سابىق مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جېففېرسونغا مەركەزلەشتۇرەتتى. ئۇ كۆپ ئاۋازغا ئېرىد-شىپ ئۆزىنى بىسىپ چۈشكەن جېففىرسونغا بەكلا ئۆچ ئىدى.

ھازىرقى زۇڭتۇڭ جېففېرسون ئادامس ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان ئادەمگە ئايلانغانىدى، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەتىگەندە خوتۇنى ئابىيىلغا جېففېرسوننى بىر - ئىككى ئېغىز تىللاپ بېرىپ ئىچىنى بوشىتاتتى. ئادامس بىلەن جېففېرسوننىڭ ئارىسىدىكى ئۆچ - ئاداۋەتكە ئۇزۇن بولغانىدى. ئادامس ۋاشىنگتونغا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا، جېففېر-سون فېدېراتسىيە پارتىيىسىگە قارشى پارتىيە — دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ داھىيسى ئىدى، ئۇ ھەممە يەردە ئادامس بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇراتتى. 1796 - يىلى ۋا-شىنگتون ئۈچىنچى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمى رىقابىتىدىن چې-كىنىپ چىققاندىن كېيىن ئادامس بىلەن جېففېرسون ئايرىم - ئايرىم ھالدا فېدېراتسىيە پارتىيىسى ۋە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت-چىلەر پارتىيىسىگە ۋەكىل بولۇپ يېڭى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلى-مىدا بىر - بىرىگە رەقىب بولدى، ئەسلىدە، ئادامس ۋاشىنگتونغا

توپتوغرا سەككىز يىل مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغاچقا، كۆپ ئىمتى-
يازغا ئىگە ئىدى، لېكىن جېففېرسون كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈۋات-
قان ئىناۋىتى، ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى
بىلەن ئاتمىش سەككىز ئاۋازغا، ئادامس ھوقۇق تۇتۇشتەك ئۇس-
تۇنلۇكى بىلەن يەتمىش بىر ئاۋازغا ئېرىشتى، شۇنداق قىلىپ،
ئۇ نائىلاج ئۆزى دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان، مانا ئەمدى مۇئاۋىن
زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغان جېففېرسون بىلەن بىللە فىلادېلفىيە
شەھىرىدىكى مۇستەقىللىق زالىدا قەسەم بەردى.
«جېففېرسون تىلى باشقا، دىلى باشقا سۇيىقەستچى، مەن
بىر كۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزسەممۇ، ھەقىقىي ھوقۇقنى ئۇنىڭغا
تاپشۇرمايمەن!» ئادامس جېففېرسون بىلەن تۆت يىل ئورتاق
ھوقۇق يۈرگۈزۈش داۋامىدا، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جېففېرسوندىن
ئېھتىيات قىلىپ كەلدى. ئۇنى ھەمىشە كەينىدىن تىللايتتى،
جېففېرسونمۇ دېگىنى ئارمىيىنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى كۆپەيتىش
قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەردە ئادامس بىلەن ئاشكارا قارشىلاشتى.
بولۇپمۇ 1798 ـ يىلى ئادامس ئېلان قىلىشنى قارار قىلغان
«چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى» ، «ئۆزلەشتۈرۈش
قانۇنى» ، «دۈشمەن ئەللەر پۇقرالىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە
«توپىلاڭنى تىنچىتىش قانۇنى»نى يولغا قويغاندا، جېففېرسون
كۆرۈنۈشتە قوللىغان بىلەن، ئاستىرتىن قارشى مۇقام تۇتۇلىدى.
بۇ ئەھۋال ئادامس بىلەن جېففېرسون ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى
بارغانسېرى كۈچەيتىۋەتتى. بولۇپمۇ ئادامسنى مەڭگۈ تاقەت قى-
لىپ تۇرالماس قىلىپ قويغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يەنىلا
جېففېرسوننىڭ ئۇنى مۇشۇ قېتىم ئاقسارايدىن چىقىپ كېتىشكە
مەجبۇرلىغانلىقى ئىدى. ئادامس 1800 ـ يىلىدىكى پۈتۈن ئامېر-
ىكا بويىچە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ سايلامنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالال-
مايتتى، ئۇ ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بىراق جېففېرسون ھەرقايسى جاي-

لاردىكى سايلام رىقابىتىدە ئادامسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە يولغا قويغان تۇرلۇك سىياسەتلىرىگە تەپ تارتماس-تىن ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى دىپلوماتىيە جەھەتتە كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولدى دەپ ئەيىبلىدى، شۇڭا جېففېرسون ئاخىر ئادامسنى كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن يەڭدى، شۇنداق قىلىپ ئا-دامس ۋە ئابىيىل كۆچۈپ كىرگىنىگە ئەمدىلا يېرىم يىل بولغان ئاقسارايغا ئۆزى كۆچۈپ كىردى.

«تىنىقىملا بولىدىكەن، بىر ئامال قىلىپ جېففېرسوننى تەختتىن غۇلىتىمەن!» ئادامس كونىستىكى «كونا تۇرالغۇسى»غا قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئاقسارايغا كۆچۈپ كىرگەن سىياسىي رەقىبى جېففېرسوننىڭ ھامان بىر كۇنى تەختتىن چۈ-شۈشىنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلاتتى، ھەر كۇنى مۇشۇ توغرۇلۇق قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، ئۇ جېففېرسونغا بولغان ئۆچ-مەنلىكىنى ئاساسەن گېزىتلەرگە ماقالە يېزىش بىلەن ئىپادىلەيت-تى. ئۇ يېڭى ھاكىمىيەتكە تەختتىن چۈشكەن زوڭتۇڭ بولۇشتەك ئالاھىدە سالاھىيىتى ھەمدە ئاچچىق قەلىمى بىلەن ھۇجۇم قىلات-تى. ئادامسىنىڭ ئامېرىكىدىكى ھەرخىل گېزىتلەردە ماقالە ئېلان قىلىپ ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى سۆكۈشتىكى مەقسىتى، جېففېر-سوندىن ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېلەر نۆ-ۋەتلىك زوڭتۇڭ سايلىمىدا جېففېرسوننىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاش ئىدى.

ھالبۇكى، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭغا ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان خەۋەرلەر كېلەتتى.

جېففېرسون قالتىس ياخشى ئىشلىگەنىدى. ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتى كۈنسېرى ئۆسۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاقسا-رايغا كىرگەندىن كېيىن ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى ئېقىن بويىغا جايلاشقان كەنتتىكى سابىق زوڭتۇڭ ئادامسىنىڭ تىللاشلىرىغا، ئەيىبلەشلىرىگە پىسەنت قىلماي، دۆلەتنى تۈزەشكە دائىر بىر

يۈرۈش يېڭى تەدبىرلەرنى دادىل يولغا قويدى، مەسىلەن، ھەربىي خىراجەتنى قىسقارتتى، باجنى ئازايتتى. دۆلەت قەرزى ۋە خۇش چىراي دىپلوماتىيىنى توسۇدى. جېففىرسون يولغا قويغان سىيا- سەتلەرنى كونىستتا تۇرۇۋاتقان ئادامس ئوغىسى قايناپ ھەر كۈنى تىللايتتى، بىراق تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان جېففېرسون كۆپ سانلىق پۇقرالارنىڭ بىلەت تاشلىشىغا ئېرىشىپ يەنە ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

«مەن بولدى قىلمايمەن، جېففېرسون ئاقسارايدا بىر كۈن بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈن كۈرەش قىلىمەن!» قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئادامس گەرچە ئابىيېل خانىمنىڭ يۆلىشى بىلەن ئېقىن بويلىرىنى ئايلىنالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، 1809 ـ يىلى ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان جېففېرسوننىڭ سايلام رىقابىتىدىكى ئەھۋالىغا ھەرۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ يۈردى. جېففېرسوننى سايلام رىقابىتىدە تەختتىن چۈشۈ- رۈش ئۈچۈن ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى توپا بېسىپ ياتقان قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، ۋاشىنگتون ۋە نيۇيورك گېزىتلىرىگە ماقالە يې- زىپ جېففېرسوننىڭ پېيىنى قىرقىشقا كىرىشتى.

— جون، كۈتكەن كۈنىڭىز ئاخىر كەلدى، ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى گېزىتلەر مادىسون ئەپەندىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسى- نى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپتۇ! ئەمدىغۇ خۇ- شال بولغانسىز؟ — شۇ كۈنى ئابىيېل خانىم بىر پارچە «ۋا- شىنگتون پوچتا گېزىتى» نى كۆتۈرۈپ خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي ئۆيگە كىردى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جېففېرسون ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە كۆڭلىرىنى پەرىشانلىقتا ئۆتكۈزگەن ئا- دامسنىڭ خۇنى قاچقان كۆزلىرى قايتىدىن نۇرلاندى. ئۇ باشتا كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەردىن داڭقېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، كېيىن گېزىتتىن مادىسوننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، ئاندىن چىنپۈتۈپ ھاياجىنىنى باسالماي خوتۇنىدىن:

— بۇ گەپچە، جېففېرسون راستىنلا تەختتىن چۈش-
تىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راست، ئۇ تەختتىن چۈشتى! — دېدى خوتۇنى.

— پەرۋەردىگار، مەن بۇ كۈننى زارىقىپ كۈتكەن-
ىدىم! — دېدى ئادامس خۇشاللىقىدا بېشى كۆككە يەتكەندەك بو-
لۇپ. ئۇ ئەشەددىي رەقىبى جېففېرسون ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە
ئۆتەش مۇددىتى توشۇش ئالدىدا ۋاشىنگتوندىن قالغان ئۇدا زۇڭ-
تۇڭ بولۇش ئادىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئامال بار داۋاملىق ۋەزىپە
ئۆتەش ۋەزىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىن قايغۇرغانىدى. ئەمدى-
لىكتە جېففىرسوننىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىنى مادىسون ئىگىلىدى،
شۇ تاپتا ئادامسىنىڭ كۆڭلى «پاللىدە» يورۇپ كەتتى! شۇ كۈنى
كەچتە ئۇ خوتۇنى بىلەن «كونا كۆلبە» سىدە جېففېرسوننىڭ
تەختتىن چۈشكەنلىكىنى تەبرىكلەپ هاراق زىياپىتى ئۆتكۈزدى.
ئۇن كۈنلىكنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك، ئادەتتىكى چاغلاردا
ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئادەتلەنگەن ئادامس ئاخشىمى خۇشاللى-
قىدا كۆپرەك ئىچىپ قويغانلىقىدىن ئەتىسى ئورنىدىن تۇرالمى-
دى. ئەسلىدە ئۇ يېنىك سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغا-
نىدى، قورقۇپ كەتكەن ئابىيىل خانىم قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ
دەرهال برايىنترىدىكى دوختۇرخانىدىن دوختۇر چاقىرتىپ كەلدى.
كېسەلدىن كېيىن ئادامس قىينىلىپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.
ئادامسىنىڭ قېشىدىن كەتمەي ئولتۇرىدىغان ئابىيىل خانىم ئادامس-
نىڭ خۇشال بولۇپ قالغان چاغلىرىدا: «مەن ئاخىر جېففېرسون-
نىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى كۆردۇم!...» دېگىنىنى ئاڭلاپ
قالاتتى.

# خۇش خەۋەرنى تۇيۇقسىز ئاڭلاپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى

ئادامس ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ، ئاقسارايدىن كۆچۈپ چىقىپ، كۆڭلىرى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغلاردا ئەشەددىي رەقىبى جېففېرسونغا لەنەت ياغدۇرغاندىن باشقا، ئۇمىدىنى باشقا بىر ئىشقا باغلىغانىدى، بۇ ئۇمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىكى ئىش ئىدى، ئۇ بولسىمۇ چوڭ ئوغلى جون كۋىنس ئادامسنى ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا كىرگۈزۈش ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ ھاراقنى كۆپ ئىچىپ قويۇپ سەكتە بولۇپ قېلىپ، ماسساچۇسېتستىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالمايدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

1764 ـ يىلى ئادامس پوتسىدامدا ئادۋوكات بولۇپ يۈرۈپ، قەددى ـ قامىتى ئاجايىپ كېلىشكەن ئابىيېل خېنىم بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل ۋە ئىككى قىز پەرزەنت كۆردى. چوڭ ئوغلى جون كۋىنس ئادامسنى ئادۋوكاتلىقتىن كېلىپ چىققان بۇ قېرى زۇڭتۇڭ بەكلا ياخشى كۆردى. كۋىنس ئادامس تۇغما زېرەك بولغاچقا، دادىسى خېلى بۇرۇن، يەنى ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولغان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئوغلىنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ھەم دىپلوماتىيە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى يېشىشىق ئۆگىنىشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى، كىچىك ئادامس دادىسى بىلەن فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چېچەنلىكى، بالدۇر يېتىلگەنلىكى ھەم چوڭ ئادامسنىڭ يېتەكلىشى، تەربىيىسى ئارقىسىدا ئون تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ئامېرىكىنىڭ روسىيىدە تۇرىدىغان فرانس ئىسمىلىك ئەلچىسى بىلەن روسىيىگە بېرىپ كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئادامس كىچىك ئادامسنى بىلىمنى تاكامۇل-
لاشتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بەر-
دى. ئوغلى ئوقۇشنى تاماملاپ دادىسىدەك بىر نەچچە يىل ئادۋو-
كاتلىق قىلدى.

«كۆنىس، ناۋادا تالانتلىق كىشى بولىمەن دېسەڭ، يەنىلا
سىياسىي بىلەن مەشغۇل بولىدىغان يولنى تاللا!» دەيتتى چوڭ
ئادامس.

1794 ـ يىلى ۋاشىنگتون چوڭ ئادامسنىڭ كۆرسىتىشى
بىلەن كىچىك ئادامسنى فىلادېلفىيە شەھىرىدىكى مۇستەقىللىق
زالىدا قوبۇل قىلدى. كىچىك ئادامسنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە
پەزىلىتىگە ۋاشىنگتونمۇ ئاپىرىن ئوقۇدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي
ۋاشىنگتون كىچىك ئادامسنى ئامېرىكىنىڭ گوللاندىيە پادىشاھلى-
قىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا
يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەنىدى.

كىچىك ئادامس چوڭ ئادامسنىڭ ھىمايىسىدە ئامېرىكىنىڭ
دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىنىپ، خۇددى بىلىق سۇغا ئې-
رىشكەندەك ھېسسىياتقا چۆمدى. ئۇ ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ گوللان-
دىيىدە، ئاندىن كېيىن پورتۇگالىيە ۋە پروسسىيىدە تۇرۇشلۇق
ئەلچىسى بولدى. كىچىك ئادامسنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى
تالانتىنى ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكىلەر ئورتاق ئېتىراپ
قىلدى. كىچىك ئادامس دىپلوماتىيە ساھەسىدە تېز ئۆسۈۋاتقان
مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا دادىسى چوڭ ئادامس زۇكتۇڭ سايلىمىدا
ئۇزۇن يىللىق رەقىبى جېففېرسون تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى.
چوڭ ئادامس ماسساچۇسېتس شتاتى كۆنىس كەنتىگە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن جېففېرسون ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش
يىغىنلىرىدا كىچىك ئادامسنىڭ ياۋروپادا ئەلچى بولۇپ تۇرغان
مەزگىلىدە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى كۆپ قېتىم ئەيىبلىدى.

«كۆنىس، سەن ئەمدى دىپلومات بولما! كونا كەسپىڭنى

قايتىدىن باشلاپ بوستونغا بېرىپ ئادوكاتلىق قىلغىنىنىڭ توغرىلىقى، چۈنكى جېففېرسون دېگەن بۇ ئەبلەخ تەختكە چىقتى، سېنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىڭ بولمايدۇ!» چوڭ ئادامس پروسىيىدە ئەل-چى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلىغا مۇشۇ مەزمۇندا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى ئېقىن بويىغا سېلىنغان ھېلىقى ياغاچ بىناسىغا چاقىرىپ ئەكېلىۋالدى، ئۇ جىددىي قىياپەتتە كۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئوغلىغا دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىقىدىن قەتئىي ئىستېپا بېرىش توغرىلىق نەسىھەت قىلدى.

كىچىك ئادامس دادىسىنىڭ سۆزىنى يىرالمايتتى، ئۇ بوس-توندىكى ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ مەخسۇس دەۋا ئىشلىرىنى سورىدى. چوڭ ئادامسنىڭ ئەشەددىي رەقىبى جېففېر-سون ئاخىر تەختتىن موللاق ئاتتى، كىچىك ئادامس ئامېرىكىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەندى. كېسەل بولۇپ يۇرتىدىكى چاقىرغىنىنە ياغاچ بىناسىدا تۇرۇۋاتقان چوڭ ئادامس بۇ ئىشتىن قاتتىق خۇرسەن بولدى. 1817 ـ يىلى زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە مونرو چىقتى، ياۋروپادا ئۇزۇن مۇددەت دىپلومات بولغان كىچىك ئادامس مونرونىڭ ئەتىۋارلىشىغا نائىل بولدى، ئۇ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. چوڭ ئادامسنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن كىچىك ئادامس دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان سەككىز يىل داۋامىدا ئاجايىپ نەتىجىلەر-نى ياراتتى.

1824 ـ يىلى، چوڭ ئادامس ۋاپات بولۇشتىن ئىككى يىل ئاۋۋال كىچىك ئادامس سىياسىي ھاياتىدا ناھايىتى ئېغىر تاللاشقا دۇچ كەلدى، بۇ يېڭى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنى-شىش ـ قاتناشماسلىق مەسىلىسى ئىدى.

— كۆنىس، سەن سايلام رىقابىتىگە قاتناش، چوقۇم قاتناش-قىن! — سەكتە كېسىلى بىلەن قىينىلىپ ئاجىزلاپ كەتكەن چوڭ ئادامس ئۆزىنىڭ چاقىرغىنىنە ياغاچ بىناسىدا چوڭ ئوغلى كۆنىس

ئادامسقا مۇشۇنداق دەپ جېكىلىدى. كېيىنلى ئېغىرلىشىپ كېتىد-
ۋاتقان سەكسەن توققۇز ياشلىق بۇ بوۋاي ئامېرىكىنىڭ سىياسىي
سەھنىسىدە باش كۆتۈرگەن كىچىك ئادامسنى ئۆزىنىڭ سىياسىي
ھاياتىنىڭ داۋامى دەپ ھېسابلايتتى. ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ جېف-
فېرسوندىن يېڭىلىپ سىياسىي سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىپ شۇنچە
يىلدىن بېرى سەھرادا تۇرۇپ گېزىتلەرگە ماقالە يېزىپ ھاكىمد-
يەت يۈرگۈزۈۋاتقان زوڭتۇڭ جېففېرسونغا جېنىنىڭ بارىچە ھۇ-
جۇم قىلىپ ئۇنىڭ تەختتىن بالدۇرراق چۈشۈپ كېتىشىنى تېز-
لىتىشتىكى مەقسىتى: چوڭ ئوغلى ئادامسنىڭ ئامېرىكىنىڭ سى-
ياسىي سەھنىسىدە باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ئىدى. چوڭ ئادامس
ئۆزىنىڭ پات ئارىدا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەت-
تى، لېكىن ئۇ ئوغلىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سىياسىي
سەھنىسىگە چىقىشىنى— ئاقسارايغا كىرىپ ئۆزىنىڭ قىلىپ بو-
لالمىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ
قىلاتتى.

— كېلەر نۆۋەتلىك زوڭتۇڭ سايلىمىغا ئەلۋەتتە قاتناشقۇم
بار، لېكىن ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان رەقىبلەر بەك تولا، ئۇلارنىڭ
ھەربىرى تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئەمەلىي كۈچكە ئىگە، —
دېدى كىچىك ئادامس ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان دادىسىنىڭ
ئالدىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن. دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان
كۋىنس ئادامس تەلەپچان دادىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىق-
مايتتى، ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلمايتتى.

— دادا، ھازىر ئامېرىكىدا بىرلا سىياسىي پارتىيە —
فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيىلا قالدى، بۇ پارتىيىنىڭ ئىچىدە
گۇرۇھلار بار. نۆۋەتتىكى زوڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە تۆت خىل
كۈچ قاتنىشىدۇ، جېكسون، كلاي، كرووۋفورد ۋە مەن. بۇنداق
سايلام رىقابىتىدە ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي ئاۋازنىڭ
يېرىمىدىن ئارتۇقىغا ئېرىشىشى، مېنىڭچە تەس! — كىچىك ئا-

دامسنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان چوڭ سايلامدا تەلەي سىناپ باققۇسى بولسىمۇ، ساناقلىق ئۆمرىنى كارىۋاتتا ئۆتكۈزۈۋاتقان دادىسىنى كۆرۈپ دەككە - دۈككە ئىچىدە دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەي قالدى.

— سەن... بىر - بىرلەپ يوقات! ئۇقتۇڭمۇ؟ بالام، بۇ سېنىڭ ھاياتىڭدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر قېتىملىق ئېلىشىش، قورقما! سەن ... ئەينى يىللاردا مەن جېففېرسوننى مەغلۇپ قىلىپ تەختكە چىققانغا ئوخشاش سەن بىلەن تەخت تالاشقان ئۇچەيلەننى يوقات... يادىڭدا بولسۇن، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانما! ...، — چوڭ ئادامس ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئوغلى كۈينسىنىڭ پات ئارىدا باشلىنىدىغان زوڭتۇڭ چوڭ سايلىمىغا بولغان ئىشەنچسىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خوتۇنىنىڭ ياردىمىدە كارىۋاتتىن كۆتۈرۈلمەكچى بولدى. چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان چوڭ ئادامس گويا ھاياتىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭگە دۈچ كەلگەندەك، تىترەپ تۇرغان قولىنى ئوغلىنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ، كېكەچلەپ تۇرۇپ ئوغلىغا كۆرسەتمە بەردى. ئۇ ھازىر شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ كۈينس ئادامسنىڭ رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىشىغا ياردەم بەرگۈسى كېلىۋاتاتتى.

— دادا، مەن چۈشەندىم! مەن چوقۇم سايلام رىقابىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىمەن! — كۈينس ئادامس دادىسىنىڭ ئارزۇسىنى ناھايىتى تېز لا چۈشەندى. ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەتتى، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان دادىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان زوڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تېزلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇردى.

كۆپ ئۆتمەي سايلام نەتىجىسى چىقتى. تۆت زوڭتۇڭ نامزاتى ئادامس ئويلىغاندەك بولۇپ چىقتى، تۆتىلىسى كۈچ جەھەتتە تەڭ چىققاچقا، بېرىلگەن ئاۋازدا كۆپ پەرق يوق ئىدى. لېكىن

ئادامس سەكسەن تۆت ئاۋاز بىلەن تۆت نامزاتنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ زوڭتۇلۇق سايلىمى رىقابىتىدىكى كۆچ سىنىشىشتا يەنىلا ناھايىتى چوڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىدى. جېكسون، كلاي، كرووفورد قاتارلىق ئۈچ نامزاتقا بېرىلگەن ئاۋاز كۆينىس ئادامسقا بېرىلگەن ئاۋازدىن تولىمۇ ئاز ئىدى. ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى «ئاساسىي قانۇنى» غا ئاساسەن ئالدىنقى ئۈچىدىن بىرىنى تاللاش قارار قىلىندى، تاللاش ھوقۇقى ئاۋام پالاتاسىدا ئىدى.

ئاۋام پالاتا كۆينىس ئادامس، جېكسون ۋە كرووفورد ئۈچىنى ئاخىرقى قېتىم ئاۋازغا قويۇشتىن ئاۋۋال كۆينىس ئادامس ئۆزىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان جېكسوننى سېتىۋېلىشنى پىلانلىدى.

— ئىككىمىز ھەمكارلاشساق كرووفوردنى يېڭىپ تاشلايمىز، سىزگە سايلامدا چۈشكەن ئاۋازنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئۇنىسىڭىز، مەن زوڭتۇلۇق بولغاندىن كېيىن سىزنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى قىلىپ تەيىنلەيمەن!

كۆينىس ئادامس ئاۋام پالاتاسىدا ئاۋازغا قويۇلغان چاغدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ھەممىنى بىر يولىلا دوغا تىككەنىدى. كۆينىس ئادامس كىشىلەرنىڭ دىققىتى چۈشمەيدىغان كىچىك قاۋاقخانىدىكى غۇۋا چىراغ يورۇقى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، سايلامدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن جېكسونغا ئاغزاكى ۋەدە بەردى. كۆينىس ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى سىياسىي سەھنىسىنى قولىغا كىرگۈزۈش ھەم براينترى كەنتىدىكى مۇرادىغا يېتەلمىگەن دادىسىغا شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ قېرى ئادامسنىڭ ئۆزىگە قىلغان گەپلىرىنى ھەرۋاقىت يادىدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

«بالام، سەن تۇرلۇك چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ بولسىمۇ ئاقسارايغا كىرگىن، ئۇ ئاق بىنانى مەن بىر قوللۇق سالدۇرغان، مەن ئاقسارايغا كىرىپ يېرىم يىل بولا - بولمايلا،

مېنى ئۇ يەردىن جېففېرسون قوغلاپ چىقاردى. شۇڭا مەن ئۆمە-
رۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئوغلۇمنىڭ ئاقسارايدىكى ھاكىمى-
يەت يۈرگۈزىدىغان تەختنى تارتىۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن!»

كۋىنس ئادامس كېسەل دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي،
جان تىكىپ ئىشلىشنى نىيىتىگە كەلگەندى.

— ماقۇل، سىز زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن مېنى دۆلەت
ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە قويۇشقا ۋەدە بەرسىڭىز، مەن
ئۆزۈم كونترول قىلىۋاتقان ئۈچ شتاتتىكى سايلىغۇچىلارغا سىز-
گە ئاۋاز بېرىشنى بۇيرۇيمەن! — پايدا - زىياننى مۆلچەرلەپ،
كۋىنس ئوتتۇرىغا قويغان چارىنى پايدىلىق دەپ ئويلىغان جېكسون
كۋىنس ئادامس بىلەن بىرلىشىپ، سايلام رىقابىتىدىكى ئورتاق
رەقىبى كرووۋفوردنى مەغلۇپ قىلىشقا رازى بولدى.

1825 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئامېرىكا ئاۋام
پالاتاسىدا ئېلىپ بېرىلغان سايلام نەتىجىسى كۋىنس ئادامسنىڭ
ئويلىغىنىدىكىدەك بولۇپ چىقتى، ئۇ كۆپ ئاۋاز بىلەن ئامېرىكى-
نىڭ ئالتىنچى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى.

بۇ خەۋەر ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى براينترى كەنتىگە تار-
قالغاندا، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان چوڭ ئادامس قەۋەت خۇرسەن
بولۇپ يىغلاپ تاشلىدى. چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بۇ ئادەم
ۋاشىنگتونغا بېرىپ ئوغلىنىڭ ئاقسارايغا كىرگەن چاغدىكى ھەي-
ۋەتلىك مۇراسىم ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسى-
مۇ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز شان - شەرەپ ھېس
قىلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن كۆزلىرىدىن تاراملاپ
ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئاۋازىنى چىڭ چىقىرىپ: «ك-
ۋىنس، يارايسەن، مەن ھايات ۋاقتىمدا سېنىڭ زۇڭتۇڭ بولغان-
لىقىڭ توغرىسىدىكى قۇتلۇق خەۋەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلى-
دىم! ئاقسارايىنى··· يەنە تارتىۋالدۇق! ھا، ھا، جېففېرسون

دېگەن ئەبلەخ كۆرۈپ قويسۇن، ئوغلۇم ئاقسارايدىكى ئېللىپىس شەكىللىك ئىشخانىغا كىردى! ھا! ھا!» دېدى.

ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك، ئوغلىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئالتىنچى زۇڭتۇڭى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئادامسنىڭ سەكتە كېسىلى بىردىنلا ئېغىرلاپ قالدى. ھەددىدىن تاشقىرى خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ مېڭە قان تومۇرى يېرىلغانىدى، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە خوتۇنى ئۇنى پەيتۇن بىلەن براينترىدىكى بىر چېركاۋ دوختۇرخانىسىغا ئەكەلدى. ئادامس دوختۇرخانىدا ساق يىگىرمە كۈن ئېسىنى بىلمەي ياتتى، شۇغىنىسى، دەل ۋاقتىدا جىددىي قۇتقۇزۇلغاچقا، سەكسەن توققۇز ياشلىق ئادامس يەنە بىر قېتىم ھوشىغا كەلدى.

## ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ۋەسىيەتتىن كىشىلەر ھاڭ - تاڭ قېلىشتى

ئادامس ئىككى ئايدىن كېيىن يۇرتىدىكى كەنتكە يەنە قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇ قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى قەۋەتلىك چاققانغىنە ياغاچ بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئېقىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى. بىنانىڭ ئالدى - كەينىدىكى شەمشاد دەرەخلىرىنى چۈمكىگەن قار كىشىگە «غۇچچىدە» ئېچىلىپ كەتكەن نەشپۈت چېچەكلىرىنى ئەسلىتەتتى.

ئادامس گەرچە ئەجەل ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يۈرۈش - تۇرۇشتا تېخىمۇ قىينىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئوغلى ئاقسارايغا كىرگەندىن بۇيان خىزمىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن، دادىسىنى كۆرگىلى پات - پات كېلەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ بىرىدىن ئادامسقا چاقلىق ھارۋا ئەۋەتتى.

ئادامس ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆزى ئىزچىل تۇردە سىياسىي رەقىب دەپ قاراپ كەلگەن ھەم تەختتىن چۈشۈپ كەت-

كەن جېففېرسون بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى، كۆڭلى ـ كۆكسى تار ۋە ئاداۋىتى قاتتىق ئادامس جېففېرسوننىڭ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ كەتكىنىگە بىرنەچچە يىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقسارايدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكۈسى كەلمەيتتى. لېكىن، جېففېرسون ئۆزىگە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقان ئادامسقا قىلچە ئاداۋەت تۇتماي ۋىرگىنىيىدىن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. بۇ ئادامس يېڭىلا سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان چاغ ئىدى. بۇ خەت تۇيۇقسىز ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئادامسنىڭ قولىغا تەگدى. بۇ خەتنى جېففېرسون ئىلگىرى بىللە ئىشلىگەنلىكىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھال سوراپ ئەۋەتكەنىدى، بۇ ئەسلىدە تامامەن ئورۇنلۇق ئىش ئىدى. ئەمما ئادامس خەتنىڭ رەقىبى جېففېرسوندىن كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشنى قەتئىي رەت قىلدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى بىلەن ئۇزۇن يىل دۈشمەنلىشىپ كەلگەن جېففېرسوننىڭ ئۇشتۇمتۇت سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان مۇشۇنداق بىر چاغدا خەت يېزىپ، سېسىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشىدىن ۋايىم يېگەنىدى.

جېففېرسون ئەۋەتكەن بۇ خەتنى ئادامس توپتوغرا ئۈچ يىل بېسىپ ياتتى.

ئادامسنىڭ كېسىلى بارا ـ بارا ياخشىلاندى، ئۇ ھاسىغا تايىنىپ ماڭالايدىغان بولدى، باھار كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. بۇ كۈن ئادامسنىڭ كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، ئۇ جېففېرسون ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ۋىرگىنىيىدىن ئەۋەتكەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ مۇشۇ خەت ئۈچۈن ئۈچ يىلدىن بېرى گاراڭ ھالەتتە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئادامسنى سىياسىي رەقىبى بىلەن خەت يۈزىدە پاراڭلىشىشتىن باش تارتتى دېگەندىن كۆرە، سېسىق گەپلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇ-

شىدىن قورقتى دېگەن تۇزۇك ئىدى. ئادامس ئاخىر ئۆزىگە كۆ-ڭۈلسىزلىك يېتىشىدىن قورقماي، خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا بەل باغلىدى. جېففېرسون خېتىدە ئۇنى پاراكەندە قىلىدىغان ھېچقاند-داق گەپ قىلمىغان، ئۇنىڭدىن قىزغىنلىق بىلەن ھال سورىغاند-دى، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇزۇندىن بۇيان باردى ـ كەلدى قى-لىشماي كېلىۋاتقان ئادامس بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈمىدى چى-قىپ تۇراتتى.

«ھا، بۇ كونا رەقىب، ئۇنىڭ ئاخىر يالۋۇرۇپ تەسلىم بولىدىغان كۈنىمۇ بولىدىكەن! ھا، ھا، جېففېرسون، سەن ئەم-دى بۇرۇنقى تەرسا جېففېرسونغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قاپسەن!»

ئادامسنىڭ كۆڭلى شادلىققا تولدى، ئۇ پۇخادىن چىققانىدى. جېففېرسوننىڭ يارىشىپ قېلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى، جېففېرسون بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق كۈرەشتە ئۇنىڭ ئاخىر غەلىبە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەت-تى. شۇ كۈنى ئەمدىلا ساقايغان ئادامس قائىدىنى بۇزۇپ ھاراق ئىچتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، جېففېرسونغا جاۋاب خەت يېزىش قارارىغا كەلدى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئەۋەتىلگەن خەتكە جاۋاب خەت يازماي بولمايتتى. لېكىن ئۇنى تەختىتىن ھەيدەپ چۈشۈرۈ-ۋەتكەن بۇ كونا رەقىبىگە نېمە دېيىش كېرەك؟ ئادامس بۇ توغرۇ-لۇق كۆپ ئويلاندى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چىگىش كۆپ بولسىمۇ يەنىلا جاۋاب يېزىش لازىملىقىنى توغرا تاپتى. شۇڭىنىسى، ئادامس خېتىدە يارىشىپ قېلىش، بۇرۇنقى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ شۇنچە يىللاردىن كېيىنمۇ جېففېرسون سالغان كۈلپەتلەرنى كۆڭ-لىدە ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى. ئادامس جاۋاب خېتىدە كونا ئىشلار-نى تىلغا ئالماي، ئىككىسىنىڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈل-سىزلىكلەر توغرۇلۇق تەگمەي تۇرالمىدى. ئادامس جېففېرسون-

نىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازىدىغان ئەسلىمىسىدە قىلغان ئەسكى-
لىكلىرى ھەققىدە ئويلىنىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي جېففېرسوندىن جاۋاب خەت كەلدى. ئامېرىكا فىدېراتسىيىگە قارشى پارتىيىنىڭ بۇ داھىيسى ئىككىسىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان چاغدىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرنى بايان قىلىپ، ئادامسنىڭ ھاكىمىيەت تۇتقان چاغلاردىكى نۇرغۇن سەۋەنلىكلىرىنى ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن سۆككەنىدى. ئۇمۇ ئۆز خېتىدە كېسەلگە گىرىپتار بولغان كونا رەقىبىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە كىشىلەرگە كەڭ قورساق بولۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلىپ ئادامس بىلەن جېففېرسون ئوتتۇرىسىدىكى شۇنچە يىل ئۇزۇلۇپ قالغان ئالاقە بىر - بىرىگە خەت يېزىش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە يېزىشقان خەت-لىرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ئىدىيىنىڭ ئېلىشىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بەزىدە بۇ خەتلەر ناھايىتى ئۆت-كۈر سۆز - ئىبارىلەر بىلەن يېزىلىپ قالاتتى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەم ئۈزۈلۈپ، دەم ئەسلىگە كېلىپ تۇرىدىغان خەت - ئالاقە تەختىتىن چۈشكەن بۇ ئىككى زوڭتۇڭ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

1826 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەر، تۇمان قاپلىغان كۆنىس كەنتى ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. توقسان ياشقا قەدەم قويغان جون ئادامس ئاخىر كىشىلىك ھاياتىنىڭ چېكىگە يېتىپ قالغانىدى. سەكتە كېسىلى يەنە قوزغالدى. بىرقانچە كۈن خۇدىنى بىلمەي ياتقان ئادامس تاڭ سەھەر پەيتىدە ھوشىغا كەلدى.

— ئابىس…، — ئادامس كۆزىنى ئېچىپ، خوتۇنى ئابىيىل ۋە ئۈچ قىزىنى كۆردى. ئۇ يېڭىلا ھوشىغا كېلىپ ئالدى بىلەن

ئۇستەلدىكى بىر تۇتام خەت ـ چەكلەرگە قارىدى. بۇ سىياسىي رەقىبى جېففېرسون نەچچە يىلدىن بۇيان ۋىرگىنىيىدىن ئەۋەتكەن خەت ـ چەكلەر ئىدى. جېففېرسوننىڭ مۇشۇ خەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر پارچە خېتىدە دېگەن مۇنۇ سۆزلىرى سەكراتتا ياتقان ئادامسنىڭ ھېلىمۇ يادىدا ئىدى: «ئىككىمىز قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. مەن سىزدىن بىرنەچچە ياش كىچىك، بۇ مېنىڭ ئۇستۇنلۇكۇم، سىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئامېرىكىنى مەن كۆرەلىشىم مۇمكىن. شۇ چاغدىكى سىياسىي تالاش ـ تارتىشلار بىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلاردىكىدىن كۆپ ئازدىيىپ كېتەر...»

ئادامسنىڭ ھېلىمۇ يادىدا، جېففېرسوننىڭ بۇ گېپىگە ئادامسنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋاب خېتىدە بۇ بىر جۈملە گەپكە قارىتا ئۈچ ئېلىش خاراكتېردىكى ئاچچىق گەپلەر بىلەن جېففېرسونغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن ھەقىقەتەن سەندىن جىق چوڭ، لېكىن مەن قېرىماس روھقا ئىگە قەيسەر ئادەممەن، مانا مۇشۇنداق تۇغما ئۇستۇنلۇكۇم بىلەن سەندىن كۆپ ئۇمۇر كۆرىمەن! سەن كۆرەلەيدىغان نەرسىلەرنى مەن كۆرەلەيمەن. ئاخىرىدا كۈلەلىگەن كىشى ئەڭ بەختلىك كىشىدۇر!...»

ئادامس ئۆزىنىڭ پات ئارىدا دۇنيادىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مۇشۇنداق ئېغىر جۇدالىق پەيتىدە ئادامس ۋەسىيەت قالدۇردى. بۇ ۋەسىيەت ئائىلە ۋە مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىغا ياكى دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ پىكىرمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرىدىن:

— ئېيتىڭلارچۇ... توماس جېففېرسون ھېلىھەم ھاياتمۇ؟...، — دەپ سورىدى.

ئايېل ۋە قىزلىرى ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قېلىشتى. ئۇلار

سەكراتتا ياتقان توقسان ياشلىق بوۋاينىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئىمشقا سىياسىي رەقىبىنىڭ هايات ياكى هايات ئەمەسلىكىنى يەنىلا ئېنىقلاشنى خالىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.

ئادامس ئۇلاردىن گەپ سوراپ ئۆزىنىڭ ئۆتمەي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ بايامقى بىهوش هالىتىگە قايتتى. بۇ خىل بىهوش هالەت شۇ كۈنى گۇگۇم ۋاقتىغىچە داۋاملاشتى. چوڭ ئوغلى، زۇڭتۇڭ جون كۈنىس ئادامس ۋاشىنگتوندىن ئالدىراش يېتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپ كۆپ ئۆتمەي جون ئادامس مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇ چەكسىز ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ دۇنيادىن مېهرىنى ئۈزەلمىگەن هالدا كېتىپ قالدى!

جون ئادامس ئەمەلىيەتتە سىياسىي رەقىبى جېففېرسون بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلغانىدى. چۈنكى ئۇ ۋاپات بولغان شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە توماس جېففېرسونمۇ يۇرتى ۋىرگىنىيە شتاتىدا جىمجىت ۋاپات بولغانىدى.

ئىككى نۆۋەت ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان جېففېرسوننىڭ جون ئادامس بىلەن بىر كۈندە ۋاپات بولۇشى تارىختا كەم ئۇچرايدىغان تاسادىپىيلىق ئىدى. ئادامس ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا زۇڭتۇڭ بولغان توماس جېففېرسون هەم بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن ۋاشىنگتون «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى تۈزۈشكە قاتناشقانلار، شۇنداقلا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى قۇرۇشقا قاتناشقان تۆهپىكارلار ئىدى. ئەمما، ئادامس بىلەن جېففېرسون ئىككىسىنى ۋاشىنگتونغا سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى. ئۇلار دۇنيادىن زېرىككىشلىك ئىچىدە جىمجىت كېتىشتى. بۇ هال دۆلەت بويىچە ماتەم بىلدۈرۈلگەن ۋاشىنگتون بىلەن روشەن سېلىشتۇرما هاسىل قىلغانىدى. ئادامس بىلەن جېففېرسون ئىككىسى قەبرىدىن ئۈن - تىنسىز ئورۇن ئېلىشتى. ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ شانۇشەۋكەتلىرىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەي قالدى.

# ئۈچىنچى باب

# «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»غا قەلەم تەۋرەتكەن

## — ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ توماس جېففېرسون



توماس جېففېرسون 1743 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتى ئاربامار ناھىيىسىنىڭ موزىتىسېللو كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن؛

1762 ـ يىلى ۋىلىيام مارى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، ۋىلىيام ئادۋوكاتلار ئورنىدا قانۇن تەتقىق قىلغان؛

1767 ـ يىلى ئادۋوكاتلىق ھاياتىنى باشلىغان؛

1769 ـ يىلى ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ تۆۋەن پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1770 ـ يىلى سكېلتون خانىم بىلەن توي قىلغان، كۆپ ئۆتمەي يۇرتىدىكى قورۇقىدا «ئەنگلىيىگە قارام ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھوقۇق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان؛

1776 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ئامېرىكا تارىخىدىكى مەشھۇر ھۆججەت «ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتىدىكى ئون ئۈچ شتاتنىڭ ئورتاق خىتابنامىسى» («مۇستەقىللىق خىتابنامىسى») نى تۈزۈشكە قاتناشقان بەش كى-

شىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، شۇ يىلى جېففېرسون ئوتتۇز ئۈچ ياشتا ئىدى؛

1776 ـ يىلى ۋىرگىنىيە شتاتى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ ۋەكىلى ۋە شتات پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان؛

1778 ـ يىلى مەزكۇر شتات ئۈچۈن «ۋىرگىنىيىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزامى» نى يېزىپ چىققان، بۇ ئۇنىڭ هاياتىدا تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان يەنە بىر مۇهىم تارىخىي هۆججەت هېسابلىنىدۇ؛

1779 ـ يىلى ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛

1781 ـ يىلى شتات باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ مونتىسېللو قورۇقىغا كەتكەن. كېسەل خوتۇنىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغاچ، يۇرتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخىي ئەسەر «ۋىرگىنىيە خاتىرىسى» نى يازغان، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خوتۇنى مارتا (سكېلتون خانىم) قورۇقتا ۋاپات بولغان؛

1784 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى تەرىپىدىن ئالاهىدە ئەلچى سۈپىتىدە «سودا ئالاقە ئىشلىرى شەرتنامىسى» توغرىسىدا كېڭەش ئۈچۈن ياۋروپاغا ئەۋەتىلگەن، ئۇ ياۋروپانى ئايلىنىپ چىققان، شۇ يىلى ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. پارىژدىكى چېغىدا يۇرتى ئۈچۈن يازغان «ۋىرگىنىيە خاتىرىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان؛

1789 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ۋاشىنگتون ئۇنى ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلىگەن؛

1797 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان؛

1801 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۈچىنچى زۇڭتۇڭى بولغان؛

1807 ـ يىل 12 ـ ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن، ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «يۆتكەشنى چەكلەش قانۇن لايىهىسى» گە قول قويغان. بۇ هۆججەت توماس جېففېرسوننىڭ ئاقسارايدىن ئايرىلىش ئالدىدا قول قويغان تەسىرى زور هۆججەت بولۇپ قالغان؛

1809 ـ يىلى ئاقسارايدىكى هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يۇقىرىلارنىڭ

ئۇنىڭ داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولۇشىغا ئۇندەپ كۆتۈرگەن چۇقانلىرىغا قۇلاق سالماي، يۇرتى ۋىرگىنىيىگە كەتكەن. ئۇ مونتىسېللو قورۇقىدا ئون سەككىز يىللىق ھاياتىنى بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزۈپ، 1826 - يىل 7 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭ ئۆستەڭ بويىدىكى قاردا يىقىلىپ چۈشتى

1826 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ۋىرگىنىيە شتاتىدا قىش كىرگەندىن بۇيان ناھايىتى قاتتىق قار ياغدى. قاردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق بولدى. شتات مەركىزىگە نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدىغان ئارىمار ناھىيىسىگە ئانچە يىراق بولمىغان مونتىسېللو كەنتىمۇ قاردىن كېيىن ئاپئاق لىباسقا پۈركەندى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، ئاپئاق چاچلىق بىر بوۋاي كەنتنىڭ سىرتىدىكى ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىپ قالغان قاردا يىقىلىپ چۈشۈپ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

«چاپسان كېلىڭلار، چاپسان، توماس ئەپەندى ئورنىدىن تۇرالمايۋاتىدۇ!» ئېقىن بويىغا ئوتۇن تەرگىلى چىققان بىر ئايال ئەنسىز توۋلاپ كەتتى. چۈنكى بۇ ئايال ئېقىن بويىدىكى قار دۆۋىسىگە يىقىلىپ چۈشكەن بۇ بوۋاينى تولىمۇ تاسادىپىي ئەھۋالدا بايقىغانىدى. بوۋاينىڭ قولاقچىسى ۋە ھاسىسى قار دۆۋىسىدىن خېلىلا نېرىدا ياتاتتى، ئۇ بىر قولى بىلەن قار دۆۋىسىگە كۈچەپ تايانغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. بىراق بوۋاي بەك قېرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېنى ئاجىزلىغاچقا، ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ئۇ سابىق زۇڭتۇڭ توماس جېففېرسون ئىدى. ئاقسارايدىن ئايرىلغىنىغا ساق ئون سەككىز يىل بولغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ شۇ تاپتا سەكسەن ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ

قوتقۇزۇش ئۈچۈن كەنتتىن كەلگەن ئەر ـ ئاياللار قار دۆۋىسىگە يىقىلىپ چۈشكەن كىشىنىڭ كۆپچىلىك ھۆرمەتلەيدىغان جېففېرسون ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قېلىشتى، ئۇلار ئېتىلىپ بېرىپ، سوغۇقتا يۈزى توڭلاپ كۆكەرگەن، ئېگىكى سۇرۇلۇپ كەتكەن جېففېرسوننى قولمۇ قول كۆتۈرۈشۈپ مونتىسېللو قورۇقىغا ئەكەلدى.

— ھەي، پەقەت ئويلىماپتۇق، قار دۆۋىسىگە قانداقلارچە يىقىلىپ چۈشتىڭىز؟ يىقىلىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ كېتەتتىڭىزغۇ!

— ئالدىرىماڭ، پۇتىڭىز مىتكوت بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئازراق ئارام ئالسىڭىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ!

— توماس ئەپەندى، مونتىسېللو كەنتىدە سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ قاردا يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنىڭىزدىن تۇرالمىغانلىقىڭىزغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ!

باھاردەك ئىللىق ئۆيدە جېففېرسوننى ئۈستەڭ بويىدىن كۆتۈرۈپ ئەكەلگەن ئەر ـ ئاياللار ئۆينىڭ سىرتىغا توپلىشىپ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن كارىۋاتتا ئازابلىق ئىڭراپ ياتقان جېففېرسونغا ئېچىنغان ھالدا قارىشاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئولاشقانىدى. كۆپچىلىك جېففېرسوننىڭ قاردا تۇيۇقسىز يىقىلىپ كەتكىنىگە ھاڭ ـ تاڭ قېلىشقانىدى.

ئەسلىدە 1809 ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايدىن يۇرتى مونتىسېللو قورۇقىغا كېلىپ كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. جېففېرسون بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىدىن چۈشۈپ پۇقرا بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەيلى بوران چىقسۇن، ياكى يامغۇر ياغسۇن، ئۆيدىن چىقىپ

تالانى ئايلىناتتى. بەزى كۆنلىرى ئىچكىرى ھۆجرىدە ياتقان جېف-فېرسون ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ھاسىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن «غىپپىدە» چىقاتتى -دە، مونتىسېللو قورۇقىنىڭ سىرتىدىكى ئۆستەڭ بويىدا ئۆزى يالغۇز سەيلە قىلاتتى. ئۇ بۇ ئادىتىنى توپتوغرا ئون سەككىز يىل داۋاملاشتۇردى، جۇدۇن - چاپقۇنغا پەرۋا قىلمىدى. جېففېرسوننىڭ قېرىلىق بىلەن ئېلىشىدىغان بۇنداق قەيسەرانە ئىرادىسىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. گەرچە بەك قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بەدىنى تىمەن جېففېرسون قاردا يىقىلىپ كەتكەندىن كېيىن نېمىشقا ھەرقانچە كۆچەپمۇ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ؟ كۆپچىلىك مۇشۇ ئىشقا ھەيران بولاتتى.

«مەن قېرىپ قالدىم، بەرىبىر ئوڭشىلالمايمەن!» جېففېرسوننىڭ پۈتلىرى ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، گەرچە ئورنىدىن تۇرالماي كارىۋاتتا يېتىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، بوۋاي ئىنتايىن ھوشيار ئىدى. جېففېرسون كارىۋاتتا يېتىپ يەنىلا بۇرۇنقىدەك قىزىقچىلىق قىلاتتى. ئۇ قاردىكى تىكەن سۇرۇۋېتكەن ئوڭ قولىنى چىقىرىپ، ئىشىك ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغانلارنى چاقىردى، ئۆزىنى يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدىن كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىلىپ قويغان ئاق كۆڭۈل يۇرتداشلىرىغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ھۆجرىسىغا كىرىپ بىرەر - يېرىم دەم ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇدا ئىككى نۆۋەت ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان بۇ زاتتا ھېچقانداق سۇر - ھەيۋە كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قايتىپ كېلىپ كەنتتىكىلەر بىلەن ئېچىل - ئىناق ئۆتكەچكە، ئۇنىڭ بىلەن كەنتتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولىدىغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت شەكىللەنگەنىدى.

— توماس، سىز ئوبدانراق دەم ئېلىڭ! يارىڭىز ئېغىر بولسا دەرھال ۋىرگىنىيىگە بېرىپ دوختۇرخانىدا يېتىڭ!

كەنتتىكىلەرنىڭ ھاسىراپ ياتقان جېففېرسوننى ئاۋارە قىلى-

غۇسى كەلمىدى. جېففېرسوننىڭ قاردا تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈش-
كەنلىكىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجەبلەندى ۋە ئېچىندى، لېكىن
ئۇلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايتتى، كەنتتىكىلەرنىڭ نەزىرىدە،
ئامېرىكا تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتقان، ئۇدا ئىككى
نۆۋەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان توماس
جېففېرسون ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان
مونتىسېللو قورۇقىغا قايتىپ كەلگەن ئون سەككىز يىلدىن بېرى
كەنتتىكى ئاددىي ۋە مۇلايىم بوۋايلاردەك ياشاپ كېلىۋاتاتتى.
كەنتتىكى ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى جېففېرسوننى ۋەزىپىسى-
دىن بوشانغان زۇڭتۇڭ ئورنىدا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى يۇرت-
داش ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كەنتنىڭ ئاددىي
بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك شۇ تاپتا جېففېر-
سون تۇيۇقسىز يىقىلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى ھەر ئەتىگىنى سەيلە
قىلالمايدىغان بولدى دەپلا ئويلاتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يىقىلىپ
كېتىشى تاسادىپىي ئەھۋالدىن ياكى قېرىلىقتىن ئەمەس، بەلكى
تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىش تەس بولغان كېسەللىكنىڭ ھۇجۇم
قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى ھېچكىم خىيالىغا كەل-
تۈرمەيتتى، ئەلۋەتتە.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، شتاتلىق دوختۇرخانىغا بېرىشىمنىڭ
ھاجىتى يوق، پۇتۇم بىر ئوبدان تۇرۇپتۇ، — كارىۋاتتا ياتقان
جېففېرسون ئىشىك ئالدىدىكى ئەندىشە ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن
كۆزلەرگە قاراپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەكەللۇپ كۈل-
كىسى پەيدا بولدى. ئۇ تاقىر بېشىنى چايقاپ، — بىردەم ياتسام
ساقىيىپ كېتىمەن، ئەتە ئەتىگەندە···سىلەر كۆرىسىلەر، مەن
توماس ئۆستەڭ بويىدىكى قارلىقتا يەنە سەيلە قىلىمەن! بىر كۈن
ھاياتلا بولىدىكەنمەن، كەنت سىرتىدا ئايلىنىمەن. كۆپچىلىك
خاتىرجەم بولسۇن، مەن ئورنۇمدىن قايتا تۇرۇپ كېتىمەن!

## سابىق ئىككى زۇڭتۇڭ مونتىسېللو قورۇقىغا كەلدى

جېففېرسون ئۈمىدۋار ۋە خۇشخۇي ئادەم بولسىمۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە مونتىسېللو قورۇقىنىڭ سىرتىدىكى مۇز تۇتقان ئۆستەڭ بويىدا ئۇنىڭ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ يۈرىدىغان قامىتى كۆرۈنمىدى.

3 ـ ئاي مونتىسېللو قورۇقىغا يېتىپ كەلدى. كەنت سىرتىدىكى دۆۋە ـ دۆۋە قار يىغىلىپ كەتكەن ھېلىقى ئۆستەڭنىڭ قار ـ مۇزلىرى ئىللىق قۇياش نۇرىدا ئېرىدى، قىرلىق مۇزلار مونتىسېللو قورۇقىنىڭ سىرتىدىن شەرققە قاراپ ئاقتى، شۇغىنىسى، توماس جېففېرسوننىڭ ئۇزۇن يىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن سەھەردە سىرتلارنى ئايلىنىدىغان ئادىتى ئەسلىگە كېلەلمىدى.

جېففېرسون پالەچ بولۇپ قالغانىدى.

بوۋاي مۇز تۇتقان ئۆستەڭدىكى قار دۆۋىسىگە يىقىلىپ چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قىزى نورا ئاربامار ناھىيىسىدىن دوختۇرلارنى چاقىرتىپ بوۋاينىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتى، دوختۇرلار جېففېرسوننى بىر قۇر تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇستىخىنى زەخىملەنمىگەن ھەم ھېچقانداق جاراھەتمۇ يوق دەپ يەكۈن چىقاردى. لېكىن، جېففېرسون شۇ قېتىم يىقىلىپ چۈشكەن پېتى نېمىشقىدۇر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمايۋاتاتتى. ئىلگىرىكى كۈچلۈك پۇتلار بىردىنلا ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغانىدى. جاراھەتلەنمىگەن ھەم ئاغرىمايدىغان بۇ كېسەللىك قېرىغان چېغىدا بىر يەردە تۇرالماس بولۇپ قالغان جېففېرسوننى تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان پالەچ بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى، بۇ ساقايماس كېسەل سىياسەتچى ھەم پائالىيەتچى جېففېرسونغا قاتتىق ئەلەم بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى

ئۆزگىرىپ، تولىمۇ بىئارام بولىدىغان، ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

5 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى جېففېرسوننىڭ مونتىسېللو قورۇقىغا بويى پاكار، قوڭۇر ساقاللىق بىر بوۋاي كەلدى. ئۇ ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوردىن ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان، ئامېرىكىنىڭ سابىق تۆتىنچى زۇڭتۇڭى مادىزون ئىدى. ئۇ يۇرتىدا جېففېرسوننىڭ ئۇشتۇمتۇت كېسەل بىلەن يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنىدى.

— توماس ئەپەندى، مەن سىزنىڭ قار ياغقان كۈنلەردە سىرتلارنى سەيلە قىلىدىغانلىقىڭىزنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن! ھەي، سىز نېمىلا دېگەنبىلەن سەكسەن ئۈچ ياشقا كىرگەن ئادەم، سالامەتلىكىڭىز ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئەينى يىللاردىكىدەك بولمايدۇ! — مادىزون كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، جېففېرسونغا ئېڭىشىپ قاراپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار كۆرۈشەلمىگەن مۇشۇ نەچچە ئاي ئىچىدە جېففېرسون ياداپ كەتكەنىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئورۇقلاپ قوشۇقتەك بولۇپ قالغان چىرايى بىلەن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى جېففېرسوننى ئوبدان تونۇيدىغان مادىزوننى ھەيران قالدۇردى.

مادىزون جېففېرسوننىڭ كېسەل ئەھۋالىنى سوراپ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ ھالىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى سەزدى. ناۋادا ئۇنۇملۇك داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلمىسا، جېففېرسون مونتىسېللو قورۇقىدا پالەچ كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مادىزون ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن بىر خىزمەتچىنى يۇگۇرۇك ئاتقا مىندۇرۇپ، شۇ شتاتتا تۇرۇۋاتقان يەنە بىر سابىق زۇڭتۇڭ جامىس مونرونى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سابىق زۇڭتۇڭ مونرو يۇرتى ۋېستمورېدلاندىن مونتىسېللو قورۇقىغا ئالدىراش يېتىپ

كەلدى. ئۇ كارىۋاتتا مىدىرلىماي ياتقان جېففېرسوننى كۆرۈپ ھەيران قالغان پېتى كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالمىدى.

— بىز ئۇچىمىز... ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانىدۇق، ئەمدى بۇ يەردە بىر - بىرىمىز بىلەن ئۇچراشتۇق! — دېدى مونرو.

جېففېرسون ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىلىرىنى كۆرۈپ قەلبى ئاجايىپ ھېسسىياتلارغا تولدى. ئۇ ھازىر ئەينى يىللىرى تېخى سىياسىي سەھنىدە باش كۆتۈرۈپ چىقمىغان چاغلاردا ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ ئادەتتىكى پارلامېنت ئەزاسى بولغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلىدى، شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن بىر شتاتلىق بۇ ئىككى ياش ياردەمچى مادىزون ۋە مونرو جېففېرسونغا چىن كۆڭلىدىن ئېتىقاد قىلاتتى. ئىككى ياش ئادۋوكاتلىقتىن كېلىپ چىققان جېففېرسوننى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» غا قەلەم تەۋرەتكۈچىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت تۈزەش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ ھېسابلايتتى، شۇڭا جېففېرسون شتات پارلامېنت ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىش ھەقىقىي جۇمھۇرىيەت سىياستىنىڭ ئاساسى دېگەن قاراشتا كۈچىنىڭ بارىچە چىڭ تۇرغاندا، مادىزون ۋە مونرو ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغانىدى. شتاتنىڭ يېڭى قانۇنى ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينىدى. شۇ چاغدىن تارتىپ جېففېرسون باشچىلىقىدا بىر مەركەز شەكىللەندى. جېففېرسون كېيىن ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ باشلىقى بولغاندا، مادىزون ۋە مونرو ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىياتقا پايدىلىق بولغان بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنىڭ سادىق قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

— توماس، سىز بىزنىڭ ئۇستازىمىز ھەم دوستىمىز، بىز سىزدىن ئايرىلالمايمىز! — مادىزون كارىۋات بېشىدا تۇرۇپ

شتات دوختۇرخانىسىغا داۋالىنىشقا بارغىلى ئۇنىمايۋاتقان جېففېر-سونغا نەسىھەت قىلدى.
— توغرا، پېشقەدەم زۇڭتۇڭ، سىز بۇرۇندىن تارتىپ مادىزون ئىككىمىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەن، ئۇچىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىقتۇق، ئەمما بىز سىزدىن ئايرىلالمايمىز! — مونرومۇ جېففېر-سوننىڭ داۋالىنىشنى رەت قىلىپ كېسەل ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىگە يول قويۇپ يېتىشىغا قاراپ بىتاقەت بولۇپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى سابىق بۇ ئىككى زۇڭتۇڭنىڭ جېففېرسونغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئىدى. جېففېرسون ئامېرىكىنىڭ ئۈچىنچى زۇڭتۇڭى بولۇپ ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋىرگىنىيىدىكى ئىككى ياردەمچىسى مادىزون ۋە مونرومۇ سىياسىي سەھنىدە كەينى - كەينىدىن باش كۆتۈردى. جېففېرسون 1809 - يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ ۋىرگىنىيىدىكى مونتىسېللو قورۇقىغا قايتىپ كېلىپ پىنھان ياشىدى ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى تەسىرىگە تايىنىپ، ئىككى ياردەمچىسىنىڭ سايلام رىقابىتىدە ئامېرىكىنىڭ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى بولۇشنى قوللىدى. كېيىنچە مادىزون ۋە مونرومۇ ئاقسارايغا ئارقا - ئارقىدىن كىردى، بۇ ئىشلار جېففېرسوننىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۆرسەتكەن تەسىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا مادىزون بىلەن مونرو زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا، دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەتلىرىنى بېكىتەلمەي قالسا ئۆزلىرىنىڭ بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى ئىكەنلىكىنى قايرىپ قويۇپ، ۋاشىنگتوندىن شۇنچە يىراق ۋىرگىنىيىدىكى مونتىسېللو قورۇقىغا كېلىپ ياشانغان ھەم زېھنى ئۆچۈق بۇ پېشقەدەمدىن مەسلىھەت سورايتتى. جېففېرسونمۇ ئەينى يىللاردىكىگە ئوخشاش ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە ئۇلارغا مەسلىھەت بېرەتتى. ئۇ مادىزون بىلەن مونرونى ئىچكى - تاشقى سىياسەتتە ئىمكان بار ئازراق سەۋەنلىك

ئۆتكۈزۈشكە ئۈندەيتتى. جېففېرسون بۇ ئىككى ياردەمچىسىگە مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلگەچكە، مادىزون ۋە مونرو كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان جېففېرسونغا قاراپ ئازابلىنىپ كېتىشتى.

لېكىن جېففېرسوننىڭ دوختۇرخانىغا بېرىشقا كۆڭلى تارتمايتتى.

— ياق، ياق، مېنىڭ كېسىلىم ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەس، كۆپرەك ئارام ئالساملا، يازغا چىققاندا يەر دەسسىگۈدەك بولىمەن! — دېدى جېففېرسون ھالسىز ھالدا.

— ھەي، بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ — شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن مادىزون بىلەن مونرو جاھىل جېففېرسوننى شتات دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ كېسىلىنى داۋالىتىشقا كۆندۈرەلمەي، ئۇنىڭ خارابلىشىپ كېتىۋاتقان قورۇقىدا تۇنەپ قېلىشتى. تالادا گۈركىرەپ باھار شامىلى چىقىۋاتاتتى. مادىزون ھەرقانچە ئويلاپمۇ دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى ئەقىل - پاراسەت بىلەن كەسكىن بىر تەرەپ قىلغان جېففېرسوننىڭ بۈگۈنكى كۈندە ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان كېسەلدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىدىغان مۇشۇنداق ئاددىي ئىشقا كەلگەندە، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە جاھىللىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى.

— ھوي، توماسنىڭ كۆڭلىدىكىنى مەن تاپالايمەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايدۇ، لېكىن ئۇ دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن يۇقىرى داۋالاش ھەققىنى تۆلىيەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن! — مونرو يېرىم كۈن كۆزىتىپلا بۇ پېشقەدەم زۇڭتۇڭنىڭ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شتات دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كېسىلىنى بىرقەدەر ئىلغار ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرتۈش ۋە ئوپېراتسىيىسىنى قوبۇل

قىلىشقا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرغانلىقى ئۈستىدىن چىپچەنلىك بىلەن ھۆكۈم چىقاردى.

— ھە راست، مەن بۇرۇنلا ئاڭلىغان، توماس بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا يەرلىرىنى سېتىشقا باشلىغان. ئۇ ئاشۇ مۇنبەت يەرلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ بىر پارچە - بىر پارچىدىن باشقىلارغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن! شۇڭا... ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتلىشىپ كەتكەن! — جېففېرسون ئائىلىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلگەن مادىزون ھەسرەتلىك خۇرسىنىپ قويدى. جېففېرسوننىڭ شتات باشلىقى بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا ۋىرگىنىيەدىكى ئەڭ دۆلەتمەن ئادۋوكات ئىكەنلىكىنى مونرو ئىككىسى بىلەتتى. جېففېرسون ئادۋوكاتلىق ۋە شتات باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن كىرگەن كىرىم بىلەن باي بولغان ئەمەس، جېففېرسوننىڭ دادىسى پېتىر جېففېرسون ئاربامار ناھىيىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئېكىنزارلىقنىڭ خوجايىنى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1770 - يىلى جېففېرسون تۇل ئايال مارتا خانىم بىلەن توي قىلدى. ئېكىنزارلىق خوجايىنى بولغان ئېرىدىن بۇ ئايالغا قالغان يەر بىلەن جېففېرسوننىڭ دادىسىدىن قالغان يەرنى قوشقاندا، ئۇ ئاربامار ناھىيىسىدىكى ئەڭ چوڭ يەر ئىگىسى بولۇپ قالدى. جېففېرسون ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ كەتكەندىن كېيىن ۋاشىنگتون دەۋرىدە ھۆججەت خاراكتېرىنى ئالمىغان قائىدىگە ئاساسەن، جېففېرسون ھۆكۈمەت تارقاتقان راسخوتتىن بەھرىمەن بولسىمۇ، ئىلكىدىكى مۇنبەت يەرگە تايىنىپ پادىشاھلاردەك غەم - قايغۇسىز ياشىيالايتتى. ۋەھالەنكى تەختتىن چۈشۈپ كەتكىنىگە ئون سەككىز يىل بولغان پېشقەدەم زۇڭتۇڭ جېففېرسون ھازىر يەرلىرىنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نېمە؟

— چۈنكى توماس ھېلىقى غايىسىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ئەمەسمۇ، بىر ئالىي مەكتەپنى سېلىشقا دۆلەت مەبلەغ ئاجرىتىدۇ،

ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەبلەغ ئاجرىتىپ سېلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسۇمنى ئۇ كۆپ قېتىم رەت قىلىۋەتتى. ھەي، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ — مونرو قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئىلاجسىزلىقتىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

«مونرو، مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، ۋىرگىنىيىدە يېمەك - ئىچمەكتىن غەم تارتمايدىغان دۆلەتمەن ياكى پۇلنى سۇدەك خەجلەيدىغان ماگنات بولۇش ئەمەس، ياشلىق چاغلىرىمدىكى غايەمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز مەبلىغىم بىلەن ۋىرگىنىيە شتاتىدا بىر ئالىي مەكتەپ قۇرۇش!»

مونرو 1817 - يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغاندىن كېيىن مونتىسېللو قورۇقىدا كۈنلىرىنى بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزۈۋاتقان جېففېرسوننى يوقلاپ كەلگەن. ئۇ شۇ كۈنى جېففېرسوننىڭ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدى. ئەمما مونرو بۇ جېففېرسوننىڭ دەپ قويغان گېپى دەپ ئويلاپ ئىشەنمىگەنىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن مونرو ۋاشىنگتوندىن يۇرتى ۋىرگىنىيىگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا شتات ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىدا ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشى ئىش باشلىغانلىقىنى تاسادىپىي بايقاپ قالدى.

— يەرلىرىڭىزنى ساتسىڭىز بولمايدۇ، ئاتا - بوۋىلىرىڭىزدىن قالغان يەرلەرنى پارچىلاپ ساتماڭ. كېيىنكى تىرىكچىلىكىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟ — مونرو مونتىسېللو قورۇقىغا كېيىن بىر قېتىم كېلىپ جېففېرسوننىڭ بارغانسېرى غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئەھۋالغا چىدىمىغان مونرو بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن توختىماي يەر سېتىپ ئالىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتىنى قامداۋاتقان جېففېرسونغا نەسىھەت تەلەپپۇزىدا، — مەنمۇ ۋىرگىنىيىلىك،

ناۋادا ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ھەقىقەتەن سېلىش توغرا كەل-
سە، بۇ مەبلەغنى دۆلەت چىقىرىشى كېرەك! — دېدى.
— ياق، مەن بۇرۇنلا دېگەن، مەن دۆلەتنىڭ ياردىمىگە موھ-
تاج ئەمەس، مەن ئۆز مەبلىغىم بىلەن بىر ئالىي مەكتەپ سالىد-
مەن! — جېففېرسون يېقىملىق كۈلۈپ زۇڭتۇڭ مونرونىڭ ياخ-
شى كۆڭلىنى سىلىق رەت قىلدى.
مونرو ئۆز مەبلىغى بىلەن ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى سې-
لىۋاتقان جېففېرسوننى بۇ ئىشتىن دۆلەت نامى بىلەن قاتتىق
توسۇشنىڭ ئۇنۇم بەرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى جېففېرسون-
نىڭ جاھىل مىجەزى مونروغا ئايان ئىدى. ئۇ بۇ پېشقەدەم
مويسىپىتنىڭ ياش چاغلىرىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن مال -
مۈلۈك قالدۇرماسلىق، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سې-
تىپ، يۇرتى ئۇچۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى
يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان مەكتەپ سالىدىغانلىق توغرۇلۇق قەسەم
قىلغانلىقىنى بىلەتتى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ۋەزىپىسىدىن
بوشىنىپ بىكار قالغان جېففېرسون دېگىنىنى ئىشقا ئاشۇرغاند-
دى، ئۇ يۇرتىنىڭ مەركىزى ۋىرگىنىيىدە ئالىي مەكتەپ سېلىۋا-
تاتتى. ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى ھەم جېففېرسوننىڭ ياردەمچىسى،
ئوقۇغۇچىسى بولغان مونرو مەيلى قايسى ۋاقىتتا تۇرۇپ ئۇنىڭغا
نەسىھەت قىلسۇن ئۇنى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىن
قايتۇرالمىدى!
— ھەي، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ سالىمەن دەپ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرقى كۈنلىرىدە دوختۇرخانىدا ياتىدىغان پۇلغىمۇ چىقىنالماي-
دىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن! — دېدى مادىزون مونرونىڭ گەپلىد-
رىدىن خۇرسىنىپ، قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا ئۇ ئىنتايىن غە-
زەپلەنگەن پېتى ئۇستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ، — توماسنىڭ ھاياتى
ئۇچۇن، مەن مەبلەغ چىقىرىشقا رازى، قانداق؟ — دېدى.
— بولمايدۇ، — مونرو بېشىنى چايقاپ ئىختىيارسىز ئۇھ

تارتتى، — داۋالاش ھەققىنى ئىككىمىز چىقىرىپ توماسنى شتات دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالىنىشقا كۆندۈرەلىسەك، ئىش ئا-سانغا چۈشكەن بولاتتى. ھازىر گەپ پۇلدا ئەمەس، ئۇنى قايىل قىلىشتا!

مادىزون دەرھال ئېسىنى تاپقاندەك پېشانىسىگە ئۇرۇپ:

— چۈشەندىم، سىز جېففېرسوننى قايىل قىلىش ئۈچۈن زۇڭتۇڭ ئادامسنى چاقىرىپ كېلەيلى دېمەكچىمۇ؟ — دېدى

— دەل شۇنداق! — مونرو بېشىنى لىڭشىتتى.

## دوختۇرنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىش تەكلىپىنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلدى

شۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى زۇڭتۇڭى جون ئادامس-نىڭ ئوغلى جون كۇئىنس ئادامس زۇڭتۇڭ ئىدى. دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىقىدىن كېلىپ چىققان بۇ زۇڭتۇڭ دادىسى چوڭ ئا-دامسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن جېففېرسونغا كىچىكىدىن تارتىپلا ئۈچ ئىدى. بولۇپمۇ كىچىك ئادامس جېففېرسون كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاقسارايدىن ھەيدەلگەن دادىسىنىڭ بىچارە ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ھوقۇق تۇتقان ھامان جېففېرسوندىن ھېساب ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم قىلغانىدى.

ئەمما، كىچىك ئادامس ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى بىلەن بىر ئۆمۈر دۈشمەنلىشىپ كەلگەن جېففېرسوننىڭ ئالاھىدە سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. جېففېرسوننىڭ ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلىرىدا نامايان قىلغان تالانتىدىن كىچىك ئادامس تەسىرلەندى، بولۇپمۇ جېففېرسون ئۆزى بىلەن چوڭ ئادامس ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن كىچىك

ئادامسنى چەتكە قاقمىدى، بۇ ئىشلاردىن كىچىك ئادامس جېففېرسوننىڭ دادىسى قارغىغاندەك ئۇنداق رەزىل ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدى. بولۇپمۇ كىچىك ئادامس جېففېرسوندىن كېيىن زۇڭتۇڭ بولغان مادىزون ۋە مونرونىڭ يېتەكچىلىكىدە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ۋە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە شۇ ئىككىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن سابىق زۇڭتۇڭ جېففېرسونغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغاندىن كېيىن شەخسىي ئاداۋەتنى قايرىپ قويۇپ، مونتىسېللو قورۇقىغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ، دادىسىنىڭ رەقىبى بولغان جېففېرسوندىن ھال سورىدى. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالدى.

جېففېرسوننىڭمۇ ياش، يارامىلىق ۋە تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان زۇڭتۇڭ كۋىنس ئادامسقا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئاقسارايدىكى يۇمىلاق ئۇستەل قويۇلغان ئىشخانىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان زۇڭتۇڭ كۋىنس ئادامس جېففېرسوننىڭ كۇنسايىن يامانلىشىپ كېتىۋاتقان كېسەللىك ئەھۋالى توغرۇلۇق مادىزون ۋە مونرونىڭ ۋىرگىنىيە شتاتىدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى ۋىرگىنىيىگە قاراشلىق ئاربامار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان مونتىسېللو قورۇقىغا بېرىپ كېسەلى ئېغىر سابىق زۇڭتۇڭ توماس جېففېرسوننى يوقلىدى. ١

جېففېرسون پالەچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت كەلمەي، ناماقتىنمۇ قالغانىدى. ئۇ يېرىم بىھوش ھالەتتە ياتاتتى. جېففېرسون زۇڭتۇڭ ئادامس كەلگەندىن كېيىن يەنە ئازراق ئەسكە كەلدى. ئۇ زۇڭتۇڭنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى.

ئادامس ئەسلىدە جېففېرسوننى ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى دوخ-

تۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا دەۋەت قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئاجىزلاپ كەتكەن پېشقەدەم زۇڭتۇڭنى كۆرۈپ نىيىتىدىن يالتايدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى دوختۇرلار ھەم ۋاشىنگتوندىن مەخسۇس كەلگەن داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە مونتىسېللو قورۇقىدىكى جېففېرسوننى ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ كېسەل توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاقسارايدىكى ئېلىلىپىس شەكىللىك ئىشخانىغا ناھايىتى تېزلا يەتكۈزۈلدى. زۇڭتۇڭ ئادامس سابىق زۇڭتۇڭ توماس جېففېرسوننىڭ بىرقەدەر ئالاھىدە نېرۋا سىستېمىسى كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلىپ چۆچۈپ كەتتى. جېففېرسوننىڭ بەدىنىدە بايقالغان چوڭ دائىرىلىك مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشى، كىچىك تەرەتنى تۇتالماسلىق، نېرۋا ئاغرىش ۋە جىنسىي ھېسسىيات ھەم ھەرىكەت توسالغۇغا ئۇچراش قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن بىمارنىڭ يۇلۇن تۈۋرۈكى ئىچىدە جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىك ئۆزگىرىشى بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

دوختۇرلار مۇنداق دەپ قارىدى: جېففېرسوننىڭ ئومۇرتقا نەيچىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئۆسمە بار. يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى يېلىم ماددىسى ھۈجەيرىسىدىكى ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن قاتتىق يۇلۇن پەردىسى بىلەن يۇلۇن ئوتتۇرىسىدا كۆمۈرچەك ئۆسۈپ چىققان. يۇلۇندىكى ئۆسمە نېرۋىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن جېففېرسوننىڭ نېرۋا ھەرىكىتى توسالغۇغا ئۇچرىغان، ئۇ ئېقىن بويىدىكى قاردا تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ ئاستا - ئاستا پالەچ بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇشۇ.

زۇڭتۇڭ ئادامس داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە مەسلىھەت سالدى. مۇتەخەسسىسلەر ئەگەر پالەچ بولۇپ قالغان سابىق زۇڭ-

تۇڭ جېففېرسوننى كېسەل كارىۋىتىدىن تۇرغۇزۇپ، بۇرۇنقى-
دەك مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ماڭالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك، دېيىشتى.
«تەكلىپ! داۋالاش گۇرۇپپىسى توماس ئەپەندىنىڭ يولۇنى-
نى تېزدىن ئوپېراتسىيە قىلىشى كېرەك، ناۋادا توماس ۋىرگىنى-
يە شتاتى دوختۇرخانىسىدا يېتىپ داۋالىنىشنى قوبۇل قىلمىسا،
قابىلىيەتلىك دوختۇرلارنى ئەۋەتىپ ئوپېراتسىيىنى مونتىسېللو
قورۇقىدا قىلىش ۋە بىمارنىڭ سالامەتلىكىنى بالدۇرراق ئەسلىگە
كەلتۈرۈش لازىم!» كۆپىنچە ئادامس جېففېرسوننىڭ كېسەل ئەھ-
ۋالىنى بىلگەندىن كېيىن سابىق زۇڭتۇڭ جېففېرسوننىڭ يېقىن
دوستى مونروغا ئالدىراش بىر پارچە يازدى.
مونتىسېللو قورۇقىدا تۇرۇۋاتقان مونرو ۋە مادىزون شۇنىڭ-
دەك جېففېرسوننىڭ نۇرغۇن تەرەپدارلىرى زۇڭتۇڭ ئادامسنىڭ
ۋاشىنگتوندىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جېففېرسوننىڭ
دەرھال ۋىرگىنىيە شتاتى دوختۇرخانىسىدا يېتىپ داۋالىنىشنى
تەشەببۇس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋالاش گۇرۇپپىسى-
دىكى دوختۇرلارمۇ ئوپېراتسىيىنى ۋىرگىنىيەدە قىلىش تەشەببۇ-
سىنى ھەدەپ قوللىدى، يولۇندىكى ئۆسمىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ
ئېلىۋېتىش شۇ چاغدا ئىنتايىن نازۇك ئوپېراتسىيە ھېسابلىناتت-
تى، يەنە كېلىپ بىمار سەكسەن ئۈچ ياشتىن ئاشقان بوۋاي
ئىدى، ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقى-
نى پەرەز قىلىش تەس ئىدى.
— ياق، مەن ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايمەن، ئوپېراتسىيىنىڭ
ئازابىنى كۆتۈرەلمەيمەن. مەن قېرىدىم، ناۋادا پەرۋەردىگار ماڭا
يەنە ئۆمۈر ئاتا قىلمىسا، ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا ئۆلگىنىمدىن
مونتىسېللو قورۇقىدىكى كارىۋىتىمدا ئۆلگىنىم ياخشى!
مونرو زۇڭتۇڭ ئادامس بىلەن داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكى-
لەرنىڭ ئۇنى ۋىرگىنىيە شتاتى دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ يولۇن

ئوپېراتسىيىسى قىلىش ھەققىدىكى پىكرىنى يەتكۈزگەندىن كې-
يىن، ئەس ـ ھوشى بۇرۇنقىدەكلا جايىدا جېففېرسون كۆپچىلىك-
نىڭ ياخشى نىيىتىنى جاھىللىق بىلەن بېشىنى چايقاپ قەتئىي
رەت قىلدى. مونرو ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:
—توماس، بۇنداق جاھىللىق قىلىۋەرمەڭ، سىز شۇ تاپتا
ھاياتلىق تىلەش پۇرسىتىگە يەنىلا ئىگە. نوپۇزلۇق دوختۇرلار
سىزنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىڭىزغا ناھايىتى توغرا دىئاگنوز قوي-
دى، مېنىڭچە، ئومۇرتقا تۈۋرۈكىڭىزدىكى ئۆسمىنى ئېلىۋەتسە،
سىز داۋاملىق ئۇمۇر كۆرىسىز، قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىڭىز-
نىمۇ داۋاملاشتۇرالايسىز. چۈنكى سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئاجا-
يىپ ياخشى، نېرۋىڭىزنى ئۆسمە بېسىۋالغاچقىلا، سىز قاردا
يىقىلىپ چۈشكەن ھەم ئورنىڭىزدىن تۇرالماس بولۇپ قالغان.
مادىزون كارىۋاتتا ياتقان جېففېرسونغا كۆيۈنۈپ تۇرۇپ:
— سىز ئاقسارايدىن مونتىسېللو قورۇقىغا قايتىپ كەلگەن-
دىن كېيىن، يۈز ياشقا كىرگۈچە ئۇمۇر كۆرىمەن دېگەن ئەمەس-
مىدىڭىز؟ سىز بۇ قورۇقتا خۇددى ئاقسارايدا تۇرغاندىكىدەك
دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرگە ھەر كۈنى كۆڭۈل بۆلدىڭىز،
1800 ـ يىلى ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىڭىزدە مۇنداق بىر
مەشھۇر سۆز بار: «مەن پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس سۇپىسى ئال-
دىدا قەسەم قىلدىم، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئازابلايدىغان ھەرقان-
داق شەكىلدىكى زالىملىققا مەڭگۈ قارشى تۇرىمەن.» بۇ سۆزد-
ىڭىز گەرچە ۋەزىپىڭىزدىن بوشانغان بولسىڭىزمۇ، مۇستەقىللىق
ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىدىغانلىقىڭىزنى چۈ-
شەندۈرىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.
جېففېرسون بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:
— ئەلۋەتتە!
مادىزون نەسىھىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— سىز ئامېرىكا ۋە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغىلا

كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، يەنە كۈتۈپخانىڭىزدا پەلسەپىنى بىرلىپ ئۆگىنىسىز، ئىقتىسادنى، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىناكارلىقنى تەتقىق قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— ناۋادا ئۆمرۈم يار بەرسە، مەن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىمەن... ، — دېدى جېففېرسون.

مادىزون:

— شۇنداق ئىكەن، سىز دوختۇرلارنىڭ بىر قېتىملىق ئۇزۇل - كېسىل ئوپېراتسىيىسىنى قوبۇل قىلىڭ. يۇلۇن تۇۋرۇكىڭىزدىكى كىچىك ئۆسمىنى ئېلىۋەتسە، سىز يەنە ئۆمۈر كۆرەلەيسىز! ... ، — دېدى.

— ياق، ياق، ياق... ، — جېففېرسون جاھىللىق بىلەن بېشىنى چايقاپ. مونرو، مادىزون ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ھوشىنى يوقاتتى.

ئوپېراتسىيە قىلىش پىلانى سۇغا چىلاشتى!

## ۋاپات بولۇش ئالدىدا ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىرىشتە چىڭ تۇردى

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەكشەنبە ئىدى.

مونتىسېللو قورۇقىدا بىرنەچچە كۈن ئېسىنى بىلمەي ياتقان جېففېرسون بۈگۈن بارا - بارا ھوشىغا كەلدى. ئۇ بېشىدا تۇرغان قىزىغا ئەينەك ئەكېلىشنى تاپىلىدى. ئەينەكتىن ئۇ ئۆزىنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن قىياپىتىنى كۆردى، ئۆزۈندىن بۇيان چۈشۈرۈلمەي، ساقال بېسىپ كەتكەن يادائغۇ چىرايىنى كۆرۈپ جېففېرسون بىرىنچى قېتىم ھەسرەتلەندى.

— ساقىلىم... چۈشۈرۈۋېتىدىغان چاغ بولۇپ قاپتۇ! — دېدى جېففېرسون دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

قىزى دادىسىنىڭ بۇ گېپىدىن بەك بىئارام بولدى. ئۇ جېففېرسوننىڭ پاخپىيىپ ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى پاك - پاكىز چۈشۈرگۈزۈۋەتتى. جېففېرسون ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ياداڭغۇ، ئەمما بۇرۇنقى چىرايىنى كۆرۈپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

— مەن... ۋىرگىنىيىگە بارىمەن! ...، — ئېغىر كېسەل بىلەن يېرىم يىلغا يېقىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بوۋاي بىردىنبىر قىزىغا ھەيران قالارلىق بىر ئىلتىماسنى دېدى.

— نېمە دېدىڭىز؟...، ۋىرگىنىيىگە بارىمەن دېدىڭىزمۇ؟ — قىزى تېڭىرقاپ قالدى، چۈنكى قىزىنىڭ نەزىرىدە جېففېرسوننىڭ بۇ ئىلتىماسى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىلتىماس ئىدى. بىر يىلنىڭ ئالدىدا داۋالاش گۇرۇپپىسى جېففېرسوننىڭ كېسىلىنى تەلتۆكۈس ساقايتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋىرگىنىيە شتات دوختۇرخانىسىدا يېتىپ ئوپېراتسىيە قىلىنىشىنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، جېففېرسوننىڭ قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈشى بىلەن ئۇ ئۆزۈنراق ئۆمۈر كۆرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ۋىرگىنىيىگە بېرىش توغرىسىدىكى ئورۇنسىز تەلىپىدىن ھەيران بولغان قىزىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— دادا... ۋىرگىنىيىدە نېمە قىلىسىز؟ ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇڭىز بارمۇ- يە؟...، — قىزى ھەيرانلىق ئەكس ئەتكەن نەزىرى بىلەن دادىسىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا «لەپپىدە» قاراپ، ئۇنىڭ ۋىرگىنىيىگە بېرىشتىكى مەقسىتىنى دەماللىققا پەرەز قىلالمىدى.

— ياق، ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايمەن —، ...ئوپېراتسىيىنى قورقۇنچلۇق ئىش قاتارىدا كۆرىدىغان جېففېرسون ئاپئاق بېشىنى جاھىللىق بىلەن چايقىدى، — مېنىڭ مەكتىپىمنى يەنە كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ...

— ھە؟ سىز ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى كۆرمەكچىمۇ؟ — قىزى دادىسىنىڭ ۋىرگىنىيىگە بېرىشتىكى مەقسىتىنى شۇئان

چۈشەندى. ئۇ ياشانغان جېففېرسوننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈن-لىرىدە ئۆزى مەبلەغ سالغان، قۇرۇلۇش چېرتيوژلىرىنى ئۆزى لايىھىلىگەن ھەم ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۆزى تەكلىپ قىلغان ئاشۇ ئالىي مەكتەپكە كۆڭلى تارتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. خىز-مەتتىن بوشانغان ئون سەككىز يىلدىن بېرى ئۇ پەقەت مۇشۇ ئىشنىلا قىلغانىدى. بۇ جېففېرسوننىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى ئار-زۇ - ئارمانلىرىنىڭ روياپقا چىقىش ئالدىدىكى رېئاللىق ئىدى.

«كىتاب ئوقۇش مېنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم!» دەيتتى ياش جېففېرسون پات - پاتلا. بۇ ئۇنىڭ ئىنتىلىشى ھەم تەسىراتى ئىدى. ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشى-دىن ئۆتكۈزۈپ ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئەڭ ئالىي سىياسىي سەھنە— ئاقسارايدىن ھاياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان مونتىسېللو قورۇقىغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلگەن چاغدا زوق - شوخ بىلەن قىلىدىغان گېپى يەنىلا «كىتاب ئوقۇش» ئىدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە ئوقۇش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتقان، شۇڭا ئۇ يۇرتىغا قايتىپ قىلغان بىرىنچى چوڭ ئىشى، ئۆز پۇلى ئارقىلىق يۇرتى ئۈچۈن بىرقەدەر زامانىۋى بولغان ئۇنىۋېرسىتېت سېلىش ئىدى.

جېففېرسون ئۆزىنىڭ پات ئارىدا پانىي دۇنيا بىلەن ۋىدالى-شىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھوشىغا كەلگەن ھامان، قىل-ماقچى بولغان ئاخىرقى ئىشى— كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى نادىر ئەسىرى — ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسى-تېتىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش، شۇ ئارقىلىق كۆڭلى تەسكىن تېپىش ئىدى!

— ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى كۆرمەن دېسىڭىز ئەلۋەتتە بولىدۇ! — قىزى جېففېرسوننىڭ ئىلتىماسىنى ئىنتايىن چۈشى-نەتتى ھەم ئۆزۈن مەزگىل كارىۋاتتا ياتقان دادىسىنى چاقلىق

ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاپتاپقا سېلىپ ھاۋا يېدۇرۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، قىزى دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىدە ئېيتقۇسىز بىر ئەندىشە پەيدا بولدى. ئۇ ئەنسىرىگەن ھالدا:

— لېكىن ... سالامەتلىكىڭىز ھەقىقەتەن... ، — دېدى.

— قورقما، سالامەتلىكىم ناھايىتى ئوبدان! — جېففېرسون قىزىنىڭ گېپىنى جاھىللىق بىلەن ئۈزۈۋېتىپ كۆچەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئور-نىدىن تۇرالمىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا قەتئىي تەلەپپۇزدا، — تىنىقسىملا بولىدىكەن بىر قېتىم بولسىمۇ مەكتەپنى كۆرگىلى بارىمەن! ... ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

قىزى خۇرسىنىپ قويدى. ئۇ دادىسىنى بۇ ئىشتىن توسۇيال-مايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ داۋالاش گورۇپپىسى-دىكىلەر بىلەن بىرگە جېففېرسوننى ئەينەكلىك پەيتۇنغا سېلىپ، ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئېلىپ باردى.

ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى جېففېرسوننىڭ كۆز ئالدىدا ناما-يان بولدى. بۇ ئامېرىكىدىكى ئەڭ زامانىۋى يۇقىرى بىلىم يۇرتى ئىدى. قەدىمىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان ھەيۋەتلىك ئوقۇتۇش بىنا-سى، فىزىكا - خىمىيە تەجرىبە بىناسى، پەلەمپەي شەكىللىك مەجلىسخانا، تەنتەربىيە سارىيى ۋە مىڭ كىشىلىك ياتاق بىناسى بۇ يەردە قەد كۆتۈرگەنىدى. دەل - دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان مەكتەپ رايونى بىلەن چوڭ پۇتبول مەيدانى مەكتەپ قورۇسىنى ناھايىتى يوغان كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەينەكلىك پەيتۇندا سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان بوۋاي - جېففېرسون ئاقسارايدا زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرغان چاغلاردا مائاشىدىن تېجەپ، دادىسى پېتىر جېففېرسوندىن قالغان يەرلەرنى سېتىپ تاپقان پۇللارغا سالدۇرغانىدى. شۇ تاپتا ۋىرگىنىيە ئۇنى-ۋېرسىتېتىدا ئۆزى لايىھىلىگەن بىنالارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاز-

لىقىنى كۆرگەن جېففېرسوننىڭ ياداڭغۇ چىرايىدا چەكسىز خۇر-سەنلىك ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى ئارزۇسى چېچەك ئاچقانىدى.

جېففېرسون بۇ مەكتەپكە بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بۇ مەكتەپ ئىككى يىل ئىلگىرى ئوقۇش باشلىغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا مەكتەپنىڭ پەخرى مۇدىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئالەمچە شادلىققا تولدى. بۇ مەكتەپنىڭ جېففېرسونغا كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرگەن چاغلىرىمۇ بولغانىدى. بۇلتۇر يازدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەرزىمەس بىر ئىش بىلەن ئورۇنسىز غەل-يان كۆتۈرگەنلىكى ھېلىمۇ بوۋاينىڭ يادىدا ئىدى. بۇ ئىشتىن مونتىسېللو قورۇقىدا پىنھان ياشاۋاتقان جېففېرسون قاتتىق قاي-غۇرغان ھەم ئازابلانغانىدى. ئۇ دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەليا-نىنى تىنچىتقىلى بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەليانىنى تىنچىتقۇدەك ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقى-دىن بۇ ئىشنىڭ تېخىمۇ يوغىناپ، ئابرۇيلۇق بىر تۈركۈم پرو-فېسسورلارنىڭ غەزىپىگە پايلىماي ئىستېپا بېرىدىغانلىقلىرىنى كىم ئويلىغان! ئىشنىڭ بۇنداق بولارىنى جېففېرسون كۈتمىگەنى-دى. ئۇ مونتىسېللو قورۇقىدىن ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا شەخسەن ئۆزى بېرىشنى قارار قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ھېلىقى غايەت يوغان پەلەمپەي شەكىللىك مەجلىسخانىدا جېففېرسوننىڭ ھەققانىي نۇتقىنى ئاڭلاپ، قىلغان ناتوغرا ئىشلىرىغا ئۆزۈل - كېسىل توۋا قىلىشتى. مەكتەپ قۇرغۇچى سابىق زۇڭتۇڭ جېف-فېرسوننىڭ ئىنسانپەرۋەرلىككە تولغان نۇتقىنى ئاڭلىغان ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن پۇشايمان ياشلىرى تۆكۈلدى. ئوقۇغۇ-چىلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تونۇپ يەتتى، ئۇلار غەزىپىگە پايلىماي ئىستېپا بەرگەن پروفېسسورلارنى قايتۇرۇپ كېلىشتى، بۇنىڭغا پەقەت بىر كۈنلۈكلا ۋاقىت كەتتى، جېففېرسون ئۆزىنىڭ

ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن نەچچە كۈن داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، ئالىي مەكتەپنىڭ بۇرۇنقى تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى:

—توماس ئەپەندى كېلىپتۇ! —قايسىدۇر بىر ئوقۇغۇچى جېففېرسوننىڭ كونا ئەينەكلىك پەيتۇنىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ سىنىپلاردىن يوپۇرۇلۇپ چىقىشتى. ئوقۇغۇچىلار جېففېرسوننىڭ پەيتۇنىنى مەكتەپ مەركىزىدە ئورىۋېلىشتى. ئۇلار جېففېرسوننىڭ ئىسمىنى چاقىرىشاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاش پەلەمپەي شەكىللىك مەجلىسخانىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرىدىغان نۇتۇق سۆزلىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى.

ئەمما كېسەللى پىشىپ قالغان جېففېرسوننىڭ نۇتۇق سۆزلەش تۇگۇل پەيتۇندىن چۈشۈپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكۈدەك مۇ ماجالى يوق ئىدى. جېففېرسون پەيتۇننىڭ دېرىزىسىدىن ئوقۇغۇچىلارغا بېشىنى لىڭشىتىپ، مىيىغىدا كۈلۈپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئوقۇغۇچىلار يىغلىشىپ كېتىشتى. ئۇلار مۇشۇ ئالىي مەكتەپ ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان جېففېرسوننىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن چاغدا ئۇنىڭ بۇ خىل پىداكارانە روھىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى. سانجاق ـ سانجاق كىشىلەر ئارىسىدا يىغا ئاۋازى دەم كۈچىيىپ، دەم پەسىيىپ تۇردى...

جېففېرسون مونتىسېللو قورۇقىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولۇپ ھەم چارچاپ كەتكەچكە، كېسەلى ئېغىرلاپ يەنە بىر قېتىم ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جېففېرسون يەنە ھوشىغا كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم ناھايىتى روھلۇق ئىدى، ھەتتا جان ـ جەھلى بىلەن تىركىشىپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى. قىزى ۋە بېشىدا تۇرغان

يېقىن - يورۇقلىرى جېففېرسوننىڭ نورمال بولمىغان كۆچىنىدىن ئۇنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، بەك جىددىيلىشىپ كېتىشتى.

— ئۆمرۈم چېكىگە يېتىپ قالدى، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن ھازىر ئاخىرقى بىر ئىشنى قىلماقچىمەن، مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمگە قانداق خاتىرە تېشى تىكلىنىشىم كېرەك! — جېففېرسون ئاجايىپ سوغۇق قان ھەم ئاجايىپ ھوشيار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىرگىنىيىدە بىر ئالىي مەكتەپ سالغانلىقىنى، مۇشۇ مەكتەپ ئۈچۈن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى، دادىسىدىن قالغان مونتىسېللو قورۇقىدىكى بارلىق مال - مۈلۈكنى سەرپ قىلىپ بولغانلىقىنى بىلەتتى. مانا ئەمدى قورۇقتا تۆت تامدىن باشقا قىزى ۋارىسلىق قىلغۇدەك ھېچقانداق مال - مۈلۈك قالمىغانىدى. شۇڭا جېففېرسوننىڭ ۋەسىيەت يېزىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى، چۈنكى ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلىپ بولغانىدى.

— قەلەم ئەكېلىڭ! — جېففېرسون بىتەلەي قىزىغا شۇنداق دېدى. قىزى دادىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا جان يوقلۇقىنى، قەلەم تۇتۇشتىن ئاللىقاچان قالغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا دەرھال قەغەز - قەلەم تېپىپ كېلىپ، جېففېرسوننىڭ ئالدىدىكى چاققانغىنە ئۈستەلگە ئېگىشىپ، دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىم ئولتۇردى.

— قىزىم، كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا قەبرە تېشى تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلسە، قەبرە تېشىغا مۇنداق يېزىڭ... — ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان جېففېرسون پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئالدىدا ئولتۇرغان قىزىغا پىچىرلىدى. قىزى قەبرە تېشىغا پۈتۈلىدىغان سۆزنى جېففېرسوننىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە يازدى:

«‹مۇستەقىللىق خىتابنامىسى› نىڭ ئاپتورى،
ۋىرگىنىيە دىنىي ئەركىنلىك قانۇن ـ نىزامىنىڭ تۈزگۈ-
چىسى،
ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتىسى،
توماس جېففېرسون مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىندى...»

توماس جېففېرسون ئىككى كۈندىن كېيىن مونتىسېللو قو-
رۇقىدىكى ھۇجرىسىدا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقىدا
بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈ خوشلاشتى، دەل شۇ كۈنى ئۇ باشقىلار
بىلەن بىللە تۈزگەن «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىن-
غانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى! پۈتكۈل ۋا-
شىنگتون شەھىرىدە «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دۇنياغا كەل-
گەنلىكىنىڭ ئەللىك يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈل-
گەن شادلىق سادالىرى يېڭىلا بېسىقىپ نەچچە سائەت ئۆتمەي
جېففېرسون ۋاشىنگتوندىن يىراق مونتىسېللو قورۇقىدا ئۆزىنىڭ
سەكسەن ئۈچ يىللىق ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇردى!

ئون يىلدىن كېيىن جېففېرسون بارلىقىنى بېغىشلىغان ۋىر-
گىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قورۇسىدا ھەيۋەتلىك بىر مىس ھەي-
كەل تۇرغۇزۇلدى. ئۇ توماس جېففېرسوننىڭ ھەيكىلى ئىدى!
بۇ ھەيكەل بىلىمگە تەشنا كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارنى جېففېر-
سوننىڭ پەقەت زوڭتۇڭلا ئەمەس، بەلكى مائارىپنى بىلىدىغان،
ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئېسى-
دە ساقلاشقا ئۈندەيتتى!

# تۆتىنچى باب

# «ئاساسىي قانۇن ئاتىسى»

## — تۆتىنچى زۇڭتۇڭ جامېس مادىزون



جامېس مادىزون 1751 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتى ئوررىن ناھىيىسىدىكى كاتتا قورۇق ئىگىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن تارتىپلا ئەقىللىق بولغان مادىزون ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغۇچە بولغان ئارىلىقتا لاتىن، ئىنگلىز، گرېك ۋە ئىسپان يېزىقلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن؛

1769 ـ يىلى بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ قانۇن ئۆگەنگەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛

1774 ـ يىلى ئوررىن ناھىيىسىدە بىخەتەرلىك ۋە چارلاش كومىتېتى-نىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان؛

1776 ـ يىلى ۋىرگىنىيە شتاتى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان؛ «ۋىرگىنىيە ئاساسىي قانۇنى» نى تۈزۈشكە قاتناش-قان؛

1777 ـ يىلى ۋىرگىنىيە شتاتى ھۆكۈمەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ

ئەزاسى؛ شۇ يىلى شتاتلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرى يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان؛

1779 ـ يىلى چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنىنىڭ ۋەكىلى بولغان؛ جېففېر-سون بىلەن بىرگە «خەلق ئاخباراتى» گېزىتىنى تەسىس قىلغان؛

1784 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلان-غان؛

1789 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1801 ـ يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان؛

1808 ـ يىلى ئامېرىكا فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ، شۇ يىلى قىرىق يەتتە ئاۋازغا قارشى بىر يۈز يىگىرمە ئىككى ئاۋاز بىلەن فېدېراتسىيە پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى چارلىس پىنكنېينى يېڭىپ، ئامېرىكىنىڭ تۆتىنچى زۇڭتۇڭى بولغان؛

1809 ـ يىلى ئاقسارايغا كىرگەن؛

1812 ـ يىل 6 ـ ئايدا يەنە بىر نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولۇش ئۈچۈن سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىۋېتىپ پارلامېنتقا ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش تەكلىپىنى سۇنغان، 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەنگلىيىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلىنغان؛ 1814 ـ يىلى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئۇرۇش توختى-تىشتىن دېرەك بېرىدىغان «گېنت كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان؛

1817 ـ يىلى ئۇدا ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇپ يۇرتىغا قايتقان؛

1836 ـ يىلى سەكسەن بەش يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

## يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز سەكتە بولۇپ قالدى

1835 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جامېس مادىزون ئۇخلاۋېتىپ ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ كەتتى. ئارقىدىنلا ۋىرگىنىيە شتاتى ئوررىن ناھىيىسىدىكى تاغ باغرىغا سېلىنغان ياغاچ بىنانى يەنە ئېغىر جىمجىتلىق ئۆز قوينىغا ئالدى.

ياندىكى ھۇجرىدا ياتقان دوللى پېس خانىم مادىزوننىڭ جىم-

جىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن قىش كېچىسىدە تۇيۇقسىز چۆچۈپ ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئوتتۇرا ياشلاردا بولسىمۇ ئىس-كەتىدىن كەتمىگەن بۇ خانىم ئۆزىنىڭ ئورۇق ھەم پاكار، گىرغا سالسا ئەللىك كىلوگراممۇ چىقمايدىغان ئېرىنىڭ تۈن كېچىدە ئېچىنىشلىق ۋارقىرىشىدىن ھودۇققان پېتى خالىتىنى كىيىپ، دېدەكنىڭ يۆلىشى بىلەن دەلدەڭشىگىنىچە ياندىكى ھۇجرىغا كىر-دى. ئادەتتە ئۇخلىغاندا، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلمەيدىغان مادىزون نېمە ئۈچۈندۇر توق قىزىل پولغا يىقىلىپ چۈشكەنىدى.

مادىزوننىڭ ياداپ كەتكەن چىرايى تامدەك تاتارغان، چاچلى-رى پاخپايغان، كۆزلىرى چەك يۇمۇلغان. كارىۋاتتىن تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشكەندە، قورقۇپ كېتىپ ياردەمگە ئادەم چاقىرماقچى بولغان بولسا كېرەك، ئاغزى ھاڭدەك ئوچۇق ئىدى. ئۇ نېپىز ئەدىيالغا ئورىلىپ ياتاتتى، تېنى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئازابلىق ھالىتىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلماي تۇرالمايتتى.

— جامېس، نېمە بولدىڭىز؟ — يۈرىكى سەل ئورنىغا چۈشكەن ئېگىز بويلۇق، بەدىنى تولۇق كەلگەن دوللى خانىم ئېرى مادى-زوننىڭ كارىۋىتىدىن ھەرگىزمۇ باشقا بىر سەۋەب بىلەن چۈشۈپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ياغاچ بىناسى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى دەرەخلىك دۆڭنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانىدى. بۇ يەر ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭىنىڭ داچىسى بولغاچقا، يەرلىك ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرى مۇھاپىزەتچىلەر-دىن بىر قىسىم كۈچ ئاجرىتىپ قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتكەنىدى. 1817 - يىلىدىن تارتىپ جامېس مادىزون زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ، ئاقسارايدىن يېنىپ چىقىپ ئۆزى تۇغۇل-غان ھەم چوڭ بولغان يۇرتىدا ماكانلاشقاندىن بېرى مەنزىرىلىك ۋە ھاۋالىق داچىدا ئۇنى ھېچكىم ئاۋارە قىلمىغانىدى. ھەرقانداق بىر ئەبلەخنىڭ تۈن كېچىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي داچىغا يوشۇ-

روْن كىرىپ هوقۇقىدىن ئايرىلغان سابىق زۇڭتۇڭنى پاراكەندە قىلىشى ياكى ساراسىمىگە سېلىشى ئەقىلگە سىغمايتتى، ئەلۋەتتە!

شۇنداق ئىكەن، مادىزون نېمىشقا بىردىنلا ۋارقىراپ كاردۋاتتىن پولغا يىقىلىپ چۈشىدۇ؟ لېكىن مادىزوننىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچلۇق ئالامەتلەردىن ئۇنىڭ نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەن قانداقتۇر بىر ئىشتىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ ۋارقىرىغان پېتى پولغا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. دوللى خانىمنىڭ قارىشىچە، مادىزون بىرەرنىڭ پاراكەندە سېلىشىدىن قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ سالغان ئەمەس، ئۇ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەن، شۇ چۈشىنىڭ تەسىرىدىن كارىۋاتتىن پولغا دومىلاپ چۈشكەن بولسا كېرەك!

— جامېس، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! سىزنى چاقىرىۋاتىمەن، كۆزىڭىزنى چاپسان ئاچسىڭىزچۇ! — دوللى پولدا ئەس - ھوشىنى بىلمەي ياتقان مادىزوننىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ مادىزون بىلەن توي قىلغان شۇنچە يىلدىن بېرى ئېرىنى بۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەنىدى. چىرايى خاتىرجەم، قاش - كۆزلىرى جايىدا مادىزوننىڭ بىر كېچىدىلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ بۇ ھالدا يېتىشى دوللى خانىمنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتى. مادىزون نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى، جاۋغىيىدىن شۆلگەي ئاقاتتى، بىر قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھاۋاغا بىرنېمىلەرنى سىزاتتى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن دوللى خانىم ھەيران قالدى.

«جامېس ئۇ… ئۇشتۇمتۇت قانداقتۇر بىر تۇرلۇك غەلىتە كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن! … پەرۋەردىگار، بۇ زادى قانداق ئىش؟!» دېدى دوللى خانىم جىددىيلەشكەن ھالدا.

مادىزون كېچىلەپ ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى نوپۇزلۇق دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈلۈپ جىددىي قۇتقۇزۇلدى. دوختۇرلار ھوشىنى

ياتقان مادىزوننىڭ كېسىلىنى تېزلا ئېنىقلاپ چىقىپ، دوللى خانىمنى خەۋەردار قىلدى. مادىزوندا بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرىلا يۈرەك قان تومۇرلىرى قېتىشىش، قاندا ماي تەركىبى يۇقىرى بولۇشتەك ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر ئېغىرراق ئىدى. سوغۇق چۈشكەندىن كېيىن قان تومۇرلار تۇرۇپ كېتىدىگەن، تۇرۇپ تارايغان، نەتىجىدە مادىزون بىردىنلا سەكتە كېسەللى بولۇپ قالغانىدى.

مادىزون زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى زېرىكىشلىك كۈنلەرگە ماسلىشىپ كېتەلمىدى. بۇ ئازابقا چىدىماي بىردىنلا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، دەردىنى ھاراقتىن ئالدى. دوللى خانىم تالاي قېتىم نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى كەيپتىن توسۇغان بولسىمۇ، مادىزون يەنىلا ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، ئىچكۈلۈككە قاتتىق بېرىلىپ كەتتى. دوللى خانىم مادىزوننىڭ بىردىنلا سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشى كۆچلۈك ھاراقنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراشقا كەلدى.

سابىق زۇڭتۇڭ مادىزون كارىۋاتتا توپتوغرا قىرىق نەچچە كۈن بىھوش ياتتى. دوختۇرلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق، 1836 ـ يىلى يېڭى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشى بارا ـ بارا ئەسلىگە كەلدى. مادىزون ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ ئامان قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ناھايىتى ئۇچقۇر بولغان پىكىر ـ خىيالى قايتىدىن قاناتلىنىپ ئالىلىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئاشۇ چاغلارنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى...

## بىكارچىلىقتا ئۆتكەن زېرىكىشلىك كۈنلەردىن قۇتۇلدى

«پېس، مېنىڭ يۇرتۇم ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ئەڭ ئوبدان جاي. ئورىرىن ناھىيىسى شتات بويىچە مېۋە - چېۋە ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ئەڭ چوڭ ئېكىنزارلىق خوجايىنى!» 1717 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىككى نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولغان جامېس مادىزون ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ خانىمى دوللى پېس خانىم بىلەن ئاقسارايدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن يۇرتى ئورىرىنغا قايتتى. ئاتمىش تۆت ياشقا كىرگەن مادىزون پەيتۇندا كېتىۋېتىپ ئۆزىدىن ئون يەتتە ياش كىچىك، چىرايلىق خوتۇنى دوللى پېسقا گۈزەل يۇرتىنى ھاياجانلىنىپ تەسۋىرلەپ بەرمەكتە ئىدى.

دوللى خانىم ئېرىنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالماقچى بولغانلىقىدىن تەسىرلەنمەكتە ئىدى. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى كۈنلەر باشتا ئىچ پۇشۇقىدا ئۆتتى. چۈنكى مادىزون مەشھۇر كەسپىي سىياسەتچى ئىدى، قىرىق يىللىق سىياسىي ھاياتىدا ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ھەرۋاقىت بىر قىسىم مۇخلىسلىرى ھازىر بولۇپ كەلگەنىدى. مادىزون تالاي مېھماندارچىلىق، زىياپەت ۋە دىپلوماتىيە سۆھبەتلىرىگە داخىل بولاتتى. مانا ئەمدى ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن مادىزون زېرىكىشلىكتە ئىچى پۇشۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. لېكىن ئۇ بۇ خىل پۇقرالارچە تۇرمۇشقا ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ كەتتى. مادىزون ئاللىبۇرۇن تۇغەپ كەتكەن دادىسىنى ئۈلگە قىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان مىڭ گېكتار مۇنبەت يەردىن پايدىلىنىپ، دادىسى ھايات ۋاقتىدا تىرىكچىلىك قىلغان كاتتا ئېكىنزارلىقتا ئىشلەمچىلەر بىللە ياڭاق، ئاناناس، شاپتۇل، ئالما ۋە ئەنبەھ تىكتى.

مادىزون بەئەينى تەجرىبىلىك دېھقانىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ياپيېشىل ئېكىنزارلىقتا ئىشلەمچىلەر بىلەن بىر-گە مېۋىلىك دەرەخلەردىكى قۇرتلارنى يوقىتىشقا قاتنىشاتتى، ھا-رام شاخلارنى پۇتايتتى ياكى دورا چاچاتتى، ئۇنىڭ ھەر ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىدىغان تۇنجى ئىشى مۇشۇ ئىدى. ئۇ ناشتى-دىن كېيىن باغقا يەنە بېرىپ، باغدا ئىشلەۋاتقان ئىشلەمچىلەر بىلەن مېۋىلەرنى قانداق قىلغاندا ئىمكان بار تېز يېتكەپ، كۆكۆل-دىكىدەك باھادا ساتقىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. مادىزون بەش يىلنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈپ ئورىنى ناھىيىسى بويىچە ئەڭ باي ئېكىنزارلىق خوجايىنىغا ئايلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي باغنىڭ مېۋىلىرى ئامېرىكىدىكى ئون نەچچە شتاتتا سېتىلىدىغان، كېيىن كانادا قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ باققال - سودىگەرلىرى-مۇ ئورىنىغا كېلىپ مادىزون بىلەن مېۋە سېتىۋېلىش توغرىسىدا توختام تۈزىدىغان بولدى.

1826 - يىل 7 - ئايدا، ئۇ بەك چوقۇنىدىغان ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى توماس جېففېرسون ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ قۇرۇپ چىققان ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشلىرىنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قال-ماسلىقى ئۈچۈن مادىزون بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى خىراجەت بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە بىر باشقۇرغۇچىغا ئايلاندى. ئۇ ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلىرىدىلا مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەت-تى، مادىزون بەزىدە جېففېرسوننىڭ يەرلىرىنى داۋاملىق سې-تىپ، ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان راسخوت بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا پات - پاتلا مەبلەغ جەھەت-تىن ياردەم قىلىپ تۇردى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ياخشى ئۇستازى ھەم ئوبدان دوستى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ قەدىناس دوستىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ياخ-شى باشقۇرۇشقا كىرەك دەپ قارايتتى. 1827 - يىل 5 - ئايدا،

يەتمىش ئالتە ياشقا كىرگەن مادىزون ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ مۇۋەققەت مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

— پېس، ۋەزىپەمدىن قالغىنىمغىمۇ شۇنچە يىللار بولدى.
ئەمدىلىكتە جامائەت تەرىپىدىن يەنە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، داڭلىق
ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولىدىغانلىقىمنى ئويلى-
مىغانىكەنمەن! — يېڭى مۇدىرنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكى مۇ-
ناسىۋىتى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى
كەچتە دوللى پېس خانىم خۇشاللىقتا بېشى كۆككە يەتكەن مادى-
زون ئۈچۈن ئۇررىن ئەتراپىدىكى ياغاچ بىنادا كوكتېيل هارىقى
زىياپىتى بەردى. زىياپەتكە بۇرۇنقىدەك سىياسىي ساھەدىكى مۇ-
ھىم ئەربابلار ئەمەس، بەلكى ئېكىنزارلىقتىكى ئەر - ئايال
ئىشلەمچىلەر قاتناشقان بولسىمۇ، مادىزون تولىمۇ خۇشال كۆرۈ-
نەتتى.

— راست، جامېس، سىز ياشىرىپ كېتىۋاتىسىز، سىزنىڭ
ھازىرقى ھالىتىڭىزدىن ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن
چاغلاردىكى ھالىتىڭىزنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن! — دېدى دول-
لى خانىم لىق هاراق قۇيۇلغان پۇتلۇق رومكىنى كۆتۈرۈپ زىيا-
پەت ئەھلى ئالدىدا ئېرى مادىزون بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇۋې-
تىپ. مۇئامىلىگە ماھىر دوللى خانىم ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئەمەل-
دارلىق سورۇنىدا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىمەكتە ئىدى. ئۇ يېشى
يەتمىشكە يېقىنلاشقان ئېرى مادىزوننىڭ ئاددىي پۇقرا بولغاندىن
كېيىنمۇ ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدى-
غانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئامېرىكا قوشما
شتاتلىرىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى، ئەمما ئا-
دەتتىكى ئېكىنزارلىق خوجايىنى ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرى بولۇش،
شەكسىزكى، ئالاھىدە شەرەپ ئىدى.

كوكتېيل هارىقى زىياپىتىدىن كېيىن دوللى خانىمنىڭ تە-
شەببۇسى بىلەن مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن چوڭ باغدا

تانسا ئويۇشتۇرۇلدى. كۆك ئاسماندا تولۇن ئاي پارقىراپ تۇراتتى. كەڭ چىملىقتا ئالىيجاناب كىيىنگەن ئەر - ئاياللار تانسا ئوينىشاتتى. مادىزون گاھ ناخشا ئېيتىپ، گاھ تانسا ئويناۋاتقان خانىمى بىلەن ياشلار ئارىسىدا بىراقلا ياشىرىپ كەتكەندەك بولدى.

مادىزون مول ھوسۇل بېرىدىغان ھەم ھوسۇلى تېز سېتىلىدىغان باغقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ سىياسى سەھنىسىدە يەنە ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

1776 - يىل 4 - ئايدا، ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن مادىزون تېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتلىق دىپلومىنى يېڭىلا ئالغانىدى. ۋىجىك، ئەمما قاملاشقان بۇ ياش ئادۋوكات ۋېستمورېلاندا ئېچىلغان ۋىرگىنىيە شتاتى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا بىرىنچى قېتىم قاتناشتى. مادىزون شۇ قېتىملىق يىغىندا كېيىن ئۆزىگە ئۇستاز بولغان جېففېرسون بىلەن تونۇشتى. ئۇ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولدى. «ۋىرگىنىيە ئاساسىي قانۇنى» نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ئېكىنزار ئىگىسىنىڭ ئوغلى مادىزون شتاتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى. نىھايەت، ئۇ ئاقسارايدا قاتتىق قوللۇق سىياسەتچى بولۇپ باش كۆتۈردى. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ خېلى يىللاردىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن بىر مەزگىل غايىب بولغان، يۇرتىغا قايتىپ ئاددىي يۇقىرالىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان مادىزون بىردىنلا ئۆزى دەسلەپ باش كۆتۈرگەن شتات مەركىزىگە يەنە قايتىپ، ئېكىنزارلىقنى باشقۇرۇشتىن سىرت، سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولدى.

1829 - يىلى مادىزون سەكسەن ياشقا بېرىپ قالغان چاغدا، يۇقىرالار ئۇنىڭ جېففېرسوننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى باشقۇرۇش داۋامىدا قولغا كەلتۈر-

گەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ يىلى ئېچىلغان ۋىر-گىنىيە ئاساسىي قانۇنى يىغىنىدا ئۇنى يىغىن رەئىسلىكىگە سايلى-دى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مادىزوننىڭ كۈنلىرى سىياسىي ئىش-لار بىلەن بۇرۇنقىدەك ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئورۇن ناھىيىسىدىكى ئېكىنزارلىقنى خانىمى دوللى پېس خانىم-نىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆزى ھەر كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتىدا قانۇن تەتقىق قىلىش، قانۇن تۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولدى. ئۇ ياشلىقىدا ئۆگەنگەن قانۇن بىلىملىرىنى قېرىغان چېغىدا تولۇق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن تېپىل-غۇسىز پۇرسەت ئىدى. گەرچە شتات يىغىنىنىڭ رەئىسلىك ۋەزى-پىسى قولدا ئەمەلىي ھوقۇق بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمىسىمۇ، پۇتكۇل شتات ئەمەل قىلىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈش پۇقرالار ئۇ-نىڭغا بەرگەن چەكسىز ھوقۇق ئىدى!

ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا مادىزوننىڭ سالامەتلىكى بار-غانسېرى ياخشىلاندى. بىراق ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان ئادەتلەنگەن تاماكا چېكىش ۋە ھاراق ئىچىش ئادىتىنى تاشلىيالمىدى. ۋىرگى-نىيە ئاساسىي قانۇنى يىغىنىنىڭ رەئىسلىك ئورنىدا ياشلىقىنى يېڭىۋاشتىن ئۇرغۇتۇپ، چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان بىر چاغدا، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق سەكتە كېسى-لىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى!

## ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئاغزاكى ئەسلىمە قالدۇردى

باھار قۇياشىنىڭ يارقىن نۇرلىرى مادىزون ياتقان ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن مادىزوننىڭ كارىۋىتىغا چۈشۈپ تۇراتتى. باھار ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى، دوللى خانىم ئورۇنىدىكى باغدىن ئۈزۈپ كەلگەن بىر دەستە چىرايلىق ياۋا گۈلنى ئورۇن تۇتۇپ

يېتىپ قالغان مادىزوننىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇپ قويدى. ياۋا گۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى شۇئان ئازادە ھەم يورۇق ياتاققا تارقالدى.

— جامېس، بۈگۈن چىرايىڭىز باشقىچىلا ئوبدان، تۇنۇگۈندىكى پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى! — دوللى خانىم تاڭ سەھەردە ئەينەكلىك پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ، شەھەردىن خېلىلا يىراق ئورۇندىن ناھىيىسىدىن كەلگەنىدى. بۇ باھار كىرگەندىن كېيىنكى بىر تۇرلۇك يېڭى خىزمەت ئىدى. ئۇ ئېرى مادىزوننىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ يازاتتى.

مادىزون كېسەل ئازابىدىن خېلىلا ئورۇقلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى تۇتمايتتى، ئوڭ پۇتى باسمايتتى، ھېلىمۇ داۋالاش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، مادىزون گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىدى. لېكىن كېسەلنىڭ ئازابلىشى تۇپەيلى پات ئارىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ سالامەتلىكى ياخشى چاغلاردا ۋاقتىنى ئېكىنزارلىق ۋە شتاتنىڭ قانۇن تۈزۈش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى — كېيىنكىلەرگە ئاز - تولا يازما نەرسە — «ئەسلىمە» قالدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ بىردىنلا پۇشايمان قىلدى.

مادىزون سەكتە كېسىلى سەۋەبىدىن قەلەم تۇتالماس بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى تەلىپىنى نائىلاج ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۆمۈرلۈك ھەمراھى دوللى پېس خانىمنىڭ ئورۇندىشىغا تاپشۇردى!

دوللى خانىم ياش ۋاقتىدا تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ شىمالىي كارولىنا شتاتىدىكى جون دوۋد ئىسىملىك كاتتا ئادۋوكاتنىڭ خوتۇنى ئىدى. غۇنچە بوي، سۇرەتتەك گۈزەل، مۇئامىلىگە ماھىر دوللى خانىمنىڭ پېشانىسىگە «دۇنيادىكى ساھىبجاماللار بىلەن تەڭ كېلىدۇ» دېگەندەك تەتۈر قىسمەت پۈتۈلدى. تۇيۇقسىز

تارقالغان «سېرىق قىزىتما كېسەلى» ئەمدىلا ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان دوللى خانىمنى ھالال جۇپتىدىن، ئامراق ئوغلىدىن ئايرىۋەتتى.

تۇل قالغان دوللى خانىم ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت جەھەتتىكى تالانتىغا تايىنىپ ئامېرىكا يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تىكەندەك يالغۇز، شور پېشانە بۇ ئايال ياشاش ئۈچۈن ئىمكان بار بىرەر خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتۇشقا موھتاج بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىگە مەڭگۈ باشپاناھ بولالايدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھغىمۇ موھتاج ئىدى. ئامېرىكىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى پارىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئەينى چاغدا نامى چىقمىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر سىياسەتچى دوللى خانىمنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم كېيىن بىراقلا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان جامېس مادىزون ئىدى.

دوللى خانىم تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. مادىزون پاكار ھەم ئورۇق ئىدى. چوڭ سورۇنلارنى كۆرگەن دوللى خانىم مادىزونغا ئوخشاش مۇشۇنداق كۆرۈمسىز بىر ئادەمنىڭ پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشەلەرمۇ؟ دەپ تەشۋىشلەندى. بولۇپمۇ ئۇۋىن ئىسىملىك بىرىنىڭ مادىزون توغرۇلۇق يازغان «تەسىرات» ماقالىسىدىكى: «مادىزون بەئەينى سولىشىپ قۇرۇپ قاقشا ئايلانغان ئالمىغىلا ئوخشايدۇ» دېگەن قۇرلار دوللى خانىمنىڭ كۆڭلىدىكى ھەسرەت ئۈمىدسىزلىكىنى يەنىمۇ ئۇلغايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بويى بىر مېتىر يەتمىش سانتىمېتىر، مادىزونىنىڭ بويى بىر مېتىر ئاتمىش ئىككى سانتىمېتىر ئىدى. ئۇ كېيىن راستىنلا مادىزونىنىڭ خانىمى بولۇپ قېلىپ، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدە مادىزون بىلەن بىللە پەيدا بولۇپ قالسا، باشقىلارنىڭ شەكسىز مەسخىرىسىگە قالاتتى. شۇڭا دوللى خانىم بۇ توي ئىشىدا بىر قارارغا كېلەلمىدى.

— دوللى خانىم، سىز گۆھەرنى تاشقا ئۇرماقچىمۇ؟ مادىزون‑

نىڭ قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەن قېرى بويتاق ئىكەنلىكىنى بىلە-
سىز، ئەگەر ئۇنىڭ بويى پاكار بولمىغان بولسا، ئاللىقاچان توي
قىلغان بولاتتى! مۇشۇنداق ئەرلەر سىزنىڭ تېگىشىڭىزگە ئەر-
زىمدۇ؟

دوللى خانىم ئۆزىنىڭ مادىزون بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇنا-
سىۋەت ئورنىتىشى كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە ئەستايىدىل
ئويلىنىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدىغان
ئەربابلارنىڭ ئېسىلزادە خانىم - قىزلىرى ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك
تەلەپپۇزدا سوغۇق سۆز سەپتى. ئۇلار دوللى خانىمغا ئوخشاش
ساھىبجامال ئايالنىڭ مادىزونغا ئوخشاش كۆرۈمسىز ئەرنىڭ خو-
تۇنى بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئېسىلزادە خانىملار دوللى
پېسنى ئاياپ ئەمەس، بەلكى ئاياللارغا خاس ئىچى تارلىقتىن
شۇنداق قىلىۋاتاتتى!

— ياق، مادىزون ناھايىتى ئالاھىدە ئادەم، ئۇ ھامان بىر
كۈنى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ! — كۆپنى كۆرگەن ھەم مۇستەقىل
قاراشقا ئىگە دوللى خانىم مادىزوننىڭ قىرىق ياشقا كىرىپمۇ
تېخىچە ئۆيلەنمەي يۈرگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقنىغان،
ئەمما كىشىلەر ئاسان بايقىيالمايدىغان ئۇچقۇنلارنى كۆرگەندەك
بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مادىزون پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۇ-
لۇغۋار ئىشلارغا ئاتىۋەتكەن ھەقىقىي ئەركەك ئىدى. بولمىسا ئۇ
ئۆز بويىغا مۇناسىپ لايىق تاپقان بولاتتى.

دوللى خانىم ئۆزىنىڭ ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىنى ناھايىتى
تېزلا ھېس قىلدى. ۋىرگىنىيىدە تۇغۇلغان مادىزون ئوررىن
ناھىيىسىدە ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مىڭ گېكتار كېلىدىغان
مېۋىلىك باغقا، ئۇنىڭدىن باشقا ئازادە مېنبولئېر قورۇقىغا ئىگە
ئىدى. مادىزون ئەسلىدە ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئىگىلىك
ئاساسىدا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، خاتىرجەم ياشاپ كۈنلىرىنى
گۆلدەك ئۆتكۈزەلەيتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلماي ياقا يۇرتلاردا

مۇساپىر بولۇپ يۈردى. ناۋادا مادىزوننىڭ قەلبىدە ئۇلۇغۋار سىياسىي ئىستەك بولمىسا، ئۇ قىرىق ئۈچ ياشقىچە ئۆيلەنمەي، بويتاق يۈرمىگەن بولاتتى. دوللى خانىم كېيىن مادىزوننىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ «هوقۇق خىتابنامىسى» نى يازغانلىقىنى، زۇڭتۇڭ جېففېرسوننىڭ مەشهۇر «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى تۈزۈش جەريانىدا، مادىزون يازغان «هوقۇق خىتابنامىسى» نىڭ ئايرىم مەزمۇنلىرىنى ئۆرنەك قىلغانلىقىنى ھەم ئىشلەتكەنلىكىنى؛ 1781 - يىلى ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى قانۇنى «فېدېراتسىيە ماددىلىرى» نى تۈزۈشكە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. 1787 - يىلىدىن كېيىن مادىزوننىڭ دۆلەت ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىكىلەر ئۈچۈن رەتلەپ بەرگەن «مادىزون خاتىرىلىرى» قانۇن ساھەسىدىكىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان دەستۇرگە ئايلانغانىدى. دوللى خانىم شۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىدىكى، مادىزون گەرچە هازىر ئامېرىكىدىكى مۇهىم هوقۇق تۇتقان نوپۇزلۇق سىياسەتچى بولمىسىمۇ، بىراق، دوللى خانىم نىكاھ ئىشى بىلەن مىراسنى قۇربان قىلىۋەتكەن مادىزون غايەت زور قۇربان بېرىش بەدىلىگە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ دېگەن قاراشقا كەلدى.

«مەن جەزمەن ئۇنىڭغا تېگىمەن، جەزمەن ئۇنىڭغا تېگىمەن!» دوللى خانىم ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق ھېچكىمنىڭ كېپىگە قۇلاق سالماي، باشقىلار تەرىپىدىن «قاقىقا ئايلانغان ئالما» دېگەن ئاتاقنى ئالغان مادىزونغا ياتلىق بولۇشنى قارار قىلدى! ئۇ كۆزلىرىمنى ئالدىمايدۇ دەپ ئويلايتتى، مادىزوننىڭ ئۆزىنىڭ جورا تاللاش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئېسىلزادىلەر تائىپىسىگە ئارىلىشىپ يۈرىدىغان، ئەمەلدارلار سورۇندىكىلەرگە ھەۋەس قىلىدىغان دوللى خانىم لايىقىنىڭ بويى ئېگىز ۋە كېلىشكەن ئەر بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى

سىياسىي ئىستىقبالىنى كۆزلەيتتى.

مادىزون دوللى خانىم بىلەن نىكاھلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي
ئۇنىڭ ھاياتىدا ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىش بولدى. 1809 - يىل
3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال، ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى
چىملىقتا ھەربىي ئوركىستىر كىشىنى شادلاندۇرىدىغان «يۇلتۇز-
لۇق سىزىق بايرىقى» مۇزىكىسىنى ئورۇندىغان چاغدا، پاكىنەك
مادىزوننىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىك يۇزىسىدىن
ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا مۇراسىمنى كۆرۈۋاتقان دوللى خانىمنىڭ
كۆزلىرى ھاياجانلىق ياشلىرى بىلەن تولدى!

مادىزون قىرىق ئۈچ يىللىق بويتاقلىق ھاياتىغا خاتىمە بې-
رىپ كۆپ ئۆتمەي بىر ئۆمۈر كۈرەش بىلەن ئۆتكەن ھايات
مۇساپىسىنىڭ مېۋىسىگە ئېرىشىپ، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنى-
دى. دوللى خانىم مادىزوندەك كۆرۈمسىز ئەرگە تەگكەنلىكى
ئۈچۈن ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان ھېلىقى ئېسىلزادە خانىملارغا
غالىبلارچە نەزىرىنى تاشلىدى. مانا ئەمدى ئۇ ۋىرگىنىيە شتاتى
دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانىسىدا ياتقان مادىزوننىڭ خانىمى بو-
لۇش سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى — مادىزون بېسىپ
ئۆتكەن مۇشكۈل مۇساپىنى خاتىرىلىمەكتە ئىدى.

— مەن ئاقسارايدا ۋەزىپە ئۆتىگەن سەككىز يىل ئىچىدە بار-
ماق بىلەن ساناپ باقسام، ئىككىلا ئىشنى قىپتىمەن، — كېسەل
كارىۋىتىدا ياتقان مادىزون خانىمى دوللى پېسقا تىكىلىپ قارايت-
تى. ياشلىقىدىكى گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان بۇ ئايال ئۇنىڭ ھەر-
بىر ئېغىز سۆزىنىڭ بىر تال چېكىتىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي
خاتىرە دەپتەرگە چۈشۈرۈۋاتاتتى. ساناقلىق كۈنلىرى قالغان ما-
دىزون شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەۋاتاتتى. ئۇ بىر ئېكىن-
زار خوجايىنىنىڭ بەگزادىلىكىدىن قەدەممۇ قەدەم ئۆرلەپ سىيا-
سىي سەھنىگە چىقتى. قانۇن بىلەن يېڭى تونۇشقان تېئولوگىيە
ئىنستىتۇتىنىڭ ياش ئاسپىرانتى بارا - بارا ئامېرىكا جامائەتچىلى-

كى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان «ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئاتىسى» غا ئايلاندى، بۇ مەزگىلدە ئۇ ۋىرگىنىيە شتاتى، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» نى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. جۇملىدىن ياشلىق باھارىنى، مۇھەببىتىنى ۋە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قۇربان قىلدى، مادىزون ئاخىر بېرىپ ئامىنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولۇپ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى بولدى. ئاقسارايدىن يېنىپ چىققىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان مادىزون ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ پات ئارىدا باقىي ئالەمگە كېتىپ قالىدىغانلىقىنى كۆڭلى سەزگەن چاغدا، ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئاشۇ بىرقانچە يىلنىڭ ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. دېمىسىمۇ، شۇ چاغلار مادىزوننىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيتتى. بىراق ئەڭ مۇھىم ئىككى تۈرلۈك چوڭ ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايتتى. مادىزون گويا ئامېرىكىنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان ناھايىتى چوڭ بىر پارچە زېمىنىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ خوتۇنىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلالماي تۇرالمايمەن، مەن بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھوقۇق تۇتقان چېغىمدا ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي زېمىن كېڭەيتىشتە نامايان قىلدىم. 1803 - يىلى لۇئىسىئانادىكى كۆپلىگەن يەرنى ناپولېئوننىڭ قولىدىن تارتىۋالدىم. 1810 - يىلى مەن يەنە ناپولېئون ھەدەپ ئىسپانىيىگە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ فلورىدانىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ كەتكەن يەرلەرنى قولغا كىرگۈزدۈم. مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە مەدھىيىلەشكە ھەم ئامېرىكا تارىخىغا يېزىشقا تېگىشلىك تۆھپەم شۇكى، مەن ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى زېمىنلىرىنى كېڭەيتتىم. يېڭى شتاتتىن ئالتىنى

قۇردۇم! زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتونمۇ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشنى مەن قىلدىم!...

دوللى خانىمنىڭ قەلىمى قەغەز يۈزىدە شىتىرلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مادىزوننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلاردا ياراتقان تۆھپىلىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى.

— مەن قىلغان ئىككىنچى ئىش، مەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قورال كۈچى بىلەن باتۇرانە قوغدىدىم! — مادىزون چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاقسارايدا ئۆتكەن سەككىز يىللىق ھاياتىدا قىلغان ئىككىنچى تۈرلۈك چوڭ ئىشنى خۇلاسىلىدى. بۇ ئەنگلىيىگە قارىتا قوزغىغان ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى ئىدى. مادىزون كۆزلىرىنى يۇمسىلا، ئۇنىڭ كاللىسىدا 1812 - يىل 6 - ئايدا ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئۇرۇشىنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان كۆرۈنۈشى ئايان بولاتتى: ئۇرۇش پاراخوتلىرى دېڭىزدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. زەمبىرەكتىن ئېتىلغان ئوقلار گۈمبۈرلەيتتى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشى ئاستىدا ئەنگلىيىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئۇرۇش پاراخوتلىرى كەينى - كەينىدىن ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغانىدى. دېڭىزدا ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى لەيلەپ يۈرەتتى. ئەنگلىيە بايراقلىرى زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ ئېگىز ماچتىسىدىن غۇلاپ، بىر پارچە ئوت بولۇپ قان رەڭگىنى ئالغان دېڭىزغا چۈشەتتى... مادارى قۇرۇغان، تومۇرلىرى زەئىپ سوقۇۋاتقان مادىزون ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئۇرۇشىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن تېپىچەكلىدى. 1808 - يىلى مادىزون ئاقسارايغا كىرگەن چېغىدا سەزگۈر سىياسەتچىلەرگە خاس ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە كۈنگە - كۈنگە غالجىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە قارىتا ئۇلارنى

مەغلۇپ قىلىدىغان ئۇرۇش قوزغاش كېرەكلىكىنى كۆرۈپ يەتكە-
نىدى. مادىزون شۇنى بىلەتتىكى، ئۆزىدىن بۇرۇن ئاقسارايدا
ئادامس ھوقۇق تۇتقان چاغدا ئەنگلىيىلىكلەر دېڭىز ئارمىيىسى
جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىگە تايىنىپ دېڭىزدا كۆپ قېتىم زومىگەر-
لىك قىلىپ، ئامېرىكىغا قىر كۆرسەتكەنىدى. ئەنگلىيىنىڭ
دېڭىزدا قامال ئېلىپ بېرىشى ئامېرىكىدىكى ھەرقاتلام ئەربابلىرى-
نىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. ناۋادا مادىزون ھوقۇق تۇتقان مەز-
گىلدە ئەنگلىيىنىڭ دېڭىزدىكى قامىلىنى بىتچىت قىلىۋەتمىسە،
كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن زۇڭتۇڭ بولالماسلىقى ئۇ-
نىڭغا ئايدىڭ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مادىزون 1811 - يىل 5 -
ئايدا ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش نەدبىرىنى يولغا
قويۇپ، ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش ئۇچۇن ئاۋازغا ئېرىشىشنى قولغا
كەلتۇرمەكچى بولدى. مادىزون ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان-
دىن كېيىن گۇمران بولۇش سىنىقىغا دۇچ كەلدى. مادىزون
شۇ تاپتا ئۇرۇش يېڭى باشلانغان چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىگىنىدە
يۇرىكىنىڭ ھېلىھەم ئېغىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھايا-
جانغا چۆمگەن مادىزون دوللى خانىمغا ۋاشىنگتوننى قاپلىغان
ۋەھىملىك كۆرۈنۈشلەرنى پەس ئاۋازدا سۆزلەپ بەردى: «شۇ چاغ-
دا، مەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ۋاشىنگتونغا باستۇرۇپ كىرىپ
ئاقسارايغا ئوت قويۇۋېتىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر ۋەزىيەت
ئالدىدا تۇراتتىم. ۋاشىنگتون قولدىن كېتىش خەۋپى ئالدىدا
بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىلەن سۆھبەت ئۆت-
كۈزدى. ئەنگلىيىلىكلەر بىزنى مۇرەسسە قىلىشقا ۋە يول قويۇشقا
قىستىدى. ئەنگلىيىگە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە قاتتىق زەربە
بەرگەندىلا سۆھبەت ئۇستىلىدە غەلىبە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى
بىلەتتىم. شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۇۋات-
قان پەيتتە قوشۇنلارنى يېڭى ئورلېئانسۇل شتاتىغا ھۇجۇم قى-
لىشقا بۇيرۇدۇم. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرى

تەلتۆكۆس مەغلۇپ بولدى. ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بول-دى. ئەنگلىيىلىكلەر بىز بىلەن ‹گېنت شەرتنامىسى› نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى... ھەي، بىز ئاخىر نۇسرەت قازاندۇق! ...»

مادىزون دوختۇرخانىدا تارىخنى توختاپ - توختاپ ئاغزاكى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ئەسلىدە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە خوتۇنى دوللى پېسقا مۇكەممەل «تەرجىمىھال» يازدۇرۇپ قال-دۇرماقچىدى. ئەپسۇسكى مادىزون تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، دوللى قەلەم تەۋرىتىپ «تەرجىمىھال» يېزىۋاتقىنىغا ئەمدىلا يې-رىم ئاي بولغانىدى. شۇغىنىسى، مادىزونىنىڭ بىر مەزگىل ياخ-شىلانغان كېسىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر كېچىدە يەنە بىر قېتىم قوزغالدى، شۇنىڭ بىلەن يېزىش توختاپ قالدى.

بۇ قېتىم مادىزونىنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۇ پۈتۈنلەي بىھوش ھالەتتە ياتاتتى، مېڭىسىگە قان چۈشتى، كۆزلىرىگىمۇ قان تولۇپ كەتتى، ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ قالغانىدى. 6 - ئاينىڭ باشلىرى ساناقلىق كۈنلىرى قالغان مادىزونىنىڭ تومۇر سوقۇشلىرىمۇ بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى.

1836 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۈن يېرىمىدە، مادىزون غۇۋا چىراغ يورۇقىدا تىنىقتىن قالدى.

ئۇنىڭ جەسىتى ۋىرگىنىيە شتاتى ئورىن ناھىيىسىدىكى دۆڭگە يانداش باغنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان مىنبولىئېر قورۇقىغا قويۇلدى. مادىزونىنىڭ قەبرە تېشىغا «ئامېرىكا ‹ئاساسىي قانۇن ئاتىسى› مادىزون توماس» دېگەن بىر قۇر خەت ئويۇلدى.

بەشىنچى باب

# ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئەيىبلەش ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان

## — بەشىنچى زۇڭتۇڭ جامېس مونرو



جامېس مونرو 1758 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتى ۋېستمورېلاند ناھىيىسى ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى يەرلىك سوت ئەمەلدارى، بوۋىسى كىچىك قورۇق ئىگىسى ئىدى؛

1774 - يىلى ۋىلىيام ۋە مارى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندا ھەربىي قىسمغا قاتناشقان؛

1778 - يىلى مايور دەرىجىلىك ئۇنۋان بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن؛

1780 - يىلى يۇرتى ۋىرگىنىيە شتاتىدا پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ھەم سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويغان؛

1781 - يىلى مەزكۇر شتات باشلىقىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان ھەمدە چوڭ قورۇقلۇق يىغىنىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان؛

1786 - يىلى فرېدېس ئادۇوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئادۇوكات

بولغان، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك ھەربىينىڭ قىزى — ئېلزابېت كورتلاند خېنىم بىلەن توي قىلغان؛

1790 ـ يىلى ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولغان؛

1794 ـ يىلىدىن تارتىپ پارلامېنت ئۇنى ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى باشلانغان؛

1799 ـ يىلى دىپلوماتىيە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان، ياندۇرقى يىلى ۋىرگىنىيە شتا-تىنىڭ باشلىقى بولغان؛

1803 ـ يىلى پارلامېنت تەرىپىدىن ئامېرىكىنىڭ فرانسىيە ۋە ئەنگلى-يىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە ئەۋەتىلگەن؛

1811 ـ يىلى مادىزون ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنى چەت ئەلدىن يۆتكەپ ئەكېلىپ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلىگەن؛

1814 ـ يىلى پارتلىغان ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇشتا قۇرۇقلۇق ئارمى-يە ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان؛

1816 ـ يىلى فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان، سەكسەن سەككىز پىرسەنتتىن يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىپ زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان. ئۇدا ئىككى نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولغان؛ 1825 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋىرگىنىيىگە قايتىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان؛ 1831 ـ يىل 7 ـ ئايدا كېسەل تۈپەيلى يەتمىش ئۈچ يېشىدا نيۇيوركتا ۋاپات بولغان.

## نامازشامدا خوتۇنىغا ماتەم تۇتتى

1830 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى، ۋىرگىنىيە شتاتى ۋېستمورېلاند ناھىيىسىنىڭ جىمجىت كوچىلىرىدىن تاراق-شىپ چىقىپ كەلگەن ئەبجەق بىر پەيتۇن ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيە سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا كېلىپ توختىدى. پەيتۇندىن يارىشىم-لىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، ئېگىز بوي، يەتمىش ئىككى ياشلارغا كىرگەن بىر بوۋاي چۈشتى. ئۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى

بەشىنچى زۇڭتۇڭ، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يۇرتىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان جامېس مونرو ئىدى!

مونرونىڭ كۆز ئالدىدىكى زىچ قەبرىلەر قاپلىغان چوڭ قەبرىستانلىقتىكى ئوت - چۆپلەر شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، دەرەختىكى بىر توپ قاغا بۇ بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز كېلىشى بىلەن ئۈركۈپ تەرەپ -تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. قۇياش پېتىپ كېتىۋاتاتتى، كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئۇيۇققا قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى.

مونرو ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ۋېستمورېلاندتىكى كونا ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولدى؛ ئۇنىڭ زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا يىغقان مال - مۈلكى كۆپ ئەمەس ئىدى؛ ئازغىنا مال - مۈلكىدىن باشقا ھېچقانداق كىرىم مەنبەسى يوق ئىدى. لېكىن مونرو سىرتلارغا چىققاندا ھوقۇق تۇتقان چاغلىرىدىكىدەك كىيىنىشكە قاتتىق دىققەت قىلاتتى. ناھىيە سىرتىدىكى قەبرىستانلىقمۇ بىر قۇر قېنىق كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، ئۇنىڭ قولىدا چىرايلىق ئېچىلغان بىر دەستە ياۋا سامساقگۈل بار ئىدى.

ئۆزى بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە، ھايات - ماماتتا بىللە بولغان خانىمى ئېلىزابېت كورتلاند مۇشۇ يىلى يازدا كېسەل سەۋەبى بىلەن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مونرو ھەركۈنى نامازشام مەھەلدە، ئادەم يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ناھىيە سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا كېلىپ، دۇنيادىن خوشلاشقىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان خوتۇنىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا گۈل قويۇپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

كېسەلچان، چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن مونرو ئورۇقلاپ كەتكەن گەۋدىسىنى ئېگىپ، ئوشۇقىدىن سەللە ئېگىز ئۆسكەن شىۋاقلىقتا كەچكى شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان بىر تۇپ چىنار دەرىخىگە قاراپ ماڭدى. دەرەخ تۈۋىدە مونروغا تونۇش بىر يېڭى قەبرە بار ئىدى. قەبرە تېشىغا ئىنگلىز يېزىقىدا: «ئەنگلىيە

ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلادى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى مونرونىڭ رەپىد-
قىسى ئېلىزابېت كورتلاند خېنىمنىڭ قەبرىسى» دېگەن خەتلەر
ئويۇلغانىدى. قەبرىنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئاللىبۇرۇن سولىشىپ
سارغىيىپ كەتكەن نەچچە دەستە گۈل تۇراتتى. بۇ ئۇ ھەر قېتىم
تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندە ئالغاچ كەلگەن گۈلدەستىلەر ئىدى.
مونرو شۇ تاپتا ئىنتايىن ئىخلاسمەنلىك بىلەن قولىدىكى گۈلدەس-
تىنى ئېلىزابېت كورتلاند خېنىمنىڭ قەبرىسى ئالدىغا قويۇپ،
يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەۋاتقان قايغۇ - ھەسرىتىنى زورىغا بې-
سىپ، قەبرە ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ ئىچىدە ئايەت
ئوقۇۋاتاتتى.

«جامېس، بەك ئادالەتسىز جاھان ئىكەن بۇ، سىز ئەمدى
ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ زۇڭتۇڭى ئەمەس، ئەمما ئۇدا ئىك-
كى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭتۇڭسىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق
ھۆكۈمەت نېمىشقا مائاشىڭىزنى توختىتىپ قويىدۇ؟!»

مونرونىڭ قۇلاق تۈۋىدە كۈز شاملى ئۇشقىرتاتتى. مەرھۇ-
مەنى ياد ئېتىۋاتقان مونرو ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شامالدا رەپىقى-
سىنىڭ نارازىلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى.

«خانىم، بۇنداق ئاغرىنىپ كەتمەڭ، بۇنىڭغا ئامال
يوق، — مونرو گويا قەبرىدە ياتقان مەرھۇمە بىلەن يۈرىكى ئارقى-
لىق سۆزلىشىۋاتقاندەك تەرزدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرات-
تى، — خانىم، سىز ئەلۋەتتە بىلىسىز، ھەرقانداق بىر ئامېرىكا
زۇڭتۇڭىنى خەلق سايلاپ چىقىدۇ، خەلق سايلىغانىكەن، مەيلى
قايسىلا زۇڭتۇڭ بولسۇن، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ھامان
ئاددىي پۇقراغا ئايلىنىدۇ! بۇ تۈزۈمنى دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار
ۋاشىنگتون بېكىتكەن، بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ!...»

مەرھۇمەنىڭ ئاۋازى يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى:
«لېكىن... مەن تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭلارغا نېمىشقا ما-
ئاش بەرمەيدۇ دەۋاتىمەن! ھەرقانداق بىر زۇڭتۇڭ تەختتىن

چۈشكەندىن كېيىن يەنە تۇرمۇش كەچۈرىدىغۇ، تۇرمۇش كەچۈر-
گەنىكەن، مائاش بېرىشى كېرەكقۇ ئاخىر!...»
مونرونىڭ چىرايىدا ئېغىر موھتاجلىقتا قالغاندىلا پەيدا بولى-
دىغان قايغۇ - ھەسرەت ۋە چارىسىزلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەت-
تى. ئۇنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن چىرايى بەئەينى پىشىپ ۋاقتى
ئۆتۈپ كەتكەن ئالمىغا ئوخشايتتى، قوڭۇر ساقاللىرى شامالدا
يەلپۈنەتتى. مونرو ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ باقىي ئالەمدىكى
مەرھۇمەسى بىلەن پارىڭىنى داۋام قىلدى:
«خانىم، بۇنداق ئەيىبلەۋەرمەڭ. تەختتىن چۈشكەن زۇڭ-
تۇڭلارنىڭ ھەرقاندىقى ماڭا ئوخشاش ئاددىي پۇقرا، ھەممىمىز-
نىڭ ئەھۋالى ئوخشاش، پۇقرا بولغانىكەن، دۆلەت ئەلۋەتتە مائاش
بەرمەيدۇ! بۇ تۈزۈم ۋاشىنگتون دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ
كەلمەكتە، تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭلارغا ئاش تۇگۇل، ۋەزىپە-
مۇ بېرىلمەيدۇ. ناۋادا ئۇلار ھۆكۈمەتتىن داۋاملىق مائاش ئېلىش-
نى خالىسا، چوقۇم يېڭىۋاشتىن خىزمەت تېپىشى كېرەك!»
مەرھۇمە كورتلاندىنىڭ ئاۋازىدىن كۈچلۈك نارازىلىق چىقىپ
تۇراتتى:
«بۇ تۈزۈمنى مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن، ئۆزگەرتىش كېرەك!
بولۇپمۇ سىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىسا مۇۋاپىق بولمايدۇ، چۈنكى
سىز ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش مەيدانىدا ئېغىر
يارىلانغان بىردىنبىر تۆھپىكار ئادەم! جامېس، سىز خەلق ئۇ-
چۈن قان تۆككەن، يارىلانغان، شۇڭا ياشانغان چېغىڭىزدا دۆلەت
سىزگە تۇرمۇش راسخوتى بېرىشى كېرەك! جامېس، مېنىڭ
دېگەنلىرىم خاتا ئەمەستۇر - ھە؟!...»
ئورۇقلاپ جەينەكتەك بولۇپ قالغان مونرو سۈكۈتتە تۇرات-
تى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئازابلىق ئۆتمۈشى نامايان بولماقتا ئىد-
دى. 1779 - يىلى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن مونرو ۋا-
شىنگتون قوماندانلىق قىلىۋاتقان «مۇستەقىللىق ئۇرۇشى»نىڭ

ئاۋانگاردىغا ئايلاندى. ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان بۇ ئەزىمەت ئاددىي ئەسكەرلىكتىن مىلادىشى لېيتېناتلىققا، ئاندىن ستارشى لېيتې-ناتلىققا ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى قىشتا يېڭى جېرسېي شتاتىدا بولغان مەشھۇر ترېنتون ئۇرۇشىدا مونرو يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلا قارىماي دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە باستۇرۇپ بېرىپ يېڭى تېپتىكى بىر زەمبىرەكنى دۈشمەنلەردىن تارتىۋالدى. بەختكە قارشى ئۇنىڭ تارغاق سۆڭىكىگە ئىككى پاي ئوق تەگدى. بۇ ئىشقا ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. ھېلىمۇ يادىدا، يارىلانغاندىن كېيىن جەڭ-گاھنىڭ ئۆزىدە ئوپېراتسىيە قىلىنىپ جېنى ئامان قالغان. مانا بۇگۈن ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتتى. ئوق تارغىقىدا بىر تال ئوق ھازىرمۇ تۇرۇپتۇ. ھەر قېتىم يامغۇر - يېشىن بولغاندا «مۇستە-قىللىق ئۇرۇشى» دىن قالغان بۇ دەردتىن پۈتۈن ئەزايى ئاغرىيدۇ. مەرھۇمەنىڭ غودۇڭشىشلىرىمۇ ئورۇنلۇق بولسا كېرەك، ناۋادا ئۇ ئاقسارايدا ھوقۇق تۇتقان باشلىق بولماي «مۇستەقىللىق ئۇرۇ-شى» غا قاتنىشىپ سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ئەسكەر سالاھىيىتى بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن بولسا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك راسخوت بەرگەن بولاتتى. ئەمما مونرو ۋەزىپىسىدىن بوشانغان زوڭتۇڭ، شۇڭا ئۇ كۈتۈنۈش پۇلىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«ھەي، كىم مېنى زوڭتۇڭ بولسۇن دەپتىكەن؟» مونرو بارغانسېرى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇپۇققا قارىدى، كۆل رەڭ ئۇپۇق كەچكى شەپەقنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى.

## ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا خاپا بولۇپ مۇنبەردە ھوشىدىن كەتتى

كەچ كۈز مەزگىلى ئىدى، ئۆزۈندىن بۇيان پىنھان ياشاۋات-قان مونرو ئاپتاپلىق كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە بىردىنبىر مۈلكى

بولغان ئەبجەق پەيتۇنغا چۇشۇپ ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بولغان پىشقەدەم سابىق زۇڭتۇڭ جېففېرسون ئۆز يېنىدىن پۇ چىقىرىپ قۇرغان ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىغا كەل-دى. مادىزون 1826 - يىلى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتقا مۇدىر بولغاندىن كېيىن كۇنلىرى بىكارچىلىقتا قولى پۇل كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مونرونى ئاز - تولا مائاشقا ئىگە قىلىپ قويۇش ئۇچۇن ئۇنى ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوبزورچىلىقىغا تەك-لىپ قىلغانىدى. مونرومۇ شۇنداق چىرايلىق نام بىلەن ۋىرگىنى-يە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئۇرۇش ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى كەچۇرمىشلىرىنى ئا-لىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلەپ بەرسە تامامەن بولاتتى. مادىزوننىڭ مونروغا ئوبزورچى دېگەن سالاھىيەتنى بېرىشى ئا-خىرقى ئۆمرى موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ ئۇچۇن ناھايىتى كاتتا تەسەللى ئىدى. بىراق، ياخشى كۇن ئۇزاق-قا بارماس دېگەندەك، مونرو ھەيۋەتلىك شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆزىنىڭ ناتىقلىق قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرغۇچە پەلەم-پەي شەكىللىك سىنىپتا تولۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار تۇشمۇ تۇشتىن ئەيىبلەپ ئۇنى مۇنبەردىن چۇشۇرۇۋەتتى.

مونرو ئۆزىنىڭ بۇنداق ھاقارەتكە قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى.

— ھۆرمەتلىك مونرو ئەپەندى، بىز سىزنىڭ سىنىپتا تاجا-ۋۇزچىلىق ھەققىدە زوق - شوخ بىلەن سۆزلىشىڭىزنى ئۇمىد قىلمايمىز.

— ئامېرىكا دۇنيادا ئەركىن ئاتالغان دۆلەت، سىز ھاكىمى-يەت يۇرگۇزگەن چاغدا، نېمىشقا ئىندىئانلارنىڭ يەرلىرىنى رە-ھىمسىزلىك بىلەن تارتىۋالىسىز؟!

مونرو بۇنداق بولۇشنى چۇشىدىمۇ ئويلىمىغانىدى، ئۇنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى مۇنبەردە پەيدا بولغاندا، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى نۇتۇق باشلانماي تۇرۇپلا ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەشكە باشلىدى.

مونرو خاپا بولدى ھەم كۆڭلى غەشلىككە تولدى. ئاقسارايدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قاراتقان مونروغا ئوقۇغۇچىلار دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا سورىغان سوئاللىرى مونرونى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ھوقۇق تۇتقان سەككىز يىل جەريانىدا قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزگەن تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى توغرىسىدا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان مونرو ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبقا كېڭىيىش پىلانى 1818 - يىلى ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئاخىر تەلۋىلەرچە سىرتقا تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتىگە ئايلاندى. مونرو شۇ يىلى ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا ئىسپانىيىگە ئاشكارا تاجاۋۇز قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئەسكەر تارتىپ ئىندىئانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى. مونرو ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئارزۇسىنى قوشنا ئەللەردە ئۇرۇش ئوتلىرى پات - پات يېنىپ تۇرغان مەزگىللەردە ئىشقا ئاشۇردى. سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق سىياسەت مونرو تەختكە چىققان كۈندىن تارتىپ تاكى 1825 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى توپتوغرا سەككىز يىل ھوقۇق تۇتۇپ ئاقسارايدىن جىممىدە ئايرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان مونرو ھەربىيلەرگە خاس سالاپەت ۋە شىجائەتنى كېڭەيمىچىلىك سىياسەت ئارقىلىق ئىجرا قىلىش قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت دەپ ھېسابلايتتى، لېكىن ئۇ تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىۋېرسىتېت مۇنبىرىگە چىققاندا ئامېرىكا خەلقىگە مەنپەئەت ۋە شان - شەرەپ ئەكەلگەن ھەرىكەتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

— ساۋاقداشلار، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماڭلار! مېنى بۇن-

داق ئەيىبلىمەڭلەر، سىلەر سىياسەتنى ۋە ھەربىي ئىشلارنى، بىر زۇڭتۇڭنىڭ نېمىشقا قۇربان بېرىشكە قارىماي لەشكەر تارتىپ جەنۇبقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيسىلەر. مەن يۈرەكلىك ھالدا شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن! — ھەيۋە قىلىپ سۆزلەپ ئادەتلەنگەن مونرو ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپا - تەنىسىگە تاقابىل تۇرالمىدى. ئۇ نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان نارازىلىقىنى تىنچىتماقچى بولدى. ئۇ، — سىلەر مەن ھوقۇق تۇتقان ۋاقتىمدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرىمنى سەۋەنلىك دەپ ئەيىبلەۋاتىسىلەر! مېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى ھەرقانداق بىر ئامېرىكىلىق بىلىشى كېرەك! مېنىڭ جەنۇبقا قارىتا يۈرگۈزگەن كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىم ئارقىلىق بىزنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا ئالاباما، مىسسىسىپى، ماين، ئىللىنوئىس ۋە مىسسۇرى قاتارلىق بەش شتات قوشۇلدى!...

— ياق! مونرو ئەپەندى، بىز بۇنى سىزنىڭ تۆھپىڭىز دەپ قارىمايمىز، بۇ جىنايەت، بۇ ئوچۇق - ئاشكارا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتى!

چېچەن بىرقىز ئوقۇغۇچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆتكۈر سۆزلىرى ئارقىلىق مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان مونروغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مونرو يۈرگۈزگەن سىياسەتنى پاش قىلىپ ۋە تەنقىدلەپ مۇنداق دېدى:

— توغرا، سىز ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىمىزنىڭ تەركىبىگە بەش شتات قوشۇپ بەردىڭىز، لېكىن بۇ بەش شتات ئىسسىق قان بەدىلىگە كەلدى. مەن شۇنداق دەيمەنكى، بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا ئىسپانلارلا ئىسسىق قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ قالماي، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىمۇ تۇركۈم - تۇركۈملەپ قۇربان بەردى! دادام جەنۇبتا ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى مەيدانىدا قازا قىلغان!...

— مىنىڭ دادامۇ جەڭگاھتا قازا قىلغان! — يەنە بىر ئوقۇ-
غۇچى ھۆڭرەپ يىغلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، — مونرو ئەپەن-
دى، بىز شۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمىزكى، سىز يەنە ئافرىقىغا
ئەسكەر تارتماقچى بولغان، بۇمۇ ئامېرىكىنىڭ زېمىنىنى كېڭەي-
تىش ئۈچۈنمىدى؟ توغرىسىنى ئېيتسام، سىزنىڭ ئافرىقىغا ئەس-
كەر تارتىشىڭىزنىڭ ئۆزى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا تاجاۋۇز-
چىلىق! — دېدى.
مونرو گاڭگىراپلا قالدى. ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرستېتىغا كې-
لىپ دەرس سۆزلەشتىن ئاۋۋال تەييارلىغان لېكسىيىلىرى كې-
رەكسىز نەرسىگە ئايلاندى. چۈنكى ئۇ ھەربىي ئىشلار ۋە دىپلوما-
تىيە ساھەسى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ھوقۇق تۇتقان مەزگى-
لىدىكى تۆھپىلىرىنى تەشۋىق قىلماقچى بولغانىدى، ئويلىمىغان-
دا، دەرس تېخى باشلانماي تۇرۇپلا، ئۆزى توغرا تېپىپ
زوق - شوخ بىلەن سۆزلىمەكچى بولغان قاراشلارنى ئوقۇغۇ-
چىلار بەس - بەستە ئەيىبلەشتى. مونرونىڭ تالاي كۈنلەرنى
سەرپ قىلىپ، كاللىسىدا پىشۇرۇۋالغان نۇتقىنى ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ سورىغان سوئاللىرى ۋە يىغا ئاۋازلىرى قالايمىقان قىلىۋەت-
تى. ئاقسارايدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىشىگە نائىل بولۇپ كەلگەن
بۇ مويسىپىت مانا ئەمدى بىر توپ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا
ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇئان تاتىرىپ
كەتتى، جىددىيلىشىشتىن قوللىرى سۇس تىترەشكە باشلىدى.
ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بوي بەرمەي ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى
بولدى.
— ياق، مېنى تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى دې-
مەڭلەر، مەن نېگىرلارنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن
ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان…
— ھىم! گېپىڭىز چىرايلىقلىقىنى ئۇنىڭ، نېگىرلارنىڭ
ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن؟ — بايامقى دادىسى جەڭگاھتا

قازا قىلغان قىز ئوقۇغۇچى سوغۇق كۈلۈپ مونروغا رەددىيە بەردى، — مونرو ئەپەندى، نېگىرلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن شۇن-داق قىلغانىكەنسىز، ئەمىسە نېمىشقا ئافرىقىدا نېگىرلارنى كۆپ-لەپ قىرىپ، تۈتقۇن قىلىسىز؟ ئاشۇ گۇناھسىز نېگىرلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ تۇرۇپ، يەنە قانداقسىگە ئۇلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولدۇم دەيسىز؟

مونرو چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، لام - جىم دېيەل-مەي قالدى.

ھېلىقى قىز ئوقۇغۇچى ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇردى:

— يەنە بار، سىز ئافرىقىدا بىر شەھەرنى تارتىۋالسىڭىز، شۇ شەھەرگە ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى قويىدىكەنسىز، ئېيتىڭا، مونرو ئەپەندى، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟!...

— توغرا! مونرو ئەپەندى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟

زالدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن پىچىرلاشلار كۆتۈرۈلدى.

قەلبىگە غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مونرونى شۇئان سوغۇق تەر باستى. ئۇ قىرىق نەچچە يىلنى سىياسىي سەھنىدە خۇشامەتچى سىياسەتۋازلارنىڭ ئارىسىدا ئۆت-كۈزگەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مونرو ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەيىبلەش ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچراپ نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. يۈرىكىدە بىر پارچە غەزەپلىك ئوت يالقۇنجىدى، ئۇ شۇ ھامان مۇنبەردە يىقىلدى...

بۈگۈن ئۇنىڭ ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ۋىرگىنىيە ئۇنى-ۋېرسىتېتىغا كېلىشى تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشىدىن، موھتاجلىق-تىن بولغانىدى. خوتۇنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مونرو تۇرمۇشتا ئېغىر كۈنگە قالغانىنىڭ ئۈستىگە ۋېستمورېلاند ناھىيىسىدىكى

ئۆيدە ئۇنىڭغا ھال ـ مۇڭ بولغۇدەك بىرەر ئادەممۇ قالمىغان-
دى. يالغۇزچىلىقتا ئۆتكەن كۈنلەر تولىمۇ قورقۇنچلۇق، پۈتكۈل
ئۆمرى ئەمەلدارلار سورۇنىدا زىياپەت بىلەن ئۆتكەن مونرو ھەر-
قانچە قىلغان بىلەنمۇ جېنىنى جان ئېتەلمىدى. ئۇ مۇشۇنداق
مۇشكۈل ئەھۋالدا چىشىنى چىشلەپ ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا
ئۆزىنىڭ پېشقەدەم باشلىقى، ھازىر مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇدىر
بولۇپ تۇرۇۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ مادىزوننى ئىزدەپ كەلدى.
مونرو مادىزوننىڭ ئۆزىنى بۇ مەكتەپنىڭ ئوبزورچىلىقىغا تەيىن-
لەپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلماقچى بولدى. ئۇ ھازىر ئوقۇغۇچى-
لارغا ھەر ھەپتىدە بىر سائەت دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق ئاز ـ تولا
پۇل تېپىپ تىرىكچىلىكىنى قامداشنىلا ئويلايتتى.

## يۇرتىدا ئۇنىڭغا باش تىققۇدەك ماكان قالمىدى

1831 ـ يىل قىشتا مونرو كېسەل بىلەن يىقىلدى.
مونرونىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ئاغزىغا گىياھ
چاغلىق بىر نەرسە سالمىغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. ئۆيىدىكى
بىردىنبىر ئەر خىزمەتكار ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان مونرونىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. كۆمۈر ناچار بولغاچقا، كونا تام مەش
ئۆينى ئىسسىتالمايتتى.
دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويالمىدى. بارغانسېرى
ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان كېسەلنىڭ سەۋەبى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا
ئايان ئىدى. ئۇنى غۇربەتچىلىك دەستىدىن يىقىلدى دېگەندىن
كۆرە، روھىي جەھەتتىكى ئازابنىڭ بېسىمىدىن يىقىلدى دېگەن
تۈزۈك ئىدى. ئايالى كورتلاند خېنىمنىڭ تۇيۇقسىز ئۇنى تاشلاپ
ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشى مونرونى روھىي ئازابقا سالدى. ئامېرى-
كا زۇڭتۇڭى بولۇپ تۇرغان چاغلاردىكى تۆھپىسى ئۇ خىزمەتتىن
بوشىنىپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن خەلقنىڭ توختىماي ئەيىبلە-

شىگە ئۆچرىدى، بۇ ھال ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىدى.
مونرو شۇ كۈنى ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ مادى-زون بىلەن كۆرۈشتى. مادىزون ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
— مېنىڭ مەسلىھەتىم، سىز ئەمدى مەكتەپكە كېلىپ دەرس ئۆتمەن دېگۈچى بولماڭ، گەپنى ئوچۇق قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ، ناۋادا داۋاملىق دەرس بېرىمەن دېسىڭىز ئۆزى-ڭىز تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپلا قالماي، ئەمدىلا تىنچىغان مەكتەپ-نى يەنە قالايمىقان قىلىۋېتىسىز!
تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن مونرونىڭ ئىلتىماسىنى مادىزون قاتتىق نەسىھەت بىلەن رەت قىلدى. چۈنكى مونرو ئالدىنقى قېتىم پەلەمپەي شەكىللىك سى-نىپتا دەرس سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاندىن كېيىن مەكتەپتە خاتىرجەمسىزلىك يۈز بەرگەنىدى. مونرو ھو-قۇق تۇتقان مەزگىلدە يولغا قويۇلغان جەنۇبقا قارىتا كېڭەيمىچى-لىك يۈرگۈزۈش سىياسىتى تۈپەيلى دادىلىرى جەڭگاھلاردا ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار مونرونى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ-لا قالماي، مۇشۇنداق بىر ئۇرۇش تەلۋىسىنى ئوقۇتقۇچىلىق (ئوبزورچىلىق) قا تەكلىپ قىلغان مۇدىر مادىزوننىمۇ ئەيىبلەپ كەتكەنىدى. قورقۇنچاق مادىزون تىنچلىنىپ قالغان مەكتەپتە مونرونىڭ دەرس بېرىشى تۈپەيلى يەنە بىر چاتاق چىقىپ قالارمى-كىن دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ مەكتەپكە كېلىپ دەرس بېرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى تەلىپىنى قوللىمىدى.
— جامېس، بىز ئېمىلا دېگەنبىلەن مەرھۇم جېففېرسون ئە-پەندىنىڭ شاگىرتلىرى، مېنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا يۈز بەرگەن ھەر-قانداق قىيىنچىلىقنى كۆرگۈم يوق. ۋىرگىنىيىدە دەرس ئۆتۈش سىزگە نېسىپ بولمىدى، ئەمما ھەرئايلىق تۇرمۇش راسخوتىڭىز-نى كۆتۈرۈشكە مەن رازى، — دېدى مادىزون.
مونرونىڭ چېكە چاچلىرى تامام ئاقىرىپ كەتكەن، چىرايى

سولغۇن ئىدى. ۋىرگىنىيىدە شتات باشلىقى بولغان چاغلاردىكى چىرايى كۆرۈنمەيتتى، ئاقسارايدا كۆرەڭلەپ نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئىسپانىيە ۋە ئافرىقىغا بېسىپ كىرگەن زۇڭتۇڭ مونرونى قوللاش شۇ تاپتا مادىزونغا تولىمۇ تەس كېلىۋاتاتتى. مادىزون مونرونىڭ دەرس ئۆتۈشى سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچىلارنى پاراكەندە قىلغۇسى كەلمەيتتى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلى مونرونىڭ كۆڭلىدىن ياخشى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇنىڭدىن باي ئىدى. شۇڭا ئۇ خەلقنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋاتقان مونروغا ئىچ - ئىچىدىن خەيرخاھلىق قىلاتتى.

مونرو مادىزون بەرگەن پۇلنى ئالمىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — مەكتەپكە تەكلىپلىك پروفېسسور بولالمىغانىكەنمەن، مەكتەپنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە بەرگەن پۇلىنى قوبۇل قىلمايمەن!

مونرو ئاچچىقىغا پايلىماي ۋېستموربلاندتىكى كونا تۇرالغۇسىغا قايتتى. ئۇ مادىزوننىڭ قورقۇنچاق روھىي ھالىتىدىن بەكلا بىزار بولدى. شۇنىڭ بىلەن مادىزون تۇرمۇش پۇلىنى مونروغا ئۆزى ئاپىرىپ بەردى. مونرونىڭ تۇرمۇشى ناچار بولسىمۇ، ئۇ ئەينى يىللاردىكىدەك غورۇرلۇق ئىدى. مادىزون مونرونىڭ پۇلىنى ئېلىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى كۆرۈپ راستىنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى:

— جامېس، بۇ پۇل ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەمەس، بۇ ئۆزۈمنىڭ پۇلى! سىز مېنىڭ دوستۇم، بىز ئەينى يىللاردا جېففېرسون ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورتاق كۈرەش قىلغان. مەن ھازىر قورۇقۇمدىكى باغنىڭ مېۋىلىرىنى پۇل قىلىۋاتىمەن، تۇرمۇشىڭىز كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىكەن، سىزگە مەن ياردەم قىلىشىم كېرەك.

مونرو مادىزوننىڭ سەمىمىيلىكىنى كۆرۈپ پۇلنى ئالدى!

مادىزون شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر ئايدا دېگۈدەك ۋېستمورې-

ـلاندقا ئادەم ئەۋەتىپ، كېسەل مونرونى يېتەرلىك تونۇمۇش راسـ
خوتى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ مونرو موھتاجلىقـ
تىن قۇتۇلدى!
قەھرىتان قىشتا مونرونىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتـ
تى. ئۇ توختىماي قىزىپ بىر خىلدا يۆتىلەتتى، قان ئارىلاش
تۈكۈرەتتى. تۈن كېچىلەردە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن مونرو قورـ
قۇنچلۇق جۆيلۈپ: «مەندە خاتالىق يوق، مەندە خاتالىق يوق!
مەن ئەينى چاغدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەنپەـ
ئەتى ئۈچۈن ‹مونرو خىتابنامىسى› نى تۈزگەن! سىلەر نېمىشقا
ماڭا بۇنداق يۈزسىزلەرچە زەربە بېرىسىلەر؟ !...» دەيتتى.
مونرو يېرىم كېچىدە پات ـ پاتلا قارا بېسىپ ئويغىنىپ
كېتەتتى.
ئۇ قاراڭغۇدا ھاڭۋاقىقان ھالدا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مونرو
مۇشۇنداق يالغۇز ئولتۇرغان چاغلاردا بىر يىل ئاۋۋال ۋىرگىنىيە
شتاتى ئاساسىي قانۇن يىغىنىدا يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق بىر
ئىشنى ئەسلەيتتى: ئۇ چاغدا خوتۇنى كورتلاند خېنىم ھايات
ئىدى، تۇرمۇشىمۇ ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. چۈنكى مونـ
رونىڭ قولىدا دادىسىدىن قالغان نۇرغۇن يەر بار ئىدى. زۇڭتۇڭ
بولغان مونرونىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئېكىنزار خوجايىـ
نى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ دېھـ
قانچىلىققا ئېپى يوق ئىدى، مونرو ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى كورتلاند
خېنىم ئاشۇ يەرلىرىنى سېتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى غۇربەت
تۇرمۇشنى قامداپ كېلىۋاتاتتى.
مونرو ۋاشىنگتوندىن ۋىرگىنىيە شتاتىغا ئەمدىلا قايتىپ
كەلگەن چاغدا خوتۇنىمۇ ھايات ئىدى، مونرو ناھايىتى تېزلا شتات
ئاساسىي قانۇن يىغىنى رەئىسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى
(يەنە بىر رەئىس سابىق زۇڭتۇڭ مادىزون ئىدى). ئارىدىن
ئۇزۇن ئۆتمەي دۆلەتنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىنى مۇھاكىمە قىلىش

يىغىنى ئېچىلدى، مونرو مۇشۇ يىغىندا ئۆزىنىڭ پارلامېنت ئەزا-
لىرى زەربە بېرىدىغان نىشانغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمى-
غانىدى. پارلامېنت ئەزالىرى مونرونىڭ 1823 - يىل 12 -
ئاينىڭ 2 - كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئېلان قىلغان «مونرو
خىتابنامىسى» نى ئەيىبلىدى.

— سىزنىڭ «مونرو خىتابنامە» ڭىز ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە
سىياستىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئەكسىيەتچى پروگرامما!

شۇ كۈنكى يىغىندا بىر پارلامېنت ئەزاسى ئۆتكۈر تىل بىلەن
ئاممىنىڭ ئالدىدا مونرونى سۆككەندە، پۈتكۈل يىغىن مەيدانى
تەۋرەپ كەتتى. جۈملىدىن سابىق زۇڭتۇڭ مادىزوننى ئۆز ئىچىگە
ئالغان پارلامېنت ئەزالىرى مونرو ھوقۇق تۇتقاندا يۈرگۈزگەن
سىرتقا قارىتا ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىش سىياستىگە قارىتا
باشقىچە قاراشتا بولغان. ئەمما، نارازىلىقىنى ھەممىسى ئىچىدە
ساقلاپ كەلگەنىدى، ۋەزىپىسىدىن بوشانغان زۇڭتۇڭ مونرونى
خەلقئالەم ئالدىدا ئەيىبلەشكە ھېچكىم پېتىنالمىغانىدى.

— بۇ... بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن ئادەم قورقۇتۇش! —
ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ئەمەلدارلىق سورۇنىدا باشقىلارغا كۆرسەتمە
بېرىپ ئۆتكەن مونرو بۈگۈنكىدەك ئەيىبلەشكە ھېچقاچان ئۇچرى-
راپ باقمىغانىدى. مونرو ھېلىقى پارلامېنت ئەزاسى سۆزىنى
تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئۇستەلنى مۇشتلاپ، — «مونرو خىتابنامىسى»
نىڭ ئەيىبلىگۈدەك نەرى بار؟ مەن 1823 - يىلى پارلامېنتقا
رەسمىي لايىھە سۇنغان ھەم پارلامېنت تەستىقلىغان، بۇ ئامېرى-
كىدىكى ئۆكتىچىلەر بىردەك ماقۇللىغان ھۆججەت ئىمىشقا زۇڭ-
تۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چېغىمدا «مونرو خىتابنامىسى»
نى ئەيىبلىمىدىڭلار؟ ئەمدى نېمىشقا خىتابنامىنى ئەكسىيەتچى
پروگراممىا دەيسىلەر؟ ۋەزىپەمدىن بوشىنىپ يۇرتۇمغا قايتقاندا
پارلامېنت تەستىقلاپ ئېتىراپ قىلغان «مونرو خىتابنامىسى»
سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە كېرەكسىز ھۆججەت بولۇپ كېتەمدۇ-

دۇ؟ نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ! ...، — دېدى.

مونرو ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مونرو ئاچچىقىغا پايلىماي تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. پۇقراغا ئايلانغان سابىق زۇڭتۇڭ 1823 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنى لەرزىگە سالغان «مونرو خىتابنامىسى» نىڭ تامامەن ئامېرىكا دىپلوماتىيىسى ئۈچۈن تۈزۈلگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ چاغدا ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسىگە تايىنىپ لاتىن ئامېرىكىسىنى يۇتۇۋېلىش تەييارلىقىدا ئىدى. ئامېرىكا ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان لاتىن ئامېرىكىسىدىن ۋاز كېچىشنى، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېلىشىنى ئەسلا ئۈمىد قىلمايتتى. شۇڭا مونرو ئامېرىكا پارلامېنتىغا لايىھە سۇنۇش قارارىغا كەلدى ھەم پۈتكۈل ياۋروپاغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى شەرھلىدى. ئۇ شۇ يىلى ئېلان قىلغان «مونرو خىتابنامىسى» ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ھەربىي پىلانىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. «مونرو خىتابنامىسى» ھەر ساھە ئامېرىكا كىشىلىرىنى لەرزىگە سالغان، ئۆكتىچىلەرنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ھەم ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. بەزى پارلامېنت ئەزالىرى ھەتتا «مونرو خىتابنامىسى» نى قالتىس دەپ ماختىغان! ھەتتا بەزىلەر «مونرو خىتابنامىسى» مونرونىڭ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە كۆرسەتكەن ئەڭ زور تۆھپىلىرىنىڭ بىرى! دەپ تەرىپلەشكەنىدى. جاھان تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. مونرو تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن يۇرتىدا، ۋىرگىنىيە شتاتى ئاساسىي قانۇن يىغىنىدا شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ مونرونىڭ «خىتابنامىسى» نى يۈزمۇيۈز ئەيىبلىدى ۋە زەربە بەردى. بۇ غورۇرى كۈچلۈك مونرو ئۈچۈن ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش

ئىدى! ئۇ يىغىن زالىغا كۆز يۈگۈرتتى، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ئەيىبلىگەن كىشىلەر ئۇ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چاغدا ئېلان قىلىنغان «مونرو خىتابنامىسى»نى ئاكتىپلىق بىلەن ھىمايە قىلغان يۇرتداشلىرى ئىدى.

— پەلەك ھەقىقەتەن ۋاپاسىز، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى بىلمەك تولىمۇ تەس ئىكەن! نېمىشقا بەزىلەر مۇشۇنداق يوغىناپ كەتتى؟!

مونرونىڭ مېڭىسىدا سوغۇق كۈلكە ئەكس ئەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇۋالچىلىق تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. مونرو شۇ تاپتا خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزى ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە يولغا قويغان دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئاقلاش نىيىتىگە كەلدى، ئۇ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا، نەپسىنىڭ يېتىشمەي قالىدىغانلىقىغا قارىماي، يۇقىرى ئاۋازدا:

— توغرا، مەن «مونرو خىتابنامىسى»دا بۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەرنى مۇستەملىكە ئوبيېكتى قىلىۋالمىسۇن دېگىنىم راست. لېكىن بۇ گەپنى ئەيىبلىمەسلىك كېرەك، چۈنكى ئەينى چاغدا ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى مۇستەملىكە ئورنىدا كۆرۈپ، بىزگە ئېغىر ئىغۋاگەرچىلىك پەيدا قىلغان! ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، سىلەر شۇ چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنى ھېسابقا ئالماي مېنىڭ «مونرو خىتابنامىسى»گە بۇنداق ھۇجۇم قىلماسلىقىڭلار كېرەك!...

— مونرو ئەپەندى، بولدى بەس! — بىر ساقاللىق مۆتىۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ قوپاللىق بىلەن مونرونىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا، — سىز ھازىر زۇڭتۇڭ ئەمەس، سىزنىڭ بىزگە تەنبىھ بېرىدىغان سالاھىيىتىڭىز يوق!...، — دېدى.

— مونرو، ئولتۇرۇڭ، بۇ يەردە پەلىپەتىش سۆزلەيدىغان ھوقۇقىڭىز يوق!

— مونرو، ناۋادا سىز ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئۆتكۈزگەن
خاتالىقلىرىڭىز توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلانمىسىڭىز، شتاتىمىزدى-
كى ئاساسىي قانۇن يىغىنىنىڭ رەئىسى بولالمايسىز!

— مونرو، سىز دەرھال ۋېستمورېلاندقا قايتىپ كېتىڭ،
ۋىرگىنىيە شتاتى سىزنى قارشى ئالمايدۇ!...

پەستە ئېگىز - پەس توۋلىغان ئاۋازلار، ھاقارەتلىك ئىبارى-
لەر بىلەن تىللىغان قوپال سۆزلەر ئاڭلاندى.

مۇنبەردە تۇرغان مونرو تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تەختتىن
چۈشكەن بىر زۇڭتۇڭنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز شۇم تەقدىر كۈتۈپ
تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭ ئالا-
ھىدە تەمىناتتىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، ھەتتا ھەربىر ئادەمدە
بولۇشقا تېگىشلىك غورۇردىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىدىكەن. مانا
بۈگۈن ئۇنىڭدا ئۆتمۈشنى ئاقلىغۇدەك ھوقۇقمۇ قالمىغانىدى،
پەستىكى تونۇش ھەم ناتونۇش چىرايلارغا يۈزلىنىپ تۇرغان مونرو
بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا نېرۋىسىنىڭ كاردىن چىققانلى-
قىنى سەزدى، مونرو پەستە غەزەپلىنىپ ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەر
بىلەن كەسكىن قارشىلىشىپ ماغدۇرىدىن كەتتى. ئۇنىڭغا قېرى-
لىق يەتكەنىدى، ئاقسارايدىكى يۇمىلاق ئىشخانىدا بۇيرۇق چۈشۈ-
رۈپ يۈرگەن چاغلاردىكى سالاپەت يوق ئىدى. مونرو بىردىنلا
پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ مۇنبەردە يىقىلىپ چۈشتى.

مونرو ۋېستمورېلاند ناھىيىسىدىكى سوغۇق ھۇجرىسىدا ياتات-
تى. ئۇنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا ساق بىر ئايدىن
ئاشتى، بۇ مەزگىلدە مونرونىڭ بۇرۇنقى باشلىقى، سابىق زۇڭ-
تۇڭ مادىزون ئۇنى بىر قېتىم يوقلاپ كەلدى. مادىزون كونا
دوستلۇقىنى ھەرھالدا ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، ئۆزىمۇ مونروغا
ئوخشاش سابىق زۇڭتۇڭ بولغاچقا، ئۇنى ئاياپ شۇنداق قىلغان
بولسا كېرەك. مادىزون مونروغا بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى بې-
رىپ، ئازراق پۇل - پۈچەك قالدۇرۇپ ئالدىراش كېتىپ قالدى.

— جامېس ئەپەندى، سىزنىڭ ۋېستمورېلاندتا داۋاملىق تۇ-رۇشىڭىزنى پايدىسىز دەپ قارايمەن. چۈنكى ئىلگىرى سىزگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ كەلگەن كىشىلەر تولىمۇ يۇقىرىغا چىقىد-ۋالدى. ئۇلار تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ سىزنى روھىي جەھەتتىن كاردىن چىقارماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ! شۇڭا… ئورۇن ئالماشتۇ-رۇپ ئارام ئالغاچ داۋالىنىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن! — مادىزون مونرونىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك، ئەمما كېسەل چىر-مىۋالغانلىقتىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان مونروغا قاراپ ھەس-رەت بىلەن ئېيتتى.

— لېكىن… مەن نەگە بارالايمەن؟ — ئۆزىنىڭ ۋېستمورېلاند ھەتتا ۋىرگىنىيىدە رەقىبلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى مونرومۇ بىلەتتى. مادىزوننىڭ گېپىدىن ئۇ سەگەكلەشتى، مەرھۇمە خانىمى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغۇپ بەرگەنىدى. كىچىك قىزى سۇ-زاننى ھېلىمۇ ھايات ئىدى.

— يەنە بىر قىزىڭىز بارغۇ؟ نېمىشقا شۇنىڭ يېنىغا بارماي-سىز؟ — دېدى مادىزون.

مونرونىڭ غۇۋا كۆزلىرى يورۇپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— سۇزاننى ھەقىقەتەن ئوبدان قىز، ئېرى ھاراقكەش، پاتماي قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە … سۇزاننى نيۇيوركتا تۇرىدۇ، ئارىلىق بەك يىراق…، — دېدى.

مادىزون بىردەم سۈكۈتتە تۇرۇپ ئاندىن:

— نيۇيورك قانچىلىك يىراق بولسىمۇ قىزىڭىز سىزنى ياخ-شى كۆرسە، كۈيئوغلىڭىزدىن ئەنسىرىشىڭىز بىھاجەت! …، — دېدى.

مادىزون چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ پاكار قەددى - قامىتى كۆزدىن غايىب بولدى، كارىۋاتتا ياتقان مونرو مادىزوننىڭ بايامقى گېپىنى ئويلاپ، كالپۇكىنى قىمىرلىتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ: «سۆزانىي، مېنى راستتىنلا قوبۇل قىلامسىز؟» دې-دى.

مونرونىڭ غەمكىن قاراشلىرى كارىۋات بېشىدا ئېسىقلىق تۇرغان چىرايلىق سۈرەت رامكىسىغا يۆتكەلدى، رامكىدا ئەنگلى-يىلىك ساھىبجامال قىزنىڭ سۈرىتى تۇراتتى. ئۇ بۇلاقتەك كۆز-لىرىنى مونروغا تىككەنىدى. بۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا قازا قىلغان خوتۇنى ئېلىزابىت كورتلاندنىڭ ھايات ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. مونرو رامكىغا قاراپ كورتلاندنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن تالاي بەختلىك مىنۇتلارنى ئىختىيارسىز يادىغا ئالدى. بولۇپمۇ شانۇشەۋكەت، دەپنە - دۇنياغا ئېرىشىپ، كەيىپ - ساپا ئىچىدە ئۆتكەن ئاقسارايدىكى كۈنلەر خىيالىدىن كەتمەيتتى. مونرو مۇشۇ چاغلارنى ھەربىر ئويلىغىنىدا كۆزلىرى-دىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى.

## كېسەل بىلەن نيۇيوركتا قازا قىلدى

1831 - يىل باھار، قۇياشنىڭ يارقىن نۇرلىرى ۋېستمورې-لاند ناھىيىسىدىكى ھېلىقى كونا تۇرالغۇغا چۈشتى، دېرىزە سىر-تىدىكى بىرنەچچە تەشتەكتىكى گۈل غۇنچىلىغانىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال مونرونىڭ مەھكەم تاقاقلىق ئى-شىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئۆيگە ئوتتۇز نەچچە ياشلىق بىر ئايال مەيىن باھار شامىلىنى ئېلىپ ئالدىراش كىرىپ كەلدى، ئۆي بەتبۇي پۇراقلارغا تولغانىدى.

— دادا، مەن بىلەن نيۇيوركقا كېتىڭ! كۆپ ئويلاپمۇ

كەتمەڭ. نيۇيوركقا بېرىپ ئارام ئالغاچ داۋالىنىش بۇ ئۆيدە يالغۇز ياتقاندىن مىڭ ياخشى!

ئۇ مونرونىڭ كىچىك قىزى سۇزاننې ئىدى. سۇزاننې مادىرونىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن نيۇيوركتىن ئالدىراش يولغا چىقىپ ۋېستمورېلاندتا كېسەل بولۇپ قالغان دادىسىنى يوقلاپ كەلگەنىدى!

— ھە، مېنى نيۇيوركقا ئەكېتەمسەن؟ ...، — مونرو قىزىنىڭ يۆلىشى بىلەن كېسەلدە چېقىلغان بەدىنىنى رۇسلاپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كېسىلىدە يەنىلا ياخشىلىنىش كۆرۈنمەيتتى، توختىماي يۆتىلەتتى، ھاسىراپ تىناتتى. مونرونىڭ بەدىنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن قىزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سارغايغان چىرايىدا ئاز كۆرۈلىدىغان تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— نيۇيورك ئەلۋەتتە ۋېستمورېلانددىن ئوبدان ...، بىراق، مەن بارسام سىلەرگە جەزمەن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىمەن ...، — مونرو ئۆزىنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغان بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت قىزىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشىدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولدى. ئۇ كېسەلدىن، يەككە - يېگانە تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما مونروكات ئىسسىقلىك كۈيئوغلىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلىدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر قورقۇنچ پەيدا بولاتتى.

سۇزاننې دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى ھېس قىلدى. دادىسىنىڭ نيمشقا نيۇيوركقا بېرىپ ئارام ئالغاچ كېسىلىنى داۋالىتىش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى سۇزاننېغا ئايان ئىدى. مونرو ئۇنىڭ ئېرى كاتنى يامان كۆرەتتى. ئەينى چاغدا مونرو ئاقسارايدا ئەتىۋارلىق قىزى سۇزاننىنىڭ توۋەن قاتلامدىكى نامسىز رەسسام بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ تويغا ھەرخىل ئاماللار بىلەن قارشى چىققاندى-

دى. لېكىن كاتىنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان جاھىل قىز ئاتا - ئانىسىدىن كېچىپ تەقى - تۇرقى كېلىشكەن ئاددىي رەسسامغا تەگدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مونرو دەرغەزەپكە كېلىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى پايتەخت — ۋاشىنگتوندىن ھەيدىدى. شۇنداق قىلىپ سۇزاننې بىلەن كات ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەر — نيۇيوركقا ماكانلىشىپ قالدى. تويدىن كېيىن ياش ئەر - خوتۇنلار ئىناق ئۆتتى. سۇزاننېنىڭ كاتتىن بارا - بارا كۆڭلى سوۋۇدى ھەم ئۇنىڭغا تەگكەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى، سۇزاننې ئەينى چاغدا كاتىنىڭ قەددى - قامىتىگە، رەسساملىق ھۈنىرىگە مەپتۇن بولۇپ كات قۇرغان مۇھەببەت تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغانىدى. سۇزاننې كاتىنىڭ ھاراققا ئامراقلىقىدەك بولمىغۇر ئادىتىگە سەل قارىغانىدى. سۇزاننې دادىسىنىڭ نيۇيوركقا بېرىپ كېسىلىنى داۋالىتىش مەسىلىسىدە ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى مانا ئەمدى تولۇقى بىلەن چۈشەندى، چۈنكى بۇ ئىشتا ئېرىنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايدىڭ ئىدى.

— دادا، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، كات سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ سىزگە ئىنتايىن خەيرخاھلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم ۋېستمورېتلاندقا كېلىشىمنى ئۇ قوللىدى. سىزلا ياق دېمىسىڭىز، نيۇيوركقا بېرىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز! — سۇزاننې ئۇزۇن مەزگىل كېسەل ئازابى تارتىپ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن دادىسىنى كۆرۈپ بىردىنلا يۇمشاپ قالدى. توي ئىشى بىلەن ئۇزۇلگەن دادا - بالىلىق مۇناسىۋەت شۇ تاپتا بارا - بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. سۇزاننې دادىسىنىڭ چېچىنى چۈشۈردى، پاخپىيىپ كەتكەن ساقىلىنى ئۇستىرا بىلەن ياسىدى. نامرات مونرونىڭ روھى ھەش - پەش دېگۈچە كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

نيۇيورك مونروغا يات شەھەر ئەمەس ئىدى. 1818 - يىلى

مونرو ئاقسارايغا كىردى. ياندۇرقى يىلى ئۆزى ھەم ھۆكۈمىتى ئۈچۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك نوپۇز تىكلەش، شۇنىڭدەك «ئىد-
ناق دەۋر» دە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا تەۋە بارلىق شتاتلارنىڭ مەر-
كەزلىرىنى زۇكتۇڭلۇق سالاھىيىتى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەنىد-
دى. شەرققە جايلاشقان ئەڭ چوڭ شەھەر نيۇيوركتا ئۇنى شەھەر خەلقى قىزغىن قارشى ئالغانىدى. لېكىن ئۇ 1832 - يىل 5
- ئايدا نيۇيوركقا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىپ ھېچكىم چىقمىدى، پەرق ناھايىتى زور ئىدى. ئۇ ئاۋات
مەركىزىي شەھەر — نيۇيوركقا ئاددىي پۇقرا قاتارىدا ئۇن -
تىنسىز كىرىپ كەلدى. بۇ ئەسلىدە ناھايىتى نورمال ئىش ئىدى.
ئەمما ياشانغان مونرو قاتتىق ھەسرەتلەندى. جىمجىت مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۆتمۈشتىكى شانۇشەۋكىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.
قىزى سۇزاننى بىلەن كۇيئوغلى كات مانخاتتان رايونىغا جايلاشقان ئون بەش قەۋەتلىك بىر بىنادا ئولتۇراتتى. ئۆيىنىڭ
چوڭلۇقى يۈز كىۋادرات مېتىردىن سەل ئاشاتتى. ئەزەل-
دىن كەڭ - كۇشادە ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قالغان مونروغا قىزى، كۇيئوغلى ۋە ئىككى نەۋرىسى بىلەن بىللە تۇرۇش بىئەپ-
تەك تۇيۇلدى. لېكىن ئۆزى كېسەل، يېنىدا بىر تىيىن پۇلى يوق بولغاچقا، نائىلاج تەقدىرگە تەن بەردى.
قىزى دادىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى، ئىككى نەۋرىسى كېسەلچان بوۋىسىغا ياخشى قارىدى، كۇيئوغلى كات
زۇكتۇڭ بولغان قېيناتىسىغا نىسبەتەن كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كەلگەنىدى. كات مونرونىڭ ياشقا چوڭ ھەم كېسەلچان ئىكەنلىد-
كىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى.
شۇنداقتىمۇ مونرونىڭ كۆڭلىرى يەنىلا خاتىرجەم ئۆتمىدى. ئۇزى- قىزىنىڭ ئولتۇراق شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن باشقا،
كۆزگە پەقەتلا سىغماي قېلىۋاتقان كۇيئوغلى كات كۆپرەك پەرد-

شان قىلاتتى. كات كۆپرەك ئەل ـ ئاغىنە تۇتۇشقا ئامراق ئىدى. ئۆيى گەرچە چوڭ بولمىسىمۇ، داۋاملىق ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ بەزىدە قىمار ئوينايتتى، بەزىدە هاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. قىمار قىزىپ كەتكەن چاغلاردا ھەتتا تاڭ ئېتىپ كېتەتتى. يالغۇزلۇققا ئۆگىنىپ قالغان مونرو جىمجىتلىققا خۇشتار ئىدى. كۇيئوغلى ھەر قېتىم مېھمان باشلاپ كەلگەندە ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇ دائىم دېگۇدەك كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى. زىققە كېسىلى تۇتۇپەيلى نېرۋىسى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتكەندى. نيۇيوركقا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىش تۇگۇل، كۇنسېرى ئېغىرلاپ كەتتى.

مونرو شۇ يىلى ساق يەتمىش ئۇچ ياشقا كىردى. ئۇ نيۇيوركتىكى قىزىنىڭ ئۆيىدە بىرەر قېتىممۇ ھەقىقىي مەنىدىكى خۇشاللىققا چۆمۈپ باقمىدى. كۇيئوغلى كات غەرق مەست كىرىپ ئۆيدە جېدەل چىقارغان ھامان ئۇ ئازابلىنىپ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتەتتى. باشقىلارغا ئەزەلدىن ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تەلىپىنى قويۇپ كەلگەن مونرو بەزىدە كۇيئوغلىنىڭ سىلكىشلىرىگە، خۇيى تۇتۇپ قالغان چاغلاردىكى تاپا ـ تەنىلىرىگە چىشىنى چىشلەپ چىدىدى.

مونرو قىزىنىڭ ئۆيىدە يەنە تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ ھېس قىلىپ ۋېستمورېلاندقا كېتىشنى ئويلىدى. كونا بولسىمۇ ئۆز ئۆيى بولغاچقا، خەقنىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرمەيتتى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا ئۇ كېسىلى پىشىپ قالغان، ئۆزىمۇ بەك ئاجىزلاپ كەتكەندى. ۋېستمورېلاندقا كەتكەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ يالغۇز تۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى.

شۇ كۈنلەردە مونروغا تېخىمۇ چوڭ بىر كېلىشمەسلىك كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، تەرەتكە تۇرغان مونرو غۇۋا چىراغ يورۇقىدا دەلدەڭشىگەن پېتى تامنى سىلاپ ھاجەتخانىغا كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن گارشوكقا پۇتلىشىپ

يىقىلىپ چۈشۈپ، ئوڭ يوتىسىنىڭ ئۈستىخىنىنى سۇندۇرۇۋال-
دى، بۇ خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك ئىش
بولدى، مونرو شۇنىڭدىن تارتىپ كاردىن چۈشەلمەي،
چوڭ - كىچىك تەرىتى ئورنىدا بولۇپ قالدى.

يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى مونرو ياتقان ئۆينىڭ ھاۋاسى ناچار-
لىشىپ كەتتى، چوڭ - كىچىك تەرىتى ئورنىدا بولۇپ قالغان
مونرو تاماق يېيىشنى رەت قىلدى. قىزى ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ
ئۇنۇمى بولمىدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مونرونىڭ
كېسىلى بىردىنلا ئېغىرلىشىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى.
سۇنغان جاي ياللۇغلىنىپ ئاغرىق ئازابى ئۇنى قىيناشقا باشلىدى.
مونرونىڭ ئاغرىققا چىدىماي قىلغان نالىسى كېچىچە ئاڭلىنىپ
تۇراتتى.

قىزى ساناقلىق كۈنلىرى قالغان دادىسىنى يېقىن ئەتراپتىكى
بىر چېركاۋ دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. دوختۇرخانىغا كىرگەندىن
كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ
قالدى. نەپەس يېتىشمىگەنلىكتىن ئۆپكىسى ئېغىر يۇقۇملانغان،
سۇنغان جاي ياللۇغلىنىپ تېخى ساقايمىغانىدى. مونرو دوختۇر-
خانىدا يېتىپ كۆپ ئۆتمەي ئېسىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

1831 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەردە، «مونرو
خىتابنامىسى» بىلەن غەربنى لەرزىگە سالغان ھەم ئامېرىكىنىڭ
دىپلوماتىيە سىياسىتىگە ئۇزۇن مۇددەت تەسىر كۆرسەتكەن، بىر
مەزگىل ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن جامېس مونرو تاڭغا
يېقىن بۇ دۇنيادىن جىمجىت كېتىپ قالدى.

شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، مونرونىڭ مېيىتى
ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى رېچموندغا قويۇلدى، قەبرىسى ئالدىغا ئابىد-
دە تاشمۇ قويۇلمىدى.

## ئالتىنچى باب

# پارلامېنت بىناسىنىڭ سەھنىسىدە سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىز قازا قىلغان

## ئالتىنچى زۇڭتۇڭ جون كۋىنس ئادامس —



جون كۋىنس ئادامس 1767 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ماسساچۇ- سېتس شتاتىغا قاراشلىق برايىنترىدا تۇغۇلغان. كىچىكىدىن تارتىپ دادى- سى، سابىق زۇڭتۇڭ جون ئادامسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇن بىر يېشى- دىن باشلاپ ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن دادىسى بىلەن ياۋروپاغا بارغان. فرانـ- سۇز، ئىنگلىز، ئىسپان ۋە لاتىن تىل- لىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن؛

1785 - يىلى خارۋارد ئىنستىتۇ- تىغا ئوقۇشقا كىرگەن، مەكتەپ پۈتتۈ- رۈپ 1790 - يىلى بوستون ئادۋوكات- لار ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئادۋوكات بولغان؛

1794 - يىلى ئەمدىلا يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەن چاغدا ئامېرىكى- نىڭ گوللاندىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن؛

1796 - يىلى پورتۇگالىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن؛

1797 - يىلى ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن؛

1802 - يىلى دادىسى سايلامدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يېڭىدىن تەختكە چىققان جېففېرسوننىڭ زەربە بېرىشىدىن ئەنسىرەپ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىغاندىن كېيىن، ماسساچۇسېتس شتاتى پارلامېنتىنىڭ پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1803 - يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1808 - يىلى كېڭەش پالاتاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيىگە كىرگەن، سىياسىي ئىشلارنى تاشلاپ مائارىپ بىلەن مەشغۇل بولغان، ئۆزى ئوقۇغان خارۋارد ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛

1809 - يىلى ئامېرىكىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن؛

1815 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن؛

1817 - يىلى زۇڭتۇڭ مونرو تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1823 - يىلى قەيەستىن چىققان «مونرو خىتابنامىسى» نى قوللىغان؛

1819 - يىلى ئىسپانىيە بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتكە قاتنىشىپ «چوڭ فۇرۇقلۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش كېلىشىمى» نى ئىمزالىغان؛

1824 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئالتىنچى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن؛

1829 - يىلى ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ ماسساچۇسېتس شتاتىغا قايتقان، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1848 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان، ئۇ شۇ يىلى سەكسەن بىر ياشتا ئىدى.

## ئادامسىنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ يىقىلىشى پۈتكۈل برايىنترى بازىرىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى

1846 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى برايىنترى بازىرىدا شۇ

يەرلىك يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى: بازار ئەتراپىغا جايلاشقان داچىدا تۇرۇۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ جون كۋىنس ئادامس تاماق يەۋېتىپ ئورۇندۇقتىن تۇيۇقسىز يىقىلىپ كەتتى.

بۇ بازاردىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئادامسنى تولىمۇ چوڭ كۆرەتتى. يەرلىك مۆتىۋەرلەر، ئېكىنزار خوجايىنلىرى، ھەتتا ئاددىي پۇقرالارمۇ يەتمىش توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ مويسىپىتقا مەبۇدگە چوقۇنغاندەك چوقۇناتتى. شۇڭا ئادامسنىڭ تاماق يەۋېتىپ پولغا يىقىلىپ چۈشكەنلىك خەۋىرى تارقالغان چاغدا نەچچە ئون مىڭ ئاھالىسى بار برايىنترى بازىرى تەۋرەپ كەتتى.

«ئادامس بوۋاي بىزگە ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلىگەن!»

«ئۇ ئارىمىزدىن بىئەجەل كېتىپ قالسا بولمايدۇ، كۋىنس ئەپەندىنىڭ تىنىقىلا بولسا، ئۇ بىز پۇقرالارغا ۋەكىل بولۇپ ۋاشىنگتونغا بېرىپ بىز ئۈچۈن گەپ قىلىدۇ!»

ئادامسنىڭ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان شەھەر ئاھالىسى كەچلىك تاماقلىرىنىمۇ يېمەي، ئۈچتىن - تۆتتىن بولۇشۇپ بازارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولان كۆلى تەرەپكە مېڭىشتى. ئەتراپىنى ئارچىلار قورشىغان تىنىق كۆل يېنىك دولقۇنلىناتتى. كۆل بويىدا چاقچاقلىغىنە كۆل رەڭ ياغاچ بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئادامس 1829 - يىل 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشاندى، ئۇ باشتا ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن زېرىكىشلىك كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر تۇرالغۇغا ئورۇنلاشقانىدى، كېيىن ئۇ ۋاشىنگتوندا كۈنلىرىنىڭ غېرىبچىلىق تارتىپ بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرغاندا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش نىيىتىدە سېتىۋالغان شەھەر ئەتراپىدىكى كونا تۇرالغۇسىنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ سېتىۋېتىپ يۇرتى — ماسساچۇسېتس شتاتىـ

دىكى برايىنترىغا يېنىپ كەلگەندى.

بۇ ئادامسىنىڭ ئون بىر ياشتىن بۇرۇنقى رومانتىك چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن جايى ئىدى. برايىنترىنىڭ ھەربىر تال گىياھىغىمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتى بار ئىدى، بولۇپمۇ دادىسى جون ئادامس زۇكتۇكلۇق ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەنىدى، ئادامس برايىنترىغا قايتىپ كېلىپ دادىسىدىن قالغان قورۇقتا تۇرماي، برايىنترى بازىرىنىڭ سىرتىدىكى بولان كۆلىنىڭ ياقىسىنى تاللىدى، شۇ يەرگە چاققانغىنە ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ بىنا سېلىپ ئورۇنلىشىۋالدى.

«ھەي، يۇرتۇمدىكى پۇقرالارنىڭ ماڭا بۇنچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، بۇنچىلىك ئىشىنىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدىم!» ئادامس قايتىپ كېلىپ كۆپ ئۆتمەي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە بۇ گەپنى قىلدى. ئۇ سىرتلاردا ئەمەل تۇتۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا يۇرتىغا ناگان ـ ناگاندا كېلەتتى. ئادامس ئون بىر ياشقا كىرگەن يىلى فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن دادىسى بىلەن ياۋروپاغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بالىلىق ھەم ياشلىق دەۋرى ئاساسەن فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىدە ئۆتتى. ئۇ كېيىن ئۇزۇن يىل دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ پايتەخت — ۋاشىنگتوندا تۇردى. دادىسىنى يوقلاپ يۇرتىغا كېلىدىغان پۇرسەتمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. ئادامس ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم سىياسىي سەھنىدىن رايى قايتقان كىشى سۈپىتىدە برايىنترىنى ماكان قىلىپ تاللىشىنى ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى دەپ قارايتتى. ئادامس دەسلەپتە ھېچكىم بىلمەيدىغان خىلۋەت بىر ماكاننى تېپىپ، شۇ يەردە پىنھان ياشاشنى ئويلىغانىدى، ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆزىنى بۇ دەرىجىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى، بۇ ئادامس ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەخت ئىدى.

«يۇرتداشلار، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن، زۇكتۇك

بولۇپ تۇرغان چېغىمدا سىلەرگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم، ئۇدا زۇڭتۇڭ بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق خىجىلمەن، يۇرتۇمنىڭ يۈزىنى تۆكتۇم!» ئادامس ۋاشىنگتوندىن برايىنترىغا قايتىپ كەلگەن يىلى ماسساچۇسېتس شتاتىدا سايلام بولۇۋاتاتتى. تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭ ئادامسنىڭ بۇنداق ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىش خىيالى يوق ئىدى. لېكىن ئۇن ئىككىنچى رايوندىكى سايلىغۇچىلار رويخېتىدە ئۇنىڭ ئىسمى باشقا تىزىپ قويۇلغان، پالاتا ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن بەش كىشى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شۇڭا ئىخلاسى قايتىپ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنگەن سىياسەتچى ئادامس چىرايلىق ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ سايلىغۇچىلار ئارىسىدا يەنە پەيدا بولدى.

«مەن ئالدىڭلاردا تولىمۇ خىجىل، مەن ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ ئادىمى تۇرۇپ جېكسون ئىسىملىك بىرىدىن مەغلۇپ بولدۇم، يۇرتداشلىرىمنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراشتىن نومۇس قىلىمەن!»

ئادامس بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ چۇقان سېلىۋاتقان خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى قوللىغان ئەر - ئاياللارغا ئازابلانغان ھالەتتە توختىماي تەزىم قىلاتتى. چۈنكى ئۇ جېكسوننىڭ ئۇنى ئاقسارايدىن چىقىرىۋېتىشىنى ئۆزىگە قىلىنغان چوڭ ھاقارەت دەپ بىلەتتى. ئاقسارايدىن چىقىپ كېتىشنى ئاللىبۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن دادىسى ئادامستەك مەغلۇبىيەت ۋە ھاقارەت دەپ چۈشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئاقسارايىنىڭ سابىق باشلىقلىرىغا سېلىشتۇرالمايتتى. ھوقۇق تۇتقان چاغلاردا فېدېراتسىيىگە قارشى پارتىيە ئىچىدە ئۇنىڭ رەقىبلىرى كۆپىيىپ، قوللىغۇچىلىرى ئازىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشنى قولغا كەلتۈرۈش سايلىمىدا جېكسوندىن يېڭىلىپ، ئاران بىر نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭتۇڭ بولۇپ قالدى.

«كۆنس ئەپەندى، سز نەچچە قېتىم زوڭتۇڭ بولغان بو-لۇڭ ياكى بولماڭ، بز سزنىڭ ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ ئادد-مى ئىكەنلىكىڭىزنىلا بىلىمىز!»

«شۇنداق، يۇرتىڭىزغا قايتىپ كەلگەنلىكىڭىز سىزنىڭ تۇ-غۇلغان يۇرتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ!»

«يۇرتىڭىزنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزى بىز ئۇ-چۇن كۇپايە!»

ئادامس گۇناھلىرىغا سەممىيلىك بىلەن توۋا قىلىپ، پارلا-مېنت ئەزاسى سايلىمىغا كەلگەن ئون ئىككىنچى رايوندىكى خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى، ئۇلار بۇرۇن ئاقسارايدا ھەممە كىشىنى ئاغزىغا قاراتقان ئادامسنىڭ يۇقىرىلارغا بۇنداق كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئاتمىش ياشقا كىرگەن كۇمۇش چاچلىق بوۋاينىڭ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى بىلەن كىممۇ ھېسابلاشسۇن؟

«ۋەكىللەر، مەن ئاراڭلاردا تۇرۇپ ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئوچۇقىنى ئېيتسام، مەن تۇرغىنىمغا ئەمدىلا تۆت يىل بولغان ئاقسارايدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلگەن چېغىمدا ئازابلىنىپ يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كەتكەنىدى!»

ئادامس ئاقسارايدىن يېنىپ چىققان ۋاقىتتىكى مەنزىرىنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. 1828 - يىلى ئۆزىنىڭ زوڭتۇڭ سايلىمى رىقابىتىدە مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى ئاقسارايغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانىدى. تۈن يېرىمىدە يىغلاپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ كۆڭلىدە ئۇنى مەغ-لۇپ قىلغان كۇچلۇك رەقىب جېكسونغا ئادەتتىن تاشقىرى ئۆچ-مەنلىك ساقلاپ يۇردى، كۇنلىرىنى ئىككىنچى يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ سىياسىي رەقد-بى ئاندرو جېكسون ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا تەنتەند-

لىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.
ئادامس ئامېرىكىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە يېڭى زۇڭتۇڭنىڭ
ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا سابىق زۇڭتۇڭ بولۇش سالاھى-
يىتى بىلەن قاتنىششى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ دوستىنى يىغلى-
تىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان بۇ مۇراسىمدا كۆرۈنمىدى. ئۇ
مۇشۇ چاغدىلا مەرھۇم چوڭ ئادامسنىڭ 1801 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ
4 ـ كۈنى يېڭى زۇڭتۇڭ جېففېرسون تەختكە چىقىشتىن بىر
كۈن ئاۋۋال نېمىشقا خوشلاشمايلا ئاقسارايدىن چىقىپ كەتكەنلى-
كىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئادامس ۋە ئۇنىڭ
دادىسى چوڭ ئادامس ئوخشاشلا ئۇدا زۇڭتۇڭ بولالماي تەختتىن
چۈشكەن زۇڭتۇڭلاردىن ئىدى، ئۇمۇ دادىسىدەك ئاقسارايىنىڭ
يېڭى خوجايىنىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى، شۇڭا يېڭى زۇڭتۇڭ
مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئادامس
جىمجىت كېتىپ قالدى! تەختتىن چۈشكەن ئادامس يۇرتىغا كې-
لىپ پارلامېنت ئەزاسى سايلىمىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە نائىل
بولدى، ئۇ بۇنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.
«يۇرتداشلار، مەن مەيلى پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىناي،
ياكى سايلانماي كۆپچىلىككە سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!» ۋە-
كىللەر ئاۋاز بېرىشتىن ئىلگىرى ئادامس ئاممىغا توختىماي قول
پۇلاڭلىتىپ، ئۆزىنىڭ كۆپچىلىككە بولغان مىننەتدارلىقىنى ئېيت-
تىپ تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ئۈزۈن ئۆتمەي سايلام نەتىجىسى چىقتى! ئادامس ئويلىمىغان
يەردىن كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاندى!
«پەرۋەردىگار، مەن تولىمۇ خۇش بولۇپ كېتىۋا-
تىمەن! — ئادامس پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان كۈنى ئاخشىمى
ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى داچىسىدا قائىدىنى بۇزۇپ كۆپ
هاراق ئىچتى. ئۇ ئۆپچۆرىسىدە تۇرغان خوتۇن ۋە ئوغۇل ـ
قىزلىرىغا، — مەن ھاياتىمدا نۇرغۇن شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىش-

كەن. ئەمما ھەرقانداق سايلىنىش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشلەر مېنى بۇ قېتىمقى ئويلىمىغان يەردىن پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلى-نىپ قالغاندىكىگە ئوخشاش خۇش قىلمىغان! ...» دەيتتى.

سىياسىي جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئادامس يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ قايتىدىن ئورنىدىن دەس تۇردى. ئادامس پارلا-مېنت ئەزالىقىغا سايلانغاندىن كېيىن يۇرتىدىكى تۇۋەن قاتلام زاتلار ئۇچۇن سۆزلەشكە خۇشتار بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆپ ئاۋاز بىلەن داۋاملىق پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىشى تەبىئىي ئىدى! ئۇ كېڭەش پالاتاسىدىكى پائالىيەتچان ئەربابلاردىن بولۇپ قالدى. يۇرتداشلىرىغا كۆپرەك ئىش قىلىپ بەرمەكچى بولغان بىر چاغدا كەچلىك تاماق يەۋېتىپ ئورۇندۇقتىن تۇيۇقسىز يىقىلىپ كەتتى. ئادامسنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز يىقىلىشى براينترى بازى-رىدىكى پۇقرالارنى ئېغىر تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. كەچقۇرۇن مەھەلدە، ئادامسنىڭ بازار سىرتىدىكى چاققانغىنە ياغاچ بىناسى-نىڭ ئالدىغا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ يىغىلغان كىشىلەر توختى-ماي ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشتى.

## سالامەتلىكى ئىچكۇلۇكتىن ناچارلاشتى، ئادامس پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالمىدى

ئادامس سەكتە بولۇپ قالغانىدى!

ھوشىدىن كەتكەن ئادامسنى قوللىغۇچىلىرى نوسىلكىغا سې-لىپ ماساچۇسېتس شتاتى دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. دوختۇرلار دەرھال دىئاگنوز قويۇپ ئادامسنىڭ «ساقايماس كېسەللىك» دەپ ئاتىلىدىغان سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىقلىدى!

ئادامس ھوشىنى بىلمەي ياتاتتى. چېركاۋ دوختۇرخانىسىدى-كى دوختۇرلار سەكتە كېسىلى بولۇپ قېلىپ ئۆزى بىلەن قىلچە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان شۇنچە كۆپ پۇقرالارنى ساراسى-

مگە سالغان ياشانغان بىمارنى تۈنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. يۇقىرالار ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا كېلىپ پارلامېنتتا خەلقنىڭ دەردىنى سۆزلەيدىغان بۇ ئەربابنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلىشاتتى. دوختۇرلارمۇ ئادامىس ئۈچۈن بارلىق تىدبىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىشتى. ئۇلار ئەڭ ياخشى دورىلارنى ئىشلىتىپ كېسەللىكنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادامىسقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئادامىسنىڭ كېسىلىنى ساقايماس خەتەرلىك كېسەل دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ ئادامىستەك يەتمىش توققۇز ياشقا كىرگەن بوۋاينىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد تولىمۇ ئاز ئىدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئادامىسنىڭ ۋۇجۇدىدا رىۋايەت خاراكتېرلىك مۆجىزە يۈز بەردى! كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى تالاي كۈنلەر ئەس - ھوشىنى بىلمەي ياتقان ئادامىس بىردىنلا كۆزلىرىنى ئاچتى، ئادامىس كارىۋىتىنىڭ ئالدىدىكى يۇقىرالار ئەكەلگەن دەستە - دەستە گۈللەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئەس - ھوشى بارا - بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ ئىلگىرىدىكىدەك سۆزلىيەلمەيتتى. ئەمما تەپەككۇرى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان كېسەل كىچىككىدىن تارتىپ بەدەن ساپاسى ياخشى ھەمدە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان ئادامىس ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولدى.

— ئادامىس ئەپەندى، سىزنىڭ بۇ قېتىم كېسەل بولۇشىڭىز تامامەن ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىكىڭىزنىڭ كاساپىتىدىن بولغان، بۇنىڭدىن كېيىن ھاراقنى تاشلىمىسىڭىز بولماسمىكىن! — ئادامىسنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھال سوراپ كەلگەن «خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار»نىڭ بىرى

ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

ئادامس گەپ قىلالمايتتى، ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئىچىدە كەيپىياتى ئەڭ ناچار كۈنلەردە قائىدىنى بۇزۇپ هاراق ئىچكەندىكى ئۇچۇن ئۆزىنى راسا تىللىدى. ئادامس بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى گوللاندىيىدە ئەلچى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا هاراق ئىچىشنى ئۆگەنگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆيلەنمىگەن چاغلىرى ئىدى. ئەلچى بولغان كىشى هاراق ئىچىشنى بىلمىسە، دىپلوماتىيە سورۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش ئادامس ئەنگلىيىنىڭ كۈچلۈك هارىقى مارىدېل XOنى ئىچىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ 1797 - يىلى پورتۇگالىيىدە ئەلچى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، بىر قېتىملىق كوكتېيل هارىقى زىياپىتىدە ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئارىلاشما قان سىستېمىسىغا تەۋە قىز لۇئىسا بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدى، ئۇنىڭ هاراقنى هەددىدىن زىيادە ئىچىدىغان يامان ئادىتى شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنۇملۇك كونترول قىلىندى. ئىككىسى توي قىلدى، لۇئىسا دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئېرىنىڭ سالامەتلىكىگە بەك ئەهمىيەت بەردى. ئادامس لۇئىسانىڭ نەسىهەت قىلىشى ئارقىلىق ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ هاراق تاشلىدى! دىپلوماتىيە ساهەسىدىكىلەرنىڭ زىياپەتلىرىدە لۇئىسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ مېهماندوست دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئادامسقا كۈچلۈك هاراق تۇتماسلىقىنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئادامسمۇ لۇئىسادەك كەسكىن خانىمنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ هاراق ئىچمەسلىككە ئىرادە باغلىدى، پەقەت بولمىغاندا، سالامەتلىككە زىيىنى يوق شامپان ئىچىپ قوياتتى. ئۇ دىپلوماتىيە هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ۋاشىنگتونغا قايتىپ كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن ئون ئىككى يىل ئىچىدە (ئۇ سەككىز يىل دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى، تۆت يىل زۇڭتۇڭ بولدى) هاراق ئىچمىدى. ئەمما 1828 - يىلى ئادامس ئاقسارايدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان يىلى قىشتا خانىمى

لۈئىسانىڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇشلىرىغا قارىماي يەنە ھاراق ئىچىشنى باشلىدى! ۋەدىسىنى بۇزۇپ ھاراق ئىچىشنى باشلىۋال-غان قېرى ئادامس چەت ئەللەردە ئەلچى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدى-كىدىن جىق ئىچىدىغان، ئىچكەندىمۇ كۆپ ئاتلىماي ئىچىدىغان بولۇۋالدى.

«قارا يۈز، جېكسون ھەقىقەتەن قارا يۈز ئىكەن، نېمىشقا ۋەزىپىسىدىن بوشانغان بىر ئادەمنىڭ قوللىغۇچىلىرى شۇنچە كۆپ بولىدۇ!» ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش سايلىمى بولۇۋاتقان چاغلار-دا ئاقسارايىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئادامس باشتا رىقابەت-چىسى جېكسونغا ئېرەن قىلمىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئادامس بىرىنچى قېتىم زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتناشقاندا، جېكسون تۆت رىقابەتچىنىڭ بىرى ئىدى. شۇ چاغدا جېكسون بىرىنچى قېتىملىق سايلام رىقابىتىدە كۆپ ئاۋازغا ئې-رىشكەن بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ھەل قىلغۇچ سايلامدا ئادامس يەنىلا جېكسوننى يەڭگەنىدى. ئادامس ئاقسارايغا كىرگەن-دىن كېيىن مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن سىياسىي رەقىبى جېك-سون ئادامس بىلەن يەنىمۇ قارشىلىشىش ئۈچۈن يېڭى دېموكرات-لار پارتىيىسىنى قۇردى. بۇ يېڭى پارتىيە پارلامېنتتا ناھايىتى كۆپ ئورۇنغا ئىگە بولغاچقا، جېكسون تەختكە چىقىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ئادامسنى بىراقلا مەغلۇپ قىلىپ تاشلىدى.

ئادامس ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، چەك-سىز ئازابقا مۇپتىلا بولغان چاغدىلا ئاندىن ھاراق بىلەن دوستلاش-تى. ئادامس بۇ قېتىم ئىچ پۇشۇقىنى شامپان قاتارلىق ئىچىم-لىكلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئادەم بېشى» ماركىلىق ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىش ئارقىلىق چىقىراتتى. ئادامس پات - پاتلا ئاقسارايدىكى يېشىل زالدا ياكى كۆك زالدا مەست پېتى ئۇخلاپ قالاتتى.

— كۆنىس، بۇنداق ئەخمەقلىق قىلماڭ، ئۇدا زۇڭتۇڭ

بولسىڭىز تېخى ياخشى، بولالمىسىڭىز بۇنچىلىك ھەسرەتلىنىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق! سىزنىڭ يۈرىكىڭىزغا كەتسەك ئوخشاشلا گۈلدەك ياشاۋەرمەمدۇق! — بۇ ھالغا چىداپ تۇرالمىغان خانىمى كۆيۈنگـەن ھالـدا ئېرىگـە ھاراق تاشـلاش توغـرۇلۇق نەسىھەت قىلاتتى.

— لۇئىسا، ئۇدا زۇڭتۇڭ بولالامدىم ـ بولالمامدىم، بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن، مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا نۇرغۇن تۆمۈريول، تاشيول ياساتتىم، 1825 ـ يىلى ئۆزۈم رەھبەرلىك قىلىپ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يۈز ئىنگلىز مىل كېلىدىغان ئېيرى بۈيۈك قانىلىنى قازدۇردۇم! مەن يەنە مەكتەپ سېلىشقا، مائارىپ ئىشلىرىغا مەبلەغ ئاجراتتىم، شۇنـچىۋالا خـەيرلىك ئىشلارنى قىلغان تۇرسام، سايلام ۋاقتىدا سايلىغۇچىلار شۇ ئىش- لارنى بىلمەس بولۇۋالدى! جېكسون دېموكراتلار پارتىيىسى ئار- قىلىق مەزھەپچىلىك قىلىپ ھوقۇقۇمنى تارتىۋالدى! ئۇ خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى!

لۇئىسا خانىمنىڭ چىرايلىق گەپلەر بىلەن قىلغان تەسەللى- سىنىڭ كۆڭلى غەش ئادامسقا ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. ئۇ يەنىلا يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان ئازاب ئۇچقۇنىنى ھاراق بىلەن ئۆچ- چۈرمەكچى بولدى ھەم ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ قورساق كۆپۈكىنى ھەر كۈنى يازماي قويمايدىغان «ئاقساراي خاتىرىسى» گە يېزىپ ماڭدى.

ئادامس باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلانغانىدى. ئۇ ھەتتا زۇڭ- تۇڭغىمۇ ئوخشاشماي قالدى. ئادامس ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېلىپىس شەكىللىك ئىشخانىغا كىرمەي، دۆلەت ئىشلىرى كاتى- پى ۋە كاتىپىنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرۇلۇق بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلايتتى. ئاندىن ئاقسارايدىن خې- لى يىراق بولغان پوتوماك دەرياسىغا بېرىپ سۇ چۆمۈلەتتى. ئۇنى بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان

ئوتنى پەسەيتىش ئۇچۇن چۇمۇلىدۇ دېگەن تۇزۇك ئىدى. بىر قېتىم غەرق مەست زۇكتۇك ئۆزى يالغۇز پوتوماك دەرياسىغا باردى. ئۇ كىيىملىرىنى قېيىققا سېلىپ قويۇپ دەرياغا چۈشتى. ئۇ قېيىقتا ئولتۇرغان چېغىدا، قېيىقتا تۆشۈك بارلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئادامس ئۈزۈپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ كەي-نىگە قارىدى، ھېلىقى قېيىق سۇغا چۆكۈپ كېتىپ كىيىملىرىنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەنىدى. زۇكتۇك سۇدا تۇرۇپ غەزەپتىن يېرى-لىپ كېتەيلا دېگەنىدى، كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىۋاتقان سەت-چىلىكلەر تەختكە چىقىشنى كۈتۈپ تۇرغان جېكسونغا ئويۇن بول-دى.

ئادامس ئاقسارايدا تەختتىن چۈشۈشنى ساقلاپ تۇرغان كۈن-لەردە ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويغىلى قىل قالغان بىر ئىش يۈز بەردى! لۇئىسا ئىككىسى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئوغلى جورجى ئادامس نيۇيۇركقا قاراپ يولغا چىققان پاراخوتتا سەيلە قىلىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ياش ھەم ئىستىقباللىق بىر ياشنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى دولقۇنلۇق دېڭىز يەپ كەتتى! ئادامس ئوغلىنى ئۆز ھاياتىنىڭ داۋامى دەپ بىلەت-تى. دادىسى ئورۇنباسار ئورنىدا كۆرۈپ كېلىۋاتقان جورجى ئادامسنىڭ ئۆلۈمى ئەمەلدارلىق سورۇنىدا يۈلتۈزى ئۆچۈشكە باشلىغان زۇكتۇكنى قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە سېلىپ قويدى.

ئادامس ھاراقنى ئەسەبىيلەرچە ئىچىپ قالماي، مەست بو-لۇپ كەتسە، بېشىنى ھە دەپ تامغا ئۇراتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچە بولغان چاغ ئىدى، سىرتتا بوران ئارىلاش يامغۇر يېغىۋاتات-تى. مەستلىكتىن يېشىلگەن ئادامس چالا ئۇيقۇلۇقتا يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ بىئەجەل ئۆلۈمىنى ھەم ئۆزىگە كەلگەن تەتۇر قىسمەتنى ئويلاپ، دەردكە چىدىماي ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بالدۇرلا تەييارلاپ قويغان تاپانچىنى ئېلىپ ئىككىلەنمەي چېكە-سىگە توغرىلىدى! ھېلىمۇ ياخشى خوتۇنى لۇئىسانىڭ كۆڭلى

توپۇپ تاپانچىدىن ئوقنى چىقىرىۋالغانىدى، بولمىسا، ئادامس ئاقسارايدا ئۆلۈۋالغان بىردىنبىر زۇڭتۇڭ بولۇپ قالاتتى!
ئادامس كېسەل كارىۋىتىدا جىمجىت ياتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭ بولالماي ۋەدىسىنى بۇزۇپ قايتىدىن هاراقفا كىرىشىپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، بوشاڭ ھەم ئىرادىسىز ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىدىن نەپرەتلىنەتتى.

## سەكتە كېسىلى يەنە قوزغالدى

يازنىڭ يارقىن قۇياش نۇرلىرى دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ياتىقىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئادامسنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش يۈز بەردى، بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.
ئۇ جىنىغا تىكىلىپ كەلگەن ئەجەلدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ماساچۇسېتس پۇقرالىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئادامسنىڭ ساقىيىپ قېلىشىنى تىلەپ ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا خۇش پۇراق گۈللەردىن گۈلدەستىلەر قويۇشاتتى.
1847 - يىل 6 - ئايدا، ئادامس سەللىمازا ساقايدى. ئۇ برايىنترىدىكى داچىسىغا قايتىپ كېلىپ، پارلامېنت ئەزالىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن قانۇنغا دائىر كىتاب - ژۇرناللارنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.
ئادامسنىڭ كۈنلىرى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ ئالدىراشچىلىقتىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپاتتى. ئۇ ماساچۇسېتس شتاتىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يەنە تۇيۇقسىز سەكتە بولۇپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئادامس پارلامېنت ئەزاسى بولغاندىن بۇيان ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتقان پۇقرالار ئۈچۈن سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى.
«پارلامېنت ئەزالىق سالاھىيىتىم بىلەن زۇڭتۇڭ جىك-

سوننىڭ هوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە قەتئىي قارشى تۇرد-
مەن. مۇقەددەس زۇڭتۇڭلۇق هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ جېكسوند-
نىڭ بۇ مەبلەغنى يۇتۇۋېلىشىغا هەم قالايمىقان ئىشلىتىشكە
تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ!» ئادامس پارلامېنت ئەزاسى بولغاندىن
كېيىن يۈز بەرگەن بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشنى ئويلىدى،
1831 - يىلى جېكسون زۇڭتۇڭ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەنگلىيە
ئىئانە قىلغان مەبلەغنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە
يۈز بەرگەن توقۇنۇش كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئادامس
زۇڭتۇڭ جېففېرسونغا ئۆچمەنلىك قىلغان مەرهۇم دادىسىدەك،
يېڭى تەختكە چىققان زۇڭتۇڭ جېكسون بىلەن پات - پاتلا توقۇنۇ-
شۇپ قالاتتى.

1831 - يىلى ئەنگلىيە ئامېرىكىغا ئىئانە قىلغان ناهايىتى
نۇرغۇن پۇل ۋاشىنگتونغا يۆتكەپ كېلىندۇ. ئەنگلىيە رەهبەرلى-
رى ئامېرىكىنىڭ هەرقانداق بىر شەهەردە بىلىم كېڭەيتىش هەم
تارقىتىش رولىنى ئوينايدىغان تەتقىقات يۇرتى قۇرۇشىنى ئۈمىد
قىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۇزۇن يىل ئۇرۇشقان ئەنگلىيە ۋە
ئامېرىكا ئۈچۈن قولغا ئاسان كەلمىگەن تىنچلىق نامايان بولاتتى.
بۇ ئەسلىدە ياخشى ئىش ئىدى، بىراق بىر تۈركۈم پارلامېنت
ئەزالىرى ئەنگلىيە ئىئانە قىلغان بۇ پۇلنى باشقا ئىشلىتىش
توغرىسىدا پارلامېنتقا تەكلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار
ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمما پۇقرالارنىڭ قارشى چىقىد-
شى هېچنېمىگە دال بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىد-
كى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان كۈچ بۇ مەبلەغنى تەتقىقات
يۇرتى قۇرۇش ئىشىغا ئىشلەتمەي، ئاز ساندىكى بىر قىسىم
كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئادامس بۇ مەبلەغنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىپ كېتىلىشىگە
قارشى مەيداندا تۇرىدۇ. بۇ مەبلەغنى باشقا ئىشلىتىشنى
تەشەببۇس قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەربابلارغا جېكسون پەردە كەي-

نىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئادامس بۇ سۈيىقەستنى پارلامېنتتا ئېچىپ تاشلاش قارارىغا كەلدى. ئادامس بىلەن قارشىلىشىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەمما، پەردە كەينىدە جېكسون بولغاچقا، ئۇلار خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. ئادامس كۆپ قېتىم پارلامېنتتا بۇ تەكلىپكە ئۆزىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ مەبلەغنى چوقۇم ئاممىغا پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىش، مۇشۇ مەبلەغ بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا پايدىلىق بولغان سىمىت سانىن مۇزېيى قۇرۇش كېرەك دېدى. ئۇ ھەتتا پارلامېنتتا ئۇستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ: «مەيلى قايسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولسۇن، ئاممىغا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغنى بۇزۇپ - چېچىشقا ئۇرۇنىدىكەن، مەن شۇ كىشى بىلەن ئۆلگىچە ئېلىشىمەن» دەپ ۋارقىرىدى.

جېكسون ۋە بۇ مەبلەغنى بۇزۇپ - چاچماقچى بولغانلار ئادامس بىلەن ئۈچ يىل قارشىلاشقان بولسىمۇ، ئادامسنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرىدىن قورقۇپ نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەلەشتى. سىمىت سانىن مۇزېيى 1840 - يىلى ئاخىر پۈتتى! شۇنىڭ بىلەن ئادامسنىڭ ئابرۇيى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى!

1842 - يىل 2 - ئاي، باش باھار يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، سوغۇق يەنىلا بوشىمىغانىدى. 20 - كۈنى سەكتە كېسىلى پۈتۈنلەي ساقايغان ئادامس رەڭگىرويى ئەسلىگە كېلىپ روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كېڭەش پالاتاسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتنىشش ئۈچۈن پايتەخت ۋاشىنگتونغا بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئادامسنىڭ ئىككى يىل ئىلگىرى يۇرتى برايىنترىدا تۇيۇقسىز سەكتە كېسىلى بولۇپ قالغاندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم ۋاشىنگتونغا يىغىنغا بېرىشى ئىدى. شۇڭا ئادامسنىڭ كەيپىياتى قەۋەت ياخشى ئىدى. خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە پاتمىغاچقا، چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەن ئادامس ئۆزىنى ئۇزاتقىلى كۆل

بويىدىكى داچىسىغا كەلگەن يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن «خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار» غا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ كىيسەللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئادامسقا كۆيۈنىدىغان بىر قىسىم دوستلىرى سەكسەن بىر ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق كېكەش پالاتاسى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋاشىنگتونغا كېتىۋاتقان ئادامستىن ئۆزلىرىنىڭ سەل خا-ۋاتىرلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سىلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان پايتەختكە بارمىغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى، ئۇ يەر ئادامسىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ئەسلىمىلىرى قالغان جاي ئى-دى. ياش ئادامس ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە ھاياتىنى ئاشۇ يەردىن باشلىغان؛ ۋاشىنگتوندا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن زۇڭتۇڭ مونروغا ھەمكارلىشىپ نەچچە ئەۋلاد ئامېرىكا دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەت-كەن «مونرو خىتابنامىسى» نى تۈزگەن؛ شۇ يەردە ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولۇپ ئۆزىنىڭ شانلىق تۆھپىلىرىنى ئامېرىكا تارىخىغا يېزىپ قالدۇرغانىدى.

گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن ئادامسىنىڭ يۈرىكىنى كونا جايىنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى چىرمىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پاي-تەختكە قەتئىي بېرىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۇنى يىراق سەپەردىن توسۇپ قالماقچى بولغان دوستلىرى لام - جىم دېيەلمىدى.

ئادامس چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گۈزەل پارلامېنت تېغى ئالدىدا پەيدا بولدى. ھەيۋەتلىك يۇمىلاق ئاق بىنا كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئادامس تەختتىن چۈشۈپ پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئون سەك-كىز يىللىق ھاياتىنى ئەسلىدى. مۇنار شەكىللىك ئالامەت كاتتا

قۇرۇلۇشنىڭ يىغىن زالىدىكى ئېگىز سەھنىدە تالاي قېتىم كە-
شىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلىگەنلىكى ھەق ـ
ناھەقنى پەرقلەندۈرۈشكە، خەلقنىڭ دەردىگە يېتىشكە ماھىر
ئادامسنىڭ ھېلىمۇ يادىدا ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ 1836 ـ يىلىدىن
1844 ـ يىلىغا قەدەر سوزۇلغان ئامېرىكىدا قۇللۇق تۈزۈمىنى
بىكار قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى زادىلا ئۇن-
تۇپ قالالمايتتى.

شۇ چاغدا ئادامس باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە پارلامېنت ئەزا-
سى يۇرتى ماسساچۇسېتس شتاتى خەلقى ئەڭ ئاۋۋال قوزغىغان،
كېيىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققىتىنى تارتقان قۇللۇق
تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەرىكىتىنى قەتئىي قوللىغانىدى. ئىش-
نىڭ جەريانى ئەسلىي مۇنداق بولغانىدى: 1835 ـ يىلى ماسسا-
چۇسېتس شتاتىدىكى خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار
پارلامېنتقا توختىماي ئىلتىماس سۇنۇپ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار
قىلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. لېكىن كېڭەش پالاتاسىدىكى
قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشقا قارشى چىققۇچى بىر قىسىم
پارلامېنت ئەزالىرى خەلقتىن كەلگەن ئىلتىماسقا پەرۋا قىلماس-
لىقنى تەشەببۇس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش پالاتاسى بىر
تۈرلۈك قانۇن ماقۇللاپ، خەت ـ چەكلەرنى يىغىندا ئوقۇماسلىق
ھەم قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تەكلىپىنى مۇزاكىرە قىلماس-
لىقنى بەلگىلىدى. ئادامس ماسساچۇسېتس شتاتىدىن، ئامېرىكى-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ قارشى پىكرىنى كۆپ-
رەك ئاڭلاپ، 1837 ـ يىلىدىن باشلاپ كېڭەش پالاتاسىغا
كەينى ـ كەينىدىن قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تەكلىپىنى
سۇندى. ئىرادىسى قەتئىي، مۇنازىرىلىشىشكە ماھىر ئادامس ئا-
زادلىققا تەشنا قۇللار ئۈچۈن ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش
قىلىپ، 1848 ـ يىلى ئاخىر غەلىبە قىلدى. كېڭەش پالاتاسى
قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماس-

لىق بەلگىلىمىسىنى قايتۇرۇۋالدى. پۈتكۈل مەملىكەتتىكى قۇل-
لارنىڭ ھالىغا يەتكەن ئادامسىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى تار-
قالغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى قاينام - تاش-
قىنلىققا چۆمدى!

1848 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن
بۇ ئادەتتىكى بىر كۈن ئىدى، ئەمما ۋاشىنگتوننىڭ مەركىزىدىكى
پارلامېنت بىناسىدا — كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ھېلىقى
يۇملاق ئاق بىنادا، كىشىلەرنى لەرزىگە سالىدىغان بىر ئىش
بولدى.

ۋىجىك، چېكىلىرى تامام ئاقارغان، قوڭۇر ئۆچكە ساقاللىق
كېڭەش پالاتا ئەزاسى جون كۋىنس ئادامس تار كارىدوردا ھارۋىد-
سىنىڭ چاقلىرىنى قوللىرى بىلەن ئاستا ئايلاندۇرۇپ سەھنىگە
قاراپ يول ئالغانىدى.

ئەتراپتا تارقىلىپ ئولتۇرغان كېڭەش پالاتا ئەزالىرى ئېغىر
كېسەلدىن يېڭىلا ساقايغان، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئادامسنى ئېگىز
سەھنىدە كۆردى. ئۇلار سەكسەن بىر ياشقا كىرگەن، سەكتە
كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادامسىنىڭ سىياسىي سەھنىگە قايتى-
دىن چىققانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىدىن تەۋرەپ كەتتى! زالدا
شۇئان ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ئادامس بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى. قېرىلىققا تەن بەرمەيدى-
غان، كېسەلگە باش ئەگمەيدىغان بۇ بوۋاي ياش ۋاقىتلىرىدىكى-
دەك كېڭەش پالاتاسىنىڭ سەلتەنەتلىك سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ يېڭى
نۇتقىنى باشلىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئادامس يەنە ئۆزى
تۇرۇۋاتقان ماسساچۇسېتس خەلقىگە ۋاكالىتەن ئامېرىكىنىڭ يۇ-
قىرى سىياسىي سەھنىدىكىلەرگە يېڭى مەسىلىلەرنى مۇراجىئەت
قىلدى! ئۇ ساقايغاندىن كېيىن خەلققە ۋاكالىتەن سۆزلەيدىغان
نۇتقىنىڭ تېكىستىنى بىر يىل بۇرۇن كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ
تۇرۇپ تەييار قىلىپ بولغانىدى. ئادامس خەلقنىڭ ئىرادىسىنى

يەتكۈزىدىغان پۇرسەتكە ئاخىر ئېرىشتى. ئۇ ئورىگىنالنى قولىغا ئېلىپ مەردانە سۆزلەپ كەتتى. كېيىن سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ ئورىگىنالغىمۇ قارىمىدى. ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى پارلامېنت بىناسى زالىدا ياڭرايتتى...

توساتتىن نېمە ئۈچۈندۇر ئادامسنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى!

كېلىشىۋالغاندەك، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ئېگىز سەھنىگە تىكىلدى، زالدا پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

نۇرلۇق چىراغ يورۇقىدا ئادامسىنىڭ پاخپايغان ئاق چاچلىق بېشى بىردىنلا بىر ياققا ساڭگىلاپ قالدى. ئارقىدىن ئورىگىنال تۇتقان قولى تىترەپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. چاقلىق ھارۋىدا تۇگۈلۈپ قالغان ئادامس «گۈپلا» قىلىپ سەھنىگە يىقىلدى:

پۇتكۈل يىغىن مەيدانى ئوپۇر - توپۇر بولۇپ كەتتى.

ئەسلىدە ئادامس نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، يېڭىلا ساقايغان سەكتە كېسىلى قايتا قوزغالغانىدى!

«ئادامس، سىز كېتىپ قالسىڭىز بولمايدۇ!»

«ئادامس ئەپەندى، سىز نۇرغۇن گەپلىرىڭىزنى دېمىدىڭىز، نېمىشقا بىردىنلا كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇۋالىسىز!»

ئادامس پارلامېنت ئەزاسى بولسا ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايدىغان پارلامېنت ئەزالىرى ھېچنېمىگە قارىماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سەھنىگە ئېتىلدى. كۆپچىلىك بىر ياقتىن چۇقان سېلىشىپ، بىر ياقتىن مىدىرلىماي ياتقان ئادامسنى قولمۇقول كۆتۈردى.

ئۇنى كىشىلەر پارلامېنت بىناسىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىگە ئەكىرىپ تۇپتوز ياتقۇزۇپ قويۇشتى. ئاندىن تېزلىك بىلەن دوختۇر چاقىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. ئادامسقا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككىنچى قېتىم مۆجىزە يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئادامس بۇ قېتىم

كۆپچىلىكنى نائۈمىد قويدى. ئۇ پارلامېنت بىناسىنىڭ زالىدا شۇ يىقىلغان پېتى ئىككىنچىلەپ كۆزىنى ئاچمىدى!

ئادامس ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى!

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئادامسنىڭ مېيىتى ۋاشىنگتوندىن ماسساچۇسېتس شتاتىغا ئېلىپ مېڭىلدى. كوچىلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئادامسنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقىلى كەلگەن قېرى - ياش ۋە ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن قارىلىق تۇتۇشقانىدى. كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئادەم مىغ - مىغ ئىدى، يىغا ئاۋازلىرى پەلەكنى لەرزىگە سالغانىدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئادامسنىڭ مېيىتى برايىنترى بازىرىدىكى بىرىنچى دىنىي رايون قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان برايىنترى بازىرىغا ئادامسنىڭ ئىسمى «كۈئىنس» دەپ نام بېرىلدى.

يەتتىنچى باب

# قاتىلىنىڭ تەھدىتىدىن پاراكەندە بولۇپ يامان چۈشتىن قۇتۇلالمىغان

## —— يەتتىنچى زۇڭتۇڭ ئاندرو جېكسون



ئاندرو جېكسون 1767 ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جەنۇبىي كارولىنا شتاتى ۋوكاسادا يالىلانما دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن؛

1780 ـ يىلى ئون ئۈچ ياشلىق جېكسون شۇ جايدىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان؛

1781 ـ يىلى ئاپىسى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ يېتىم باللار قاتارىدا كوچىلاردا قاڭقىپ يۈرگەن؛

1784 ـ يىلى شىمالىي كارولىنا شتاتى سالىسبۇرىدا قانۇن كەسپىنى ئۆگەنگەن، ئىككىنچى يىلى ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىدا ياردەمچى بولغان؛ ئون توققۇز يېشىدىن باشلاپ پراكتىكانت ئادۋوكات بولغان؛

1788 ـ يىلى ناشۋىلدا ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ تىجارەت باشلىغان؛

1798 ـ يىلى تېننېسسى شتاتى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيە-لىككە تەيىنلەنگەن، 1802 ـ يىلى تېننېسسى شتاتى خەلق ئەسكەرلىرى-نىڭ گېنىرال مايورى بولغان؛
1791 ـ يىلى راچېل دوۋنىبىر خېنىم بىلەن توي قىلغان؛
1796 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1797 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1807 ـ يىلى تېننېسسى شتاتى پارلامېنتىنىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1814 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال لېيتېنانتى بول-غان؛
1815 ـ يىلى يېڭى ئورلىئاسىۋىل ئۇرۇشىدا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان، ئۇرۇشتىن كېيىن ھەربىي دائىرىلەر ئەتىۋارلىمىغانلىقتىن ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ كەتكەن؛
1817 ـ يىل 5 ـ ئايدا، فېدېراتسىيە دائىرىلىرى يىراققا سەپەر قىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەن؛
1818 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ فلورىدادىكى ئىسپانىيە قوشۇنلىرى ساقلاۋاتقان جاي — سان ماركسنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان؛
1812 ـ يىلى فلورىدانىڭ مۇۋەققەت باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن؛
1823 ـ يىلى كېڭەش پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛
1829 ـ يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان؛
1837 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن بوشانغان؛
1845 ـ يىل 6 ـ ئايدا تېننېسسى شتاتىغا قاراشلىق ناشۋىلدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان، ئۇ شۇ يىلى يەتمىش سەككىز ياشتا ئىدى.

## قاتىل خىمتاج كەنتىگە يوشۇرۇن كىردى

1844 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى يېرىم كېچە. شىمالىي كارولىنا شتاتى بىلەن جەنۇبىي كارولىنا تۇتاشقان جايدىكى مەشھۇر كەنت — خىمتاج كەنتىنىڭ شەرقىي بېشىدا ئەرۋاھقا ئوخشاش بىر قارا سايە قاتار كەتكەن ئارچا دەرەخلىرىنى

ئايلىنىپ، ياپپېشىل دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان چاققانغىنە ياغاچ بىناغا يېقىنلاشتى. بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ئاندرو جېكسوننىڭ داچىسى ئىدى، كىشىلەر بۇ ياغاچ بىنانى «زۇڭتۇڭ بىناسى» دەپ ئاتىشاتتى.

جېكسون 1767 ـ يىل 3 ـ ئايدا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. بۇ گېنېرال زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئەسلىدىكى ياغاچ ئۆينىڭ ئورنىغا ئۇچ قەۋەتلىك بىنا سالدۇردى. جېكسون بىنانى قەدىمىي تۇسكە ئىگە، يېڭىچە پاسوندا سالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى دۇنياغا كەلگەن ياغاچ ئۆينىڭ ئەينى يىللاردىكى سىياقىنى ساقلاپ قېلىپ خىش ئىشلەتمەي ياغاچ بىلەن ئۆرە قىلدى.

جېكسون 1837 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاقسارايدا ئاخىرقى خوشلىشىش نۇتقىنى سۆزلەپ بولۇپ خىمتاج كەنتىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئاردىن يەتتە يىل ئۆتتى. ئۇ ياۋروپا ۋە يەرلىك ئۇسلۇب بىرلەشتۇرۇلۇپ سېلىنغان بىناسىدا تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. جېكسون يەتتمىش يەتتە ياشقا كىرگەنىدى.

بۇگۈن ئاخشام بۇ ياغاچ بىنادا كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرەرمۇ؟ 1835 ـ يىلى ۋاشىنگتوندىكى پارلامېنت تېغىغا چىققان چاغدىكىگە ئوخشاش، قاتىل ياغاچ بىناغا يېقىنلاپ بېرىشىغىلا تاپانچىنىڭ سوغۇق ھەم زىل ئاۋازى ياڭراپ كېتەرمۇ؟

تۇن كېچە، جاھان سۇكۇناتقا چۆمگەن. ياغاچ بىنانى ئوراپ تۇرغان ياپپېشىل ئارچا شاخلىرى شامالدا شىلدىرلايتتى. ياغاچ بىنادا چىراغلار ئۆچۈرۇلگەنىدى، دەل مۇشۇ پەيتتە قولىغا قورال ئالغان بىر كىشى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بۇ بىناغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھۇجرىنىڭلا چىرىغى يېنىق ئىدى! كارىۋاتتا مۇكچىيىپ ئولتۇرغان بۇ بوۋاينىڭ — سابىق

زۇڭتۇڭنىڭ قەددى - قامىتىدىن ياش ۋاقتىدا تولىمۇ قاۋۇل ئادەم ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ھازىر قېرىپ، مۈكچىيىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئېغىر ئۆپكە گازلىق ئىششىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغىنىغا يەتتە يىلدىن ئاشقان، پۈتۈن ئەل ئۇخلاپ كەتكەن چاغدا، ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا يۆتىلىپ تاڭنى ئاتقۇزاتتى.

جېكسون چىراغ تۈۋىدە كۆزەينەك تاقاپ دېموكراتلار پارتىيىسى — ۋاشىنگتوندىكى باش شتابتىن ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن پارتىيە ئىشلىرىغا ئائىت دوكلاتلارنى كۆرۈۋاتاتتى.

جېكسون بېشىنى ياستۇق تەرەپكە قىيسايتىپ ئولتۇراتتى. تەختتىن چۈشكۈچە بېشىدىن ئاجايىپ - غارايىپ كەچۈرمىشلەرنى ئۆتكۈزگەن بۇ ئەربابنىڭ قاشلىرى قويۇق بولۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ھوقۇقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا سۈرلۈك چاقناپ تۇراتتى.

«بىر قىسىم پاسىقلار مېنىڭ تەختتىن چۈشۈپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ مەندىن يىراقلاشتى! ھەم، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى نېمىدېگەن تار، مەن جېكسون تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن بولساممۇ، تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك دېموكراتلار پارتىيىسىنى ھېلىھەم كونترول قىلالايدىغانلىقىمنى ئۇلار پەقەت بىلمەيدۇ!»

جىمجىتلىققا چۆككەن باھار كېچىسىدە جېكسون كارىۋات گىرۋىكىگە يۆلىنىپ ۋاشىنگتوندىن ئەۋەتىلگەن پارتىيە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك دوكلاتنى كۆرگەچ، سوغۇق كۈلۈپ ئولتۇراتتى. يارىلىشىدىنلا قوپال يارالغان قاتتىق قول ھەم كەسكىن ئىش قىلىدىغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ئاقسارايدا ھوقۇق تۇتقان سەككىز يىل ئىچىدە تولىمۇ چېچىلىپ كەتكەن ھوقۇقنى تۇنجى قېتىم قولىغا يىغىپ، ئامېرىكا تارىخىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نەچچە نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلار ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك زۇڭتۇڭ بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلاردا سىياسەتۋازلار

ئۇنىڭ قاتتىق قوللۇقلۇقىدىن ھەم ئىناۋىتىدىن قورقاتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى.

«ئاقسارايدا مەنلا ھوقۇق تۇتىدىكەنمەن، مەن بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتى بولمىغان ھەرقانداق ئادەمنى ھۆكۈمىتىمگە ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىمەيمەن! غەيرىي قاراشتىكىلەرنى ئەسلا ئىشلەتمەيمەن!»

ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان جېكسون ئون يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق ئۇزۇن يىل ئارزۇ قىلغان ئاقسارايغا كىردى، ئۇ شۇ چاغدا ئاتمىش بىر ياشتا ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىپلا بۇرۇنقى زۇڭتۇڭلار ئاقساراي بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىگە ئورۇنلاشتۇرغان زور بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنى ھەربىيلەرگە خاس كەسكىنلىك بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋەتتى. 1824- ۋە 1828 - يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق چوڭ سايلامدا جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولغان ھەقەمسايىلىرىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنى تولۇقلىدى.

«بىرى مېنى مۇستەبىت دەپ تىللاپتىمۇ؟ بىرى مېنى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان پادىشاھ ئاندرو دەپ ھاقارەتلەپتىمۇ؟! ھىم، مەن ئامېرىكىنىڭ ئاقسارىيىدىكى مۇستەبىت بولىمەن، مەن مۇھىم ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان پادىشاھ ئاندرو بولىمەن! تەختتىن چۈشكەنلەر ھەم ئۆكتىچىلەر مېنى قانداق قىلالايدىكىن؟!» جېكسون ھوقۇق تۇتقان سەككىز يىل ئىچىدە ھەرقانداق بىر ئەمەلدارنى خالىغىنىچە ئىشلىتىپ ئەمىلىدىن خالىغىنىچە ئېلىپ تاشلىدى. ئۇ خۇشى تۇتۇپ قالسىلا شۇنداق قىلاتتى، جېكسون ھەتتا پارلامېنت ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرگە نىسبەتەن رەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيتتى!

1830 - يىلى جېكسون ئاقساراي ۋە گوۋۇيۇەندە خىزمەت قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ تۆت نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار-

نى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى. ئۆكتىچىلەر بۇ ئىشتىن تەۋرەپ كەتتى. چۈنكى بۇنداق ئىش ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تارىخىدا بولۇپ باقمىغانىدى، تەختكە چىققان زۇڭتۇڭ ھەرقانچە مۇستەبىت بولۇپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە قويغان ئەمەلدارلارنى شەپقەتسىزلىك بىلەن تازىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جېكسوننىڭ بۇنداق كەسكىنلىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئورتاق نەپرىتىنى قوزغىدى. پارلامېنتتا ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، غەزەپلەنگەن بىر قىسىم مۆتىۋەرلەر پەردە كەينىدە تۇرۇپ ئامېرىكا تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن بۇنداق مۇستەبىتنى قانۇن تەرتىپى ئارقىلىق پاش قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.

«قورقمايمەن، مېنى پاش قىلىشقا كىم پېتىنىدىكەن، شۇنى ئاۋۋال پارلامېنت ئەزالىقىدىن ئېلىپ تاشلايمەن!»

جېكسون ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن بۇرۇنقى زۇڭتۇڭلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىچكى كابىنتنىڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتە ئاقسارايدىكى ئاشخانىدا تاماقلىنىدىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېقىنلىرى بىلەن تاماقلانغاچ پاراڭلىشاتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا مەسلىھەتلەشكەن ئىشلارنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلىرىگە ئايلاندۇرۇۋالاتتى. كىشىلەر بۇنى «ئاشخانا كابىنتى» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.

دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋان بورېن جېكسون تەختكە چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سادىق چاپارمىنى ئىدى، ئۇ جېكسوننىڭ ئالدىدا ھەرقانداق گەپنى قىلاتتى. بىر قېتىم داستىخان ئۈستىدە ۋان بورېن جېكسوننى ئېھتىيات بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ:

— زۇڭتۇڭ، ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭۈللىرىدە سىزگە ئۆلۈم تىلەۋاتىدۇ، سىز تالا - تۈزگە كۆپ چىقماڭ، دىققەت قىلىڭ! ...، — دېدى.

— ھىم، نېمىدىن قورققۇلۇق؟ — بۇ نەسىھەت جېكسوننىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىدى، ئۇ سوغۇق كۈلۈپ، — ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە كىم ماڭا ئالىيىپ قارىيالايدۇ؟ بىرى يوشۇرۇن زەھەرلىك قولىنى سالىدۇ دەپ مەندىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟ قىزىق گەپ، كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ماڭا زەھەرلىك قول سالىدىغان ئادەم تېخى تۇغۇلمىدى! — دېدى.

داستىخان ئۈستىدە شۇئان كۈلكە كۆتۈرۈلدى...

«توك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى!

ياغاچ بىنادىكى ھۇجرىسىدا كارىۋاتتا قىيسىيىپ يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلىپ ياتقان جېكسون بىنانىڭ سىرتىدىن تۇيۇقسىز كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز سۈكۈناتقا چۆمگەن تۈن كېچىدە ناھايىتى ئوچۇق ھەم ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئاڭلانغانىدى.

جېكسون شۇئان جىددىيلىشىپ ئۈستەل چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۆيى قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

ئۇ تېخى ئون بەش مىنۇتنىڭ ئالدىدا تەختتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ھېچكىمدىن قورقمايدىغان ئەركىن ئادەم بولدۇم دەپ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ئىچىدە ئۆز - ئۆزى بىلەن گەپلەشكەنىدى. ئەمما بىنانىڭ سىرتىدىن كەلگەن شەپىنى ئاڭلاپ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ قېرىغان تېنى ئاجىزلاپ كېسەلدىن بىرى كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئانچىكىم بىر ئاۋاز ئۇنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، ئۇ شۇ تاپتا لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

«توك، توك، توك!» بۇ ئاياغ تىۋىشى ئىدى.

«ھە، سىرتتا ئادەم بار ئىكەن!» جېكسوننىڭ ھۆكمى توغرا ئىدى. ھودۇقۇپ كەتكەن جېكسون تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى.

قوڭغۇراق ئاۋازى جىمجىت ياغاچ بىنادا ياڭراپ كەتتى. بۇ

ئاۋازدىن ئاستىنقى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتقان ئىككى قاۋۇل يىگىت ئويغىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى، جېكسوننىڭ ئاشپىزى ھەم خىزمەتكارى، يەنە بىرى، شولتېز ئىسىملىك يىگىت ئىدى. جېكسون بۇ يىگىتنى قېرىغان چېغىدا ئۆزىگە قورۇقچى قىلىپ ياللىۋالغانىدى. ئاقسارايدىن ئايرىلغان جېكسون دۆلەت سەپلەپ بەرگەن قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولغانىدى. خىمتاجغا قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ ۋەھىمىدە قالدى. بۇنداق دەككە - دۈككىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن، ئارام ئېلىپ داۋالىنىش ۋاقىتلىرىدىكى بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، نائىلاج چەكلىك تۇرمۇش راسخوتىدىن ئاز-راق پۇل ئاجرىتىپ كەسپىي قورۇقچى شولتېزنى ياللىۋالغانىدى. شولتېز جېكسوننى كېچە - كۈندۈز قوغدايتتى. مانا ئەمدى يېرىم كېچىدە بىنا سىرتىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ھوقۇق تۇتقان چاغدىكى سىياسىي رەقىبى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئېلىش مەقسىتىدە بۇ قاتىلنى خىمتاج كەنتىدىكى بۇ ياغاچ بىناغا ئەۋەتكەنمىدۇر؟

جېكسون قاراڭغۇدا ئىككى ئادەمنىڭ تالادا ۋارقىرىشىپ تۇ-رۇپ بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان چاغدىكى ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ قورۇقچى شولتېزنىڭ ياغاچ بىنادىن ئېتىلىپ چىقىپ، بىنا ئالدىدا كىمدۇر بىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان-لىقىنى پەملىدى. ھازىر ئۇ ئەينى يىللاردىكى نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يېڭى ئورلېنادا ئەنگلىيە قوشۇنلىرى-نىڭ ئۈستىگە تاشلانغان، مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى قىلىچ بىلەن بىتچىت قىلىۋەتكەن جېكسون ئەمەس ئىدى؛ ئەمەلدارلارنى خالىغىنىچە ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىدى-غان، ئاقسارايدىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان چاغلىرى ھازىر كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئۇ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ بەزگەكتەك

تىترەپ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراشقا پېتىنالماي، بېشىنى قاماللى-غان پېتى كارىۋاتتا تولغىنىپ يېتىۋالدى. ئۆزىنى قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كەتتى...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، تالادىكى ئويۇر - تو-پۇر بېسىقىپ قالدى. يۈرىكى جايىغا چۈشمىگەن جېكسون يەنىلا بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتاتتى. قورۇقچى شولتېز كىرىپ قاتىلنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلغان چاغدىلا ئۇنىڭ تىترىكى بېسىلدى، ئۇ يۆتىلىپ تۇرۇپ يوتقاندىن بېشىنى چىقاردى، تەش-ۋىش ئەكس ئەتكەن كۆزلىرى قورۇقچىنىڭ قولىدىكى تاپانچىغا تىكىلدى — بۇ بايام قاتىلنىڭ نەق مەيداندا چۈشۈرۈپ قويغان قاتىللىق قورالى ئىدى!

نېمىدېگەن خەتەرلىك! جېكسوننى سوغۇق تەر باستى، يۈرى-كى يەنىلا پوكۇلداپ تۇراتتى. ئەگەر يېنىدا قورۇقچى شولتېز بولمىسا، ھاياتىنىڭ ئاللىقاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىل-دى!

## پارلامېنت تېغىدىكى ئوق ئاۋازى

تاڭ ئاتقان چاغدا جېكسوننىڭ كېسىلى يەنە ئېغىرلاشتى. بۈگۈن كېچە ئۇنى توختىماي قارا بېسىپ چىقتى، ئۇ ھەر-قانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى.

— زۇڭتۇڭ جانابلىرى، دۈشمەننى كۆپەيتىۋالماڭ، ئۇدا ئون نەچچە قېتىم زۇڭتۇڭنىڭ بىكار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈز-گەنلىكىڭىز ئۈچۈن پارلامېنتتا ئاللىبۇرۇن سىزگە قارشى نارازى-لىق تۇغۇلدى...

جېكسون ئەڭ سادىق ھەقەمسايىسى، سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋان بورېننىڭ بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ئاقسارايدىكى چۈش-لۈك تاماق ئۈستىدە قىلغان نەسىھەتىنى ئەسلىدى.

— كىشىلەر يەنە نېمىلەرنى دېدى؟ — ئۇ شۇ چاغدا ۋان بورېننىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئاچچىقىدا ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتكەنىدى.

ۋان بورېن ئاغزىنى جېكسوننىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئەكېلىپ، پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— پارلامېنتتا ھازىر نەچچە پارلامېنت ئەزاسى ۋەزىيىتسىدىن ئىستىپا بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار سىزنى ھېچقانداق بىر زۇڭتۇڭ ئۇنىڭدەك ئاساسىي قانۇن بەرگەن بىكار قىلىش ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلەتكەن ئەمەس، بۇ ئۆز بېشىمچىلىق قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىغا چاڭگال سالدى، بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەۋاتىدۇ! يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ پارلامېنت قارارلىرىنى كەينى - كەينىدىن بىكار قىلىشى پارلامېنتنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى دەۋاتىدۇ. ناۋادا سىزنى پاش قىلىپ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدىن بالدۇرراق چۈشۈرۈۋەتمىسە، ئۇلار نازارەتچىلىك ھوقۇقى بولمىغان بۇنداق پارلامېنت ئەزالىقىدىن ۋاز كېچىدىكەن! — دېدى.

— ھىم، نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەن خالىغىنىمنى قىلىمەن، — جېكسون ئاشۇنداق دېگەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ غەزەپلىك شىكايەتلىرىگە قىلچە پەرۋا قىلماي سوغۇق كۈلۈپ قويغان، — مەن زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدا بىر كۈن بولىدىكەنمەن، دېمىسىمۇ ياقمايدىغان قارارلارغا بىكار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىمەن! ئۇلار مېنى نېمە قىلالايدىكەن؟

ۋان بورېن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— جانابلىرى، ئۇلار ھازىر سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ئەمما ۋەزىيەت ئۆتەش مۇددىتىڭىز توشقاندىن كېيىن بىرەرىنى سىزدىن كونا ئۆچ - ئاداۋىتىنى ئالماي قويمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ! — دېگەنىدى.

— ھىم، مەن مەڭگۈ تەختتىن چۈشمەيمەن، كۈنلەرنىڭ

بىرىدە تەختتىن چۈشۈپ كەتسەمۇ، ئۇلارنىڭ مەندىن ئۆچ ئېلى-
شىغا يول قويمايمەن، چۈنكى مېنىڭ ھەربىيلىكتىن كېلىپ
چىققىنىمنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مەن يېنىمدىن قورال ئايرىماي-
مەن!

جېكسون شۇ چاغدا ۋان بورېننىڭ نەسىھەتلىرىنى چاقچاق
ئورنىدا بىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ تەختتىن چۈشۈپ يۇرتىغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىنكى يەتتىنچى يىلى خىمتاج كەنتىدىكى ياغاچ بىنا
سىرتىدا قىساس ئالغىلى كەلگەن قورقۇنچلۇق قاتىلنىڭ پەيدا
بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى!

جېكسوننى تاڭ ئاتقۇچە قارا بېسىپ چىقتى، ئۇ بىراقلا
قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئادەتتە سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان
جېكسون بۇنىڭدىن خېلى يىللار، يەنى زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى
ئارتقۇزۇۋاتقان چېغىدا بىر قېتىم قاتىلنىڭ يۇزمۇيۇز قىلغان
ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى. بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ
ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ، ھوقۇق تۇتقان ۋاقتىدا
ھەددىدىن ئارتۇق زوراۋانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەش
بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئوق قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىپ ئامان
قالغانلىقى ئۈچۈن: «مەن تەلەيلىك! قاتىلنىڭ ئوقىمۇ ماڭا تەگ-
مەيدۇ!...» دەپ ماختانغانىدى.

1835 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ۋاشىنگتوندىكى
پارلامېنت تېغى. ناھايىتى كاتتا، ئېللىپس شەكىللىك ئاق
بىنادا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى يىغى-
نى بولۇۋاتاتتى. جېكسون زۇڭتۇڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن يىغىن-
غا بارغانىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش
ھەققىدىكى پرىنسىپلىرىنى ئاقسارايدىن باشقا ھېچقانداق يەردە
چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. «لوڭقا» غا ئوخشاش تۈيۈلى-
دىغان پارلامېنت بىناسىغا بېرىپ، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كو-
تۇلداشلىرىنى ئاڭلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بىر ئىش ئىدى.

شۇڭا ئۇ يىغىن تۈگىمەستىنلا ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى.

«ۋىڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئۇيپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى، پارلامېنت بىناسىدىن مەزمۇت قەدەم تاشلاپ چىقىۋاتقان جېكسون كەينىدىن چىققان زىل ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بىر تال ئوق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن «ۋىژىلداپ» ئۆ- تۈپ، ئاق قاشتېشى تۈۋرۈككە تەگدى.

رەڭگىرويىدا قان دىدارى قالمىغان جېكسون دەرھال كەينىگە ئۆرۈلدى، يوغان بىر تۈۋرۈكنىڭ كەينىدە قويۇق قوڭۇر ساقال- لىق بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى ئالتە ئاتار تاپانچا بىلەن جېكسوننى قارىغا ئالماقتا ئىدى.

— چاتاق بولدى، قاتىل بار ئىكەن! — جېكسون نېمىلا دېگەنبىلەن نەچچە ئون يىل لەشكەر تارتىپ جەڭگاھلاردا قان كېچىپ يۈرگەن ئادەم بولغاچقا، قاتىلنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمى- دى. ئۇ ئۆزىنى قارىغا ئېلىۋاتقان يىگىتنى كۆرسىتىپ، — بولۇڭلار، ئۇنى تۇتۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن سۇيىقەستتىن ھودۇقۇپ كەتكەن مۇھاپىزەتچىلەر زۇڭتۇڭ ۋارقىرىغان چاغدىلا ھوشىنى تېپىشتى. ئۇلار نەچچە تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئارىسىدىكى بىر مۇھا- پىزەتچى تۈۋرۈكنىڭ كەينىدىكى ھېلىقى قاتىلغا ئەڭ ئالدىدا ئېتى- لىپ باردى - دە، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى، دەل شۇ چاغدا قاتىل تەپكىنى بېسىۋەتتى. تاپانچىدىن «ۋىژ» قىلىپ ئوق چىقىپ كەتتى!

نېمىدېگەن خەتەرلىك! مۇھاپىزەتچى قاتىلنى مۇشت بىلەن سالمىغان بولسا، ئوق جېكسونغا تەگكەن بولاتتى!

مۇھاپىزەتچىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قاتىل بىلەن پومىداقلى- شىپ ئېلىشتى، شۇنداق قىلىپ قاتىل ناھايىتى تېزلا قولغا چۈشتى.

جېكسوننىڭ خاتىرىسىدە قالغان شۇ قېتىمقى قورقۇنچلۇق سۇيىقەست ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى! بۇ ئىش جېكسونغا ئۇ گەرچە چەكسىز ھوقۇققا ئىگە بولسىمۇ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتسە، ئۆكتىچىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. پارلامېنت تېغىدا يۈز بەرگەن سۇيىقەست خالىغىنىچە ئىش قىلىدىغان جېكسونغا بۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئەسكەرتىش بەردى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەدىنى يۆتكىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۆزىنى لاۋرېنس دەۋالغان قاتىل سوراق قىلىندى. ئۇ سوراق جەريانىدا تالاي قېتىم ساراڭ بولۇۋالدى، ئۆزىنىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ كېتىپ پارلامېنت تېغىغا تاپانچا ئويىنىغىلى بارغانلىقىنى، مەقسەتسىز ھالدا زۇڭتۇڭغا قارىتىپ ئوق چىقارغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋالدى. سوراقچىلار روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى ئارقىلىق لاۋرېنسنى تەكشۈردى، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى نورمال ئىدى. ئۇنىڭ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالماقچى بولغان غەرىزى تېزلا ئاشكارا بولدى، ئۇ بۇ قېتىمقى زۇڭتۇڭنى قەستلەش سۇيىقەستىنى پەردە كەينىدە تۇرۇپ پىلانلىغان كىشىنى پاش قىلغىلى ئۇنىمىدى. ساقچىلار لاۋرېنسنى قىيناپ سوراق قىلدى، ئەمما لاۋرېنس پاش قىلماي تۇرۇۋالدى. كېيىن جېكسون ئۇنى دارغا ئېسىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، لاۋرېنس جازا مەيدانىدا جېكسوننى تىللاپ:

— زامانىمىزدىكى بۇ شەپقەتسىز مۇستەبىتنى ھامان بىر كۈنى بىرى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايدۇ…، — دېدى.

جېكسون ياغاچ بىنادا قورقۇپ تىترەپ، نەچچە كۈنگىچە يوتقاندىن بېشىنى چىقىرالمىدى. ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاقسارايدا يۈرگەن ئەينى يىللاردىكى چوڭچىلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ يەتتە يىلدىن كېيىن

قاتىلنىڭ ئۇنى خىمتاجدەك مۇشۇنداق خىلۋەت يەردىن تېپىۋېلىشى، ئۇ ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە ئۇنىڭ زەربىسىگە ھەم زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئەمەلدارلارنىڭ كونا ئۆچمەنلىكىنى تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.
قېرىپ كېسەلچان بولۇپ كەتكەن، ساناقلىق كۈنلىرى قالغان جېكسوننىڭ كۆڭلى تەھدىت ۋە بالا ـ قازانى تۈيۈپ تۇراتتى.
ئۇ قاتىلنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئويلىمىغان چاغدا باشقا بىر قاتىلنىڭ خىمتاجدا يەنە پەيدا بولۇپ قېلىشىنى قىياس قىلالمايتتى. ئۇ كۈنلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئېھتىيات، ھودۇقۇش ۋە پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كېسىلى يەنە ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ يۈرەكئالدى بولۇپ قالغانىدى، ھەر بىر كۈنى دەككە ـ دۈككە ئىلكىدە ئۆتەتتى!
«مەن كېتىمەن··· بۇ يەردىن ئىمكان بار تېز كېتىشىم كېرەك! ···»
1845 ـ يىل 1 ـ ئاي، خىمتاج كەنتىگە قەھرىتان قىش يەنە يېتىپ كەلدى، كۈنلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئەنسىزچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان جېكسون ئاخىر ئورنىدىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە تۇرۇپ يېنىدىكى خىزمەتكارى ھەم قورۇقچىسى شولتېزغا مۇھىم بىر قارارنى ئېيتتى، ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ:
— مەن داۋاملىق ياشايمەن دەيدىكەنمەن، ئەڭ ياخشى ئامال — مۇشۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىش، خىمتاجنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. قاتىل يەنە كېلىشى مۇمكىن! ···، — دېدى.
شولتېز بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان جېكسونغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى:
— كۆچۈپ كېتىش كېرەك؟ ھەممە يەرنى قار كۆمۈپ تاشلىغان چاغدا سىز خىمتاجدىن كېتىپ نەگىمۇ بارالايسىز؟···
— مەن ··· جەزمەن ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر جايدا تۇرۇشۇم كېرەك! سىلەر مەندىن بۇنى سورىماي مەن بىلەن ماڭساڭلارلا بولىدۇ!

جېكسون گەرچە قاتمۇقات قىيىنچىلىقتا ئورۇۋقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇرۇنقى كاج، باشباشتاق مىجەزىنى قىلچە ئۆزگەرتمىگەنىدى. ئۇنى قىلمەن دېگەن ئىشىدىن ھېچكىم قايتۇرالمايتتى!

قىشنىڭ قار ئارىلاش شىۋىرغان چىقىۋاتقان بىر كۈنى جېكسون ئەينەكلىك ئۈچ پەيتونىنى ياللاپ يۇرتىدىكى ئاشۇ ياغاچ بىنادىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي چىقىپ كەتتى، ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خىمتاج كەنتىدىن مەڭگۈ غايىب بولدى.

## ئۆزى تاپقان پاراكەندىچىلىك دەردىدە ۋاپات بولدى

كېسەلچان جېكسون قار ئارىلاش چىقىۋاتقان شىۋىرغاندا غەربكە قاراپ پەيتونلۇق يولغا چىقتى. ئالاھازەل ئىككى كۈندۈز، ئىككى كېچە يول مېڭىپ تېننېسسى شتاتىغا جايلاشقان ناشۋىل بازىرىغا كەلدى.

ئۇ بازار سىرتىدىن قورۇ - جاي سېتىۋالدى. قورۇ ئەتراپى تاشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز تام بىلەن قورشالغانىدى، بۇ ھېچكىم پاراكەندە قىلالمايدىغان جىمجىت جاي ئىدى.

جېكسون ناشۋىلغا كەلگەندىن كېيىن روھى بارا - بارا كۆتۈرۈلۈپ قالدى، قاتتىق جۇدۇندا پەيتونلۇق ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەچكە، ئۆپكە گازلىق ئىششىقى كېسىلى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. جېكسون خىمتاجدىكى كۆركەم ھەم ئازادە بىناسىدىن كېچىپ، جۇدۇن - چاپقۇنغا قارىماي تېننېسسى شتاتىغا كۆچۈپ كەلدى. چۈنكى ناشۋىل ئۇنىڭ ئىككىنچى يۇرتى ئىدى.

1788 - يىلى يىگىرمە ياشقا كىرگەن جېكسون يۇرتىدا ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ ئادۋوكاتلىق قىلسا ئاقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى يەرلىكلەر ئۇنىڭ تېگى -

تەكتىدىن خەۋەردار ئىدى. بىر ياللانما دېھقاننىڭ ئوغلى خەقنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا قانداق ئارىلىشالىسۇن؟ جېكسون كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ جاھان كېزىپ يول تاپمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىن تېننېسسى شتاتىغا كېلىپ ناشۋىل بازىرىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى، شۇنىڭ بىلەن جېكسون ۋىۋىسكا ئېسىپ ئىش باشلىدى. ئۇ خۇسۇسىي ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى بولدى، شۇ يىلى ئۇنىڭ بېشىغا ناشۋىلدا بەخت قۇشى قوندى. چۈنكى ئۇ ئادۋوكاتلىق ھاياتىدا كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم تەسىرى چوڭراق دەۋاغا ئارىلاشتى. جېكسون 1788 - يىل ئاخىرىدا تېننېسسى شتاتى رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بولدى! جېكسون قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، نامرات پۇقرالار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلىغانلىقتىن ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئۇ 1796 - يىلى تېننېسسى شتاتى قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ ۋەكىلى بولدى، شتات فېدېراتسىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شتات خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ گېنېرال مايورى بولدى، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ناشۋىلدىكى ھەربىيلەر ساھەسىگە قەدەم قويدى ۋە توسالغۇسىز ھالدا سىياسىي سەھنىگە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ھوقۇقىدىن ئايرىلغان جېكسوننىڭ ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ خىمتاجدا پات - پات يۈز بېرىپ تۇرغان پاراكەندىچىلىك دەستىدىن دەسلەپتە ئامىتى كەلگەن ناشۋىلغا قايتىپ كېلىشى، شەكسىز ئەڭ ياخشى تاللاش ئىدى.

ناشۋىلنىڭ باھار پەسلى تولىمۇ گۈزەل ئىدى. جېكسوننىڭ تۇرالغۇسىدا گۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ بەزىدە ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ نەچچە ئون كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قورۇسىدا ئايلىناتتى. ئۇنىڭ ئېگىز تام بىلەن قورشالغان قورۇدىن چىقىپ، كوچىلارنى ۋە ئېتىز - داللارنى

ئارىلاپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلغۇسى كېلەتتى. بىراق، يۈرىكى پوك - پوك جېكسون ھەر ۋاقىت خىمەتاجدىكى ياغاچ بىنا سىرتىدا پەيدا بولغان ئەرۋاھدەك ھېلىقى ئادەمنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش خىيالىدا بولىدىكەن، ئۇنداقتا تالا - تۈزگە چىقماي، ھەتتا ھازىردىن تارتىپ نام - نىشانسىز ياشاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكى ئايان ئىدى. ئۆچ - ئاداۋەت ساقلاپ قەستلەش، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كويىدا يۈرگەن كىشىنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىكىدىنمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق ساقلانغىلى بولاتتى.

باھار كېتىپ، ياز پەسلى يېتىپ كەلدى. جېكسون ئۆيگە مەھبۇستەك قامىلىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئاۋۋال جېكسون رەقىبىم مېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ياپىېشىل دالا ۋە شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلارنى تاماشا قىلغۇسى كېلىپ، قورۇقچىسى شولتېزنى پەيتۇن ياللاشقا بۇيرۇدى.

بۇ قېتىمقى سەيلە - ساياھەتتىن كېيىن جېكسوننىڭ روھى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم يەنە سەيلە - ساياھەتكە چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ سىرتقا چىققان كۈننىڭ ئەتىسى كېچىدە تۇرالغۇنىڭ سىرتىدا بىنورمال ئەھۋال يۈز بەردى. قورۇقچى شولتېز جېكسونغا دوكلات قىلىپ:

— گۇمانلىق بىر ياقا يۇرتلۇق ئادەم تۈن كېچىدە تامغا چىقىپ قورۇغا بويۇنداپ قارىدى، ئۇ قورۇغا ئۆزۈندىن بۇيان دىققەت قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، بىلىشىمچە، ئۇ تامغا قورۇنىڭ سىرتىدىكى دەرەخ ئارقىلىق چىققان، دەرەخنىڭ غوللىرى ئادەم چىقىپ - چۈشۈۋەرگەچكە ئەينەكتەك سىلىق بولۇپ كېتىپتۇ...، — دېدى.

— ھە، ! يەنە بىرى كېلىپتۇ - دە؟ ! — جېكسون قورقىد-

نىدىن تىترەپ كەتتى. قورۇقچىسى مەلۇم قىلغان ئىش ئۇنىڭغا بېشى ئۈستىدە چاقماق چېقىلغاندەك تۇيۇلدى! ناشۇلغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى بىخەتەرلىك ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى نەلەرگىدۇر تارقىلىپ كەتتى، تۇيۇقسىز بىلىنگەن بۇ شۇم خەۋەردىن بېشى تەۋرەپ يۈرىكىنى يەنە ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. قاتىل گويا تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ تىكىلىپ تۇرغاندەك سېزىم ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. جېكسون ھاسىرايتتى، تومۇرىنىڭ سوقۇشى ئىتتىكلەپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، پېشانىسىنى سوغۇق تەر باساتتى، ئۇ كارىۋاتقا «پوككىدە» چۈشتى - دە، ئەس-ھوشىنى يوقاتتى.

جېكسون دوختۇرنىڭ داۋالىشى بىلەن كۆزىنى ئاچتى.

جېكسوننىڭ كېسىلى بىردىنلا ئېغىرلاپ كەتتى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان جىددىي ھالەتكە ئۆتتى. بىھوش ھالەتتە ياتقان جېكسون ئېسىگە كەلگەن ھامان: «قاتىل كەلدى... قاتىل بار!...» دەپ ئەسەبىيلەرچە ئەنسىز ۋارقىراپ كېتەتتى.

قورۇقچى شولتېز كېچە - كۈندۈز جېكسوننىڭ يېنىدىن كەتمەيتتى. سادادىن ئۈركۈگەن قۇشنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغان جېكسون ھەر قېتىم ھوشىغا كەلگەن چاغدا شولتېزنى كۆرۈپ ئۆزىنى بىخەتەر ھېسابلايتتى. قورۇقچى قورۇدا ھەمىشە قوراللىق ئايلىناتتى، پات - پاتلا قورۇنىڭ سىرتىدىكى ھېلىقى يۈز يىللىق دەرەخكە ھوشيارلىق بىلەن قاراپ قوياتتى. ئەمما ھېلىقى كېچىدىن كېيىن قورۇقچى شولتېز ھېلىقى باراقسان دەرەخ ئارقىلىق تامغا چىقىپ قورۇغا بويۇنداپ قارىغان بىرەرىنى زادىلا كۆرمىدى.

«قاتىلنى مېنىڭ كەينىمگە كىم سېلىپ قويغاندۇر؟ ھېلىقى دۆيۈز ۋان بورېنمۇ يە؟!...»

شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى گۇمانلىق سايە تامدا قايتا كۆرۈنمىگەن بولسىمۇ، جېكسون ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

«ۋان بورېن··· بۇ پەسكەش!» جېكسون ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈپ
كېتىپ ئاغزىنى بۇزۇپ سالاتتى. ۋان بورېننىڭ تېگى - تەكتىنى
ئۇ بىلەتتى. 1824 - يىلى ۋە 1828 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان
ئىككى قېتىملىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭى سايلىمىدا ۋان بورېن ئۇنىڭ
ئەڭ سادىق قوللىغۇچىسى ئىدى. ۋان بورېن 1828 - يىلى
جېكسوننىڭ تەختكە چىقىپ زۇڭتۇڭ بولۇشى ئۈچۈن پايپېتەك
بولغانىدى، شۇڭا جېكسون 1829 - يىلى ئاقسارايغا كىرىپ كۆپ
ئۆتمەي پۇرسەتپەرەس «قىزىل سىياسەتۋاز تۈلكە» دەپ نام ئالغان
ۋان بورېننى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ چاغدا
ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى، بىر - بىرىدىن
ھەرگىز سىر يوشۇرمايتتى. كۆز تەگكەندەك، ئىككىسىنىڭ ياخ-
شى كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى، 1831 - يىلى ئامېرىكا سىياسىي
سەھنىسىدە «ئېتون خانىم ۋەقەسى» يۈز بېرىپ جېكسون جاما-
ئەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلدى. ئۇ مۇشكۈل ئەھۋال-
دا قالغاندا ۋان بورېن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن
ئىستېپا سوراپ ھەيران قالارلىق قۇربان بەردى.

جېكسون دوستى ۋان بورېننىڭ قىممەتلىك دوست ئىكەنلى-
كىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇ پارلامېنتنىڭ قارشى تۇرۇش خەۋ-
پىنى بىلىپ تۇرۇپ ۋان بورېننى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇ-
رۇشلۇق ئەلچىلىكىگە كۆرسەتتى. ۋان بورېننى پارلامېنت ماقۇل-
لىمىدى، جېكسون ئۇنى ئەنگلىيىگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە رىغ-
بەتلەندۈردى. جېكسون زوراۋانلىق سىياسىتى بىلەن قارشىلى-
شىدىغان پارلامېنت ئەزالىرى ۋان بورېننىڭ ئامېرىكىنىڭ
ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىنلىنىش مەسىلىسى مۇزاكى-
رىگە قويۇلغاندا، كەينى - كەينىدىن قارشى ئاۋاز بەردى. زۇڭ-
تۇڭ جېكسوننىڭ كۆرسەتكەن نامزاتى بىرىنچى قېتىم ماقۇللان-
مىدى!

ۋان بورېن ئەنگلىيىدە تۇرالماي ئاقسارايدىكى ئىللىپس شەكىللىك ئىشخانىغا كېلىپ زوڭتوڭ جېكسونغا دەردىنى تۆكتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ۋان بورېن! — جېكسون غەزەپلەندى. ئۇنىڭ دەرھال ئوت قويۇپ پارلامېنت تېغىنى كۆل قىلىۋەتكۇسى كەلدى. ئۇ ئۇستەلنى غەزەپ بىلەن مۇشتلاپ ۋان بورېننىڭ ئالدىدا، — قەسەم قىلىمەنكى، پارلامېنت ئەزالىرىنى يەڭمەي قويمايمەن! ...، — دەپ قەسەم قىلدى.

جېكسون بىر يىلدىن كېيىن دېگەن گېپىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ بۇ قېتىم بىكار ياتقان ۋان بورېننى ئۆيىدىن تەكلىپ قىلىپ ئاچىقىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تاج — مۇئاۋىن زوڭتوڭلۇق تاجىنى كىيدۈردى!

«ئاناڭنى، ۋان بورېن ۋاپاسىز پەسكەش نېمىكەن!» جېكسون ھوشىغا كەلگەن ھامان بىر - بىرىنى ئۆزئارا يۆلەشكەن كونا دوستى ۋان بورېنغا ئۆچلۈكى كېلىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى ۋان بورېنغا تاغدەك ياخشىلىق قىلغان دەپ ھېسابلايتتى. 1836 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاقسارايدىن ئايرىلىشنىڭ ئالدىدا جېكسون ۋان بورېننى ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى تايىنىدىغان ۋارىسى ھەم ئىزباسارى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ پەردە كەينىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىپ ۋان بورېننى زوڭتوڭلۇق تەختىگە يۆلەپ چىقارماقچى بولدى. شۇنداق بولسا، جېكسون مۇرادى ھاسىل بولۇپ ئاقسارايدىن چىقىپ يۇرتى خىمتاجغا قايتىپ كەتكەن بولاتتى. تەختتىن چۈشكەن جېكسوننىڭ ئارزۇسى شۇ ئىدىكى، ئۇ ئاقسارايدىن يىراق خىمتاجدا تۇرسىمۇ، بۇرۇنقى ھەيۋىسىگە يۆلىنىپ دېموكراتلار پارتىيىسىنى باشقۇرغاندەك ھەقەمسايىسى ۋان بورېن ئارقىلىق ئاقسارايىنى يىراقتىن كونترول قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چوڭ ئىشلىرىغا ئىلگىرىدىكىگە ئوخشاش قوماندانلىق قىلىش ئىدى.

جېكسون يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىز-
لەندى! ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان ۋان
بورېننىڭ زۇڭتۇڭ بولۇۋېلىپلا سىياسىي ئىشلاردا بۇرۇنقىدەك
ئۆزىدىن مەسلىھەت سورىمايدىغان، ھەتتا خېتىگە جاۋاب خەت
يازمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ ھەيران بولدى!
«بۇ ئەبلەخ ئۆزگىرىپتۇ! خەير، ئۇ مەن ئېتىۋارەن مەڭگۇ
زۇڭتۇڭ بولىمەن دەپ ئويلىسا كېرەك. ھىم، قېنى كۆرىمىز-
غۇ!» جېكسون ۋان بورېننىڭ بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەمەس،
بەلكى قولىدىكى ھوقۇقنى دەپ ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق خۇشامەت
قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى! سىياسىي
سەھنىگە چىققان ۋان بورېن ئەسلىدە جېكسون قارار قىلغان
پرىنسىپلىق چوڭ ئىشلاردا ئۆزىنىڭ قارشى پىكرىنى يوشۇرۇپ
كەلگەندى. بولۇپمۇ جېكسون ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا تېكساسنى
ئامېرىكىنىڭ بىر شتاتى قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغاند-
دى. ۋان بورېن تەختكە چىقىپلا پارلامېنت يىغىنىدا بۇ تەشەب-
بۇسقا ئوچۇق - ئاشكارا قارشى مۇقام تۇۋلىدى. جېكسوننىڭ
ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان بۇ خەۋەرلەر كەينى - كەينىدىن خىمتاجقا
يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ بۇ ساختىپەزدىن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىد-
گە پۈكتى!
ۋان بورېن تەختكە چىقىپ ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسا-
دىي كرىزىسنى ھەل قىلالماي، 1840 - يىلى ئۇدا زۇڭتۇڭ
بولۇش سايلىمىدا پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى. خىمتاج كەنتىدە
تۇرۇۋاتقان جېكسون بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا تېرىسىگە
سىغماي قالدى. ئۇ ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ۋان بورېننىڭ كېلەر
نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىدا غەلىبە قازىنىپ زۇڭتۇڭلۇق تەختىد-
دە قايتىدىن ئولتۇرۇش تەمەسىدە يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.
«ئۇخلاپ چۈشى ئۇنىڭ! ۋان بورېن نېمىسىگە يەنە تەختكە
چىقىدىكەن؟» كۆڭلىدە ۋان بورېنغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋات-

قان جېكسون 1844 ـ يىلىدىكى زوڭتوڭ سايلىمى يېتىپ كې-
لىش ئالدىدا ۋان بورېننىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش
ئۈچۈن يېتەرلىك راسخوت تەييارلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ
ئۆزىنىڭ دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى تەسىرىنى ئىشقا سې-
لىپ رەقىبىگە ئەجەللىك زەربە بەرمەكچى بولدى. جېكسوننىڭ
پەردە كەينىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە دېموكرات-
لار پارتىيىسى كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، جېكسون كۆرسەتكەن
نامزات — تېنېسسى شتاتىنىڭ باشلىقى پولك زوڭتوڭ نامزاتلى-
قىغا كۆرسىتىلدى. ۋان بورېن ھەتتا دېموكراتلار پارتىيىسى
نامزاتى سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ ھوقۇق
تۇتۇش پۇرسىتىدىن يەنە بىر قېتىم مەھرۇم قىلىندى. شۇڭا
جېكسون كۆڭلىدە گۇمانلىق مۇھىم نۇقتىنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ
زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ۋان بورېنغا قويدى. خىمتاج بىلەن
ناشۇىلدىكى تۇرالغۇسى سىرتىدا پەيدا بولغان سىرلىق قاتىلنى
جېكسوننىڭ «ۋان بورېن مېنى جايلىۋېتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن
بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمانلىنىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى.
لېكىن، تام بېشىدىكى سىرلىق كۆلەڭگە قايتا كۆرۈنمىدى.
ئۆيگە مەھكەم بېكىنىۋالغان جېكسون ئالاقزادە بولۇپ كەت-
كەچكە، كېسىلى بىردىنلا يامانلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆپكە گازلىق
ئىششىقى ياللۇغلىنىپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ زادىلا چۈشمىدى.
بىردەم ـ بىردەم تۇتۇپ كەتكەن قاتتىق يۆتەل ئۇنىڭ قېشىدا
تۇرغان شولتېزنىمۇ بىئارام قىلىۋېتەتتى. دوختۇر جېكسوننىڭ
قىزىتمىسىنى دورا بىلەن كونترول قىلدى، كېيىن بۇمۇ كار
قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى جىددىيلىككە
تولغان بۇ تۇرالغۇغا يېقىن يولىمىدى.
بىھوش ياتقان جېكسون بارا ـ بارا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى.
ئۇ پات ـ پاتلا قارا بېسىپ جۆيلۈپ كېتەتتى. ئۇ چۈشىدە ئاقسا-
رايدا ھوقۇق تۇتقان چاغلاردا تازىلاشقا ئۇچراپ مەنسىپىدىن قال-

دۇرۇلغان ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان؛ ئۇنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان رەقىبلىرى ياقىسىغا ئېسىلغان؛ ئاشۇ رەقىبلەرنىڭ بەزىلىرى جېكسوننى قورقۇتۇپ، قاپقارا تاپانچىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ بەتلەپ زىل ئاۋازدا ۋەھىمىلىك توۋلاپ ئۇنى قورقۇتۇۋەتكەن بولسا كېرەك.

1845 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كۈن قارايغان چاغدا، ئاندرو جېكسون ئاخىر غۇۋا چىراغ يورۇقىدا جان تەسلىم قىلدى!

جېكسون جان تەسلىم قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن قورۇقچى شولتېز قورۇنىڭ سىرتىدىكى يوغان دەرەختە بىرىنىڭ بېشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بەش — ئون ئالتە ياشلىق بىر بالا چاققانلىق بىلەن دەرەختىن سەكرەپ تام بېشىغا ئۆتتى. بۇ بالا تامدىن قورۇغا بويۇنداپ قارايدىغان ئىشنى ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا كۆرىدىغاندەك قىلاتتى. قورۇقچى شۇندىلا ھېلىقى كۈنى تام بېشىدىن قورۇغا بويۇنداپ قارىغان قانداقتۇر بىرى ئەۋەتكەن قاتىل ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىشىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان جېكسوننىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە قوش كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، قورقۇپ كېتىپ جان تەسلىم قىلغانىدى!

## سەككىزىنچى باب

# سايلام رىقابىتىدە ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ كۆزى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان

## —— سەككىزىنچى زۇڭتۇڭ مارتىن ۋان بورېن



مارتىن ۋان بورېن 1782 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نيۇيورك شتاتى ئەتراپىدىكى كىچىك كەنت — كىندېرخوك بازىرىدا تۇغۇلغان. ئەسلىي يۇرتى گوللاندىيە بولۇپ، دادىسى ئابراھام ئادەتتىكى قورۇق خوجايىنى ئىدى؛

1796 - يىل كەچ كۈزدە يەرلىك ئادۋوكاتلار ئۆگىنىش كۇرسىدا ئادۋوكاتلىقنى ئۆگەنگەن؛

1802 - يىلى پراكتىكانت ئادۋوكات بولغان، كىندېرخوك بازىرىدا بىرىنچى قېتىم دەۋادا ئۇتۇپ چىققان؛

1813 - يىلى نيۇيورك شتاتى پارلامېنتىنىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1815 - يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ ئەدلىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1821 - يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1829 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن؛
1830 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن؛
1831 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىكىگە تەيىن-لەنگەن؛
1833 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەن؛
1835 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بالتىمور يىغىنىدا زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن؛
1837 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاقسارايغا كىرىپ، ئامېرىكىنىڭ سەككىزىنچى زۇڭتۇڭى بولغان.

## تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ياۋروپا ساياھىتىنى باشلىدى

ئالپىس تېغىنىڭ سان گوتھا چوققىسىنىڭ ئېتەكلىرىدىن باشلانغان رېين دەرياسى شوخ دولقۇن ياساپ ئاقاتتى.
مارتىن ۋان بورېن كىچىك تېپتىكى پاساژىرلار پاراخوتىدا شامالغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. 1841 ـ يىل باھاردا تەختتىن چۈش-كەن ئامېرىكىنىڭ بۇ سابىق زۇڭتۇڭى ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم مۇشۇ پاراخوتقا چۈشۈپ غەربىي ياۋروپانىڭ قاتناش تومۇرى بول-غان گۈزەل رېين دەرياسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تاماشا قىلىۋاتات-تى. ۋان بورېن گەرچە يەتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن، سارغۇچ كەلگەن بۇدۇر چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، ئاقسارايدا ھو-قۇق تۇتقان چاغلىرىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدىغان گوللاندىيە-لىك بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ يۇرتى كىندېر-خوك بازىرىدىكى قورۇقىدا كۈنلىرىنى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆت-كۈزۈپ بىراقلا مۈكچىيىپ قالغانىدى. ۋان بورېن پاساژىرلار پاراخوتى پالوبىسىدا ھاسىسىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ رېين دەريا-سىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى چىرايلىق مەنزىرىلەرگە نەزەر سالاتتى.

«ھەي، سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇشۇنداق ئەھمى-
يەتسىز ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىمەن! ھىم، سىياسىي
راستىنلا شەپقەتسىز ئويۇن ئىكەن. مۇشۇ ھەقىقەتنى نەچچە ئون
يىل بۇرۇن چۈشەنگەن بولسام، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كەينىدىن
شاپاشلاپ يۈرمىگەن بولاتتىم ئەمەسمۇ؟» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە
يېنىك شىۋىرلاپ.

چوڭ سايلامدا ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلمەي، كىملەرگىدۇر ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ بوۋاي شۇ تاپتا يەنە بىر قېتىم تەختكە چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان سىياسىي رەقىبلىرىنى قارغاۋاتاتتى. ۋان بورېن كىچىكىدىن سىياسىي پەل- لىگە يامىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ ئاقسارايغا كىرگەن ھوقۇق- دارلارنى ئۈلگە قىلىپ ياش چاغلىرىدا ئادۋوكاتلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ئىشنى تاللىغانىدى. ۋان بورېن شۇڭا ئادۋوكات بولدى، چۈنكى ئۇ بىرنەچچە مەشھۇر ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ ئاقسارايغا كىرىشتىن ئاۋۋال ئاساسەن ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇمۇ مۇشۇ كەسپىنىڭ خاسىيىتى بىلەن 1837 - يىل 3 - ئايدا ۋاشىنگتون پېنسىلۋانى- يە كوچىسىدىكى XVIII ئەسىردە سېلىنغان ھەيۋەتلىك قۇرۇ- لۇش — ئاقسارايغا كىردى!

ۋان بورېن ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن يەتتە نەپەر زۇڭتۇڭدەك ئاقسارايدا ھېچبولمىغاندا سەككىز يىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغانى- دى. لېكىن تەلىيى كاج كېلىپ قالدى، ئۇ زۇڭتۇڭلۇق تەختىگە چىقىپ ئامېرىكا تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن ئىككى چوڭ ئاۋارىگەر- چىلىككە دۇچ كەلدى! بۇنىڭ بىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتە قور- قۇنچلۇق كىرىزىس كۆرۈلدى؛ يەنە بىرى، ئامېرىكا بىلەن كانادا- نىڭ چېگرا رايونلىرىدا توختىماي ھەربىي توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇردى. كېيىنكى مەسىلىنى ۋان بورېن ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى باشلاپ چېگرىدا ئۇرۇش قىلىپ ھەل قىلالايتتى. چېگرىدا كۆپ

قېتىم يۈز بەرگەن توقۇنۇش ئەنگلىيىگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ۋان بورېن ئاخىر ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ھەر ئىككىلا تەرەپ ھەربىي قارشىلىشىشنى بىكار قىلىش توغرىسىدا «ۋېبستېر ـ ئاسبۇرتون كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ ئۇرۇش خەۋپىنى تۈگىتىپ، ئەلنى ئەمىن قىلدى. بىراق ئامېرىكا ئىقتىسادىي جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا چېكىنىپ كەتتى. ئادۋوكاتلىقتىن كېلىپ چىققان ۋان بورېن ئامالسىز قالدى. ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چېغىدا خارابلىشىپ كېتىۋاتقان ئامېرىكا ئىقتىسادىنى ياخشىلىمىسا، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى، ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش سايلام رىقابىتىدە كۆپ ئاۋازدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ۋان بورېن ئاقسارايدا تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىشقا پايدىلىق ئىككى تۈرلۈك مۇھىم سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى، يەنى خىزمەت ۋاقتىنى قىسقارتىش ۋە مۇستەقىل دۆلەت خەزىنىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش.

ۋان بورېن ئەسلىدە مۇشۇ تۈزۈم ئارقىلىق خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلماقچى بولغانىدى، ئەمما ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۈمىدسىزلەندى. 1840 ـ يىلى قىش يېتىپ كەلدى، قەھرىتان بۇ قىش ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتىۋاتقان ئامېرىكا خەلقىنىڭ غەزەپلىك نىداسى بىلەن بىرگە كەلدى. زۇڭتۇڭ سايلىمى مۇشۇ لەنىتى قىش پەسلىگە توغرا كېلىپ قالدى. ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش تەمەسىدە ۋان بورېن ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتات مەركەزلىرىگە بېرىپ، سايلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسقا تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتىدارى بارلىقىنى ھەدەپ چۈشەندۈردى، ئەپسۇسكى، ئاچارچىلىقتا قىينىلىۋاتقان ئامېرىكا خەلقى ۋان بورېننىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشەنمىدى، ئۇنىڭغا بىلەت تاشلىمىدى!

1841 ـ يىل باھار قۇياشىنىڭ نۇرلىرى ئاقسارايدىكى ئېلى-

لىپىس شەكىللىك ئىشخانىغا چۈشكەن چاغدا، ۋان بورېن پۈتكۈل مەملىكەتكە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان ھوقۇقتىن ئايرىلدى. ئۇ 1841 - يىلى پالادىئو ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئاق ئىمارەتتىن مەرھۇم خوتۇنىدىن قالغان تۆت بالىسىنى ئېلىپ نيۇيورك شتاتى ئەتراپىدىكى يۇرتى — كىندېرخوك بازىرىغا قايتىپ كېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

«سىياسىي بىلەن شۇغۇللانمىسام بوپتىكەن! راست، ناۋادا مەن شۇ چاغدا كۆڭۈل قويۇپ ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسام، ھازىرقى مۇشۇ ئازابلارنى تارتقان بولارمىدىم؟» ۋان بورېن پاراخوتنىڭ بېشىدا تۇرۇپ خۇرسىندى. رېين دەرياسى شۇ قەدەر گۈزەل ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغاچقا، دەريا بويىدىكى ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرىلەر ئۇنىڭ زوقىنى تارتالمىدى.

ۋان بورېن ۋەزىپىسىدىن بوشانغاندىن كېيىن ئۆزى تۇرىدىغان ماكانىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ ئاقساراي بەرگەن خىراجەتتىن پايدىلىنىپ، خېلى بۇرۇنلا كىندېرخوك بازىرىغا يېقىن بولغان خېدسېن دەرياسى بويىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋالغانىدى. بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى دەريا، يەنە بىر تەرىپى تاغ ئىدى، ئۇ قايتىپ شۇ يەرنى قورۇق قىلدى. ۋان بورېن ئاقسارايدىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، ئاقسارايدا زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە مائاشىدىن ئىقتىساد قىلغان پۇلىغا ئاقسارايغا تەقلىد قىلىپ، ياغاچتىن ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ سالدۇردى. بۇ كىچىك بىنامۇ ئاق بولغاچقا، يەرلىك كىشىلەر ۋان بورېننىڭ بۇ ئاق داچىسىنى «كىچىك ئاقساراي» دەپ ئاتىشاتتى.

«كىچىك ئاقساراي»نى ۋاشىنگتوندىكى سەلتەنەتلىك ئاقسارايغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، بىراق بىنانىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاقسارايغا تەقلىد قىلىنغان «قىزىل زال»، «كۆك زال»، «يې-

شىل زال» ، «زىياپەت زالى» ، «ئېللىپىس شەكىللىك ئىشخانا» بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ۋان بورېن خېدسېن دەرياسى بويىغا جاي-لاشقان قورۇقىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان «كىچىك ئاقساراي» نىڭ نېمىلا دېگەنبىلەن ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايدەك ھەيۋەتلىك ئەمەس-لىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ 1853 ـ يىل ئەتىيازدا يۇرتىدىكى «ئاقساراي» دا قەتئىي ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. ھەر كۈنى كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ئېقىۋاتقان خېدسېن دەرياسىغا قاراپ ئىچ پۇشۇ-قىنى چىقىراتتى. ئۇ ئاخىر دۆلەت ئاتلاپ چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىشقا بەل باغلىدى.

ئۇ 1853 ـ يىلىدىن 1855 ـ يىل كەچ كۈزگىچە ئامېرىكى-دىن يولغا چىقىپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېلگىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىگە باردى. ياۋروپانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ساياھەت قىلىش داۋامىدا ۋان بورېن يۇرتى — گوللاندىيىگىمۇ باردى. ئۇ ئەلچى بولۇپ تۇرغان ئەنگلىيە پايتەخ-تى — لوندونغا بېرىپ، گۈزەل ئەسلىمىلىرى قالغان جايلارنى زىيارەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋېكتو-رىيىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا نائىل بولدى. ۋان بورېن گەرچە ئامې-رىكىدا ھېچكىم قىزىقمايدىغان تەختتىن چۈشكەن ئەرباب بولسى-مۇ، ئەمما ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە شۇ دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ۋان بورېن بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇ مۇشۇ چاغدىلا سىيا-سەتچى بولۇشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدى.

## كېسەل سەۋەبىدىن شۆپتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە يېقىلدى

1855 ـ يىل كۈز كېتىپ، قىش كىرگەن چاغ، ۋان بورېن شۆپتسارىيىگە كەلدى.

ۋان بورېن بىر تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى سۇ بىلەن ئورالغان جەنۋەدە لەيمونت كۆلى بويىدىكى پوتېرىما مېھمانسارىيىغا چۈشتى. ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ يەردە قىسقا مۇددەت ئارام ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پۇتكۇل ياۋروپانى ئايلىنىپ چىقىش پىلانىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. ئەمما بەختكە قارشى، ۋان بورېن ئۇشتۇمتۇت كېسەل تۇپەيلى مېھمانسارايدا يېتىپ قالدى. مېھمانسارايىنىڭ مۇلازىمەتچىسى دوختۇر چاقىرىپ كېسىلىنى تەكشۈرتتى. جاھىل قىزىتما زادىلا يانمىدى! ۋان بورېن قىزىتما سەۋەبى بىلەن ھوشىنى يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزى چۈشكەن ياتاقتا ئەس - ھوشىدىن ئايرىلىپ يېتىپ قالدى.

«ئەبلەخ! مەن ئاساسەن غەرەز ئۇقمايدىغان ئەبلەخلەرگە يولۇقۇپتىمەن، ئۇلار نېمىشقا مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنمەيدىغاندۇر؟» كېسەللىك سەۋەبىدىن ھوشىنى يوقاتقان ۋان بورېن تۇرۇپ - تۇرۇپلا جۆيلۈپ پىچىرلاپ شۇنداق دەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئىنتىلگەن ھەم بىزار بولغان سورۇن — بالتىمور تىياتىرخانىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. تىياتىرخانىدا ئادەم مىغ - مىغ ئىدى، بەزىلەر بىردەم - بىردەم ئورۇنلىرىدىن «لىككىدە» تۇرۇشۇپ، ئاچچىقىدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان ۋان بورېننى دەرغەزەپ بىلەن ئەيىبلەيتتى. سۆزلىگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىلچە يۈز - خاتىر قىلماستىن ۋان بورېننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلىدىكى تۈرلۈك خاتالىقلىرىنى قايناپ تۇرۇپ سۆكەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ بىرەر كەمچىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن كارى بولمايتتى. كىشلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭ ئاقسارايدىكى چېغىدا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان سەۋەنلىكلىرىنى ئەيىبلىشەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە شۇ زامات غەزەپ ئوتى يالقۇنجىدى.

ۋان بۇرېننىڭ خاتىرىسى بارا-بارا روشەنلىشىشكە باشلىدى: 1844-يىل 5-ئاي، ئۇنىڭ ئاقسارايدىن نيۇيورك شتاتىدىكى كىندېرخوك بازىرىغا قايتىپ كەلگىنىگە تۆت يىل بولغان چاغ ئىدى. ئامېرىكىدا يەنە بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمى باشلاندى، ۋان بۇرېن گەرچە يۇرتىدا كىمخابتەك ياپيېشىل چىم ياتقۇزۇلغان، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن تولغان داچىسىدا تۇرۇۋاتقان، بىكارچىلىقتا ھەر كۈنى خېدسېن دەرياسىنى قولۋاق بىلەن تاماشا قىلىۋاتقان، خىلۋەت بىناسىدا ھېچنېمىدىن خىجالەت تارتماي ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدە بىر مەزگىل ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىپ كەلگەن بۇ ئەرباب زېرىكىشلىك تۇرمۇشقا كۆنەلمىدى. ئۇ ئاقسارايدىكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا، يەنە بىر نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولۇشقا ئۇرۇنۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ زەربە يېدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاقسارايدىكى بىر ئېغىز گەپ بىلەن ھەممىنى ئاياغقا تۇرغۇزۇپ ئۆتكەن ھاياتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەنىدى. شۇڭا ۋان بۇرېن 1844-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىغا داۋاملىق قاتنىشىشنى قەتئىي قارار قىلدى. ناۋادا تەختكە چىقىپ ئۇدا ھوقۇق تۇتۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقسارايغا قايتىپ زۇڭتۇڭ بولۇش تەمەسىدە سۇرگەن شېرىن خىياللىرى رېئاللىققا ئايلانغان بولاتتى!

ۋان بۇرېن بالتىمور تىياتىرخانىسىدا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى. بۇ يەر ئامېرىكا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى كۆرسىتىش مەيدانى ئىدى، ئۇ 1835-يىلى مۇشۇ يىغىن مەيدانىدا ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نامزاتى بولغانىدى. بىر يۈز يەتمىش بېلەت بىلەن سايلامدا خاررىسوننى ئوڭۇشلۇق يېڭىپ، ئامېرىكىنىڭ سەككىزىنچى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانىدى. لېكىن 1844-يىلىدىكى ئەھۋال 1835-يىلىدىكى ئەھۋالغا تۈپتىن ئوخشاشماي قالدى.

ۋان بورېن سايلامدىن بۇرۇن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىش
پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ ئالاقە
باغلىدى، ئەمما ئۇ دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدە يۈكسەك ئىنا-
ۋىتى بار سابىق زۇڭتۇڭ جېكسوننىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى.
شۇڭا دېموكراتلار پارتىيىسىدىن يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپچى-
لىكى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، ۋان بورېن-
نىڭ تۈرلۈك خاتالىقلىرىنى بەس - بەستە سۆكتى. شۇنداق
قىلىپ ۋان بورېننىڭ زۇڭتۇڭ بولۇش ئۈمىدى ھەش - پەش
دېگۈچە كۆپۈككە ئايلاندى.

«بىر ئالىيجانابنى رەنجىتىشكە بولىدىكەن، بىر پەسكەشنىڭ
چىشىغا تېگىشكە بولمايدىكەن!» شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە
تۇرۇۋاتقان ۋان بورېننىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، لېكىن
يېنىدا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمى يوق ئىدى. ئۇ خوتۇنى
خاننا بىلەن بەك ئىناق ئۆتكەنىدى، ئۇ ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەن
يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ۋان
بورېن ياۋروپاغا ساياھەتكە ئۆزى يالغۇز كەلگەنىدى. ۋان بورېن-
نىڭ قىزىتمىسى يېنىپ سەللا ياخشىلانسا، ئۆزىگە ۋەزىپىسىنى
ئۆتكۈزۈپ بەرگەن سابىق زۇڭتۇڭ جېكسوننى غەزەپ بىلەن تىل-
لايتتى. ۋان بورېن بۇرۇن جېكسوننىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسەبىي-
لەرچە ماختىغان ۋە ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن چاكارلىق قىلغانى-
دى. جېكسون ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى قاتارىدا كۆر-
گەن. ئەپسۇسكى، جېكسون تەختتىن چۈشۈپ، ۋان بورېن زۇڭ-
تۇڭلۇق تەختىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
جېكسون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يىراقلاشتى. مانا ئەمدى ئۇ-
نىڭ پۇشايمان قىلىدىغىنى شۇكى، ئەينى چاغدا قولىدا زۇڭتۇڭ-
لۇق ھوقۇقى بولمىغان، سىياسىي سەھنىدىن موللاق ئاتقان
رەھىمسىز بۇ ئەربابنىڭ دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدە يەنىلا زور
تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغانلىقى ئىدى. ئۇ كىشىلەردىن

جېكسوننىڭ دائىم: «ئاناڭنى، خەپ، ۋان بورېن، سەن مېنى كۆزگە ئىلماسلىققا پېتىندىڭ! سەن ھەقىقەتەن ۋاپاسىز، پەس نېمىكەنسەن!» دەپ تىللايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. جېكسوننىڭ ئۆزىگە نېمىشقا بۇ دەرىجىدە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇ زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن جېكسوننىڭ قول ئاستىدا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان چاغدىكىدەك ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن يولىيورۇق سوراپ ئولتۇرمىدى. ۋان بورېننىڭ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشى يۇرتىدا كۈنلىرىنى ئىچ پۇشۇقىدا ئۆتكۈزۈۋاتقان جېكسوننىڭ ئوغىسىنى قايىنتاتتى. شۇڭا جېكسون ئۇنى داۋاملىق كەينىدىن تىللايتتى.

«ھەي، مەن جېكسون تۇزۇپ يۇرگۈزگەن سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتمەسلىكىم كېرەك ئىدى. مەن ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە مۇشۇ ئىشتا ھەقىقەتەن كەتكۈزۈپ قويدۇم!» ۋان بورېن جەنۇە كۆلى بويىغا جايلاشقان مېھمانسارايدا يېتىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ قىينىلىپ كەتكەن چاغلىرىدا ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ ئەمەلدارلىق سورۇنىدا كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكى، جېكسوننىڭ ۋەزىپىسىدىن بوشانغان ھالەتتىمۇ دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدە ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى نېرى - بېرى قىلىۋېتەلەيدىغان دەرىجىدىكى كۈچ - قۇدرىتىگە سەل قارىماسلىقى زۆرۈر ئىدى. ئەسلىدە، ۋان بورېن ئۆزىنى يۆلەپ زۇڭتۇڭلۇق تەختىگە چىقارغان دەسلەپكى چاغلاردا جېكسونغا ئۇنىڭغا قول ئاستىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇ جېكسون دەۋرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىچكى كابىنېت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئالماشتۇرمىدى، جېكسون تەشكىللىگەن ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى ۋان بورېننىڭ ئادەملىرىگە ئايلاندى. چۈنكى ۋان بورېن تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن جېكسوننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ۋان بورېن كېيىن ئىچكى كابىنېتتا ئۆزىنىڭ ئادىمى بولۇشى كېرەكلىكىنى تەدرىجىي ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جېكسوننىڭ ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى ئوپېراتسىيە قىلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جېكسون يېزىدىكى داچىسىدا تۇرۇپ چىچاڭشىپ كەتتى. ۋان بورېن شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى يېڭى تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئۇ سابىق زۇڭتۇڭ جېكسون سىزىپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى سىياسىي ئىرادىسىنى يولغا قويۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىچكى سىياسەتنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى، ۋان بورېن ھەتتا ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىپلا ئىقتىسادىي كرىزىسقا دۇچ كەلگەنلىكىدىن ئازابلاندى، بۇ پۈتۈنلەي جېكسون ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردىن قالغان يامان ئاقىۋەت ئىدى. خەلقنىڭ ئۇنىڭغا مۇشۇنداق كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىشى ۋە قارشى تۇرۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، جېكسوننىڭ ھەربىيلەر ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنى بىلمىگەچكە، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى كېلىپ چىققان. ناۋادا ئۇ ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇپ قالسا، داۋاملىق جېكسوننىڭ سىياسىتى بويىچە ئىش تۇتسا، ئۇ چوقۇم خالتا كوچىغا كىرىپ قالغان بولاتتى. ۋان بورېن دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلگەچكە، تەختكە چىقىپ ئىككىنچى يىلى يۈرەكلىك ھالدا كونا تۈزۈلمە ۋە كونا سىياسەتلەرنى يېڭىلىدى. ئىچكى سىياسەت پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە ۋەزىيەت ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ۋان بورېن جېكسوننىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىمۇ ئۆزگەرتتى. ئەڭ ئاساسلىق ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، ۋان بورېن ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ تېكساسنى ئامېرىكىنىڭ بىر شتاتىغا ئايلاندۇرۇشقا قارشى چىقتى!

بۇ ئىشلاردىن جېكسوننىڭ ئاچچىقى كەلدى، 1844 ـ يىلى ۋان بورېن يۈرتى — كىندېرخوكتىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ

بالتىموردا ئۆتكۈزۈلگەن زۇڭتۇڭ نامزاتى كۆرستىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىش هارپىسىدا، جېكسون ئۆزىنىڭ سەهرادىكى داچىسىدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بىرنەچچە رىيا-سەتچىلىرىنى مەخپىي قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا:

— ئەگەر ۋان بورېن دېگەن هىيلىگەر تولكە زۇڭتۇڭ نامزا-تى رىقابەتچىسى بولۇشقا ئۇرۇنسا، سىلەر قىلچە يۈز - خاتىر قىلماستىن ئۇنى قوغلاڭلار! ئۇنى شۇنىڭدىن تارتىپ پالا-كەت باسسۇن! — دېدى.

دەرۋەقە ۋان بورېن بالتىمورغا بېرىپ سەتچىلىككە قالدى. تىياتىرخانىدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئولتۇرۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار سەهنىدىن ئورۇن ئالغان ۋان بورېنغا قاراپ ئىسقىرتىشاتتى. هەتتا بەزىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ غەزەپلەن-گەن هالدا:

— ۋان بورېن، سەهنىدىن چۈشۈپ كەت!

— سېسىق نامى پۇر كەتكەن ۋان بورېن يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتسۇن!

— دېموكراتلار پارتىيىمىز بۇنداق كىشىنى زۇڭتۇڭ نامزاتى قىلىپ سايلىماسلىقى كېرەك! — دەپ ۋارقىراشتى...

«هە، هە، هە!» ۋان بورېن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ساراسىمە ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، ئۇ 1844 - يىلىدىكى سايلام رىقابىتىدە ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئەسلىگىنىدە يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى.

يېرىم ئايدىن كېيىن ئامېرىكىدىن كەلگەن سېرىق چاچ، كۆك كۆز ياش لەيمور جەنۇۋەدىكى كايمونت كۆلى بويىغا جايلاشقان مېهمانسارايدا پەيدا بولدى. ئۇ ۋان بورېننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى، ئۇ ۋان بورېن يېتىۋاتقان مېهمانسارايدىكى خادىملارنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، نيۇيوركتىن جەنۇۋەگە يېتىپ كەلگەنىدى. لەيمور دادىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قال-

غانلىقىنى كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ تاشلىدى. ئوغلى بۇ-
رۇن سىياسىي سەھنىدە كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئې-
رىشكەن زۇڭتۇڭنىڭ بوگۇنكى كۈندە ياۋروپادا ساياھەت قىلىۋې-
تىپ، كېسەل سەۋەبى بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق
ئەھۋالدا يېتىپ قالىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى.
دادىسىنىڭ كېسىلى سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن دادىسىنى
ئېلىپ نيۇيوركقا قايتتى. ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ئايلىنىپ چە-
قىشتەك ساياھەت پىلانىنى تۈزگەن ۋان بورېن چەكسىز ئۆكۈنۈش
ئىچىدە سەپىرىنى يېرىم يولدا توختىتىپ ئامېرىكىغا قايتىشقا
مەجبۇر بولدى.

## سەكرات ئۇستىدىمۇ مەھرۇم بولغان ھوقۇقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىدى

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى.
ۋان بورېن ياۋروپاغا قىلغان ساياھەت داۋامىدا بىردىنلا قى-
زىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ، يۇرتى كىندېرخوك بازىرىغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ غەلىتە كېسەلدىن قۇتۇلالمىدى.
ۋان بورېننىڭ قىزىتمىسى بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە چۈشۈپ
تۇراتتى. ئۇنۇملۇك دەپ قارالغان بارلىق دورىلار ئىشلىتىلگەن
بولسىمۇ، لېكىن قىزىتمىنى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتى يوق
ئىدى. لەيىمور ۋە ۋان بورېننىڭ بىرقانچە ئەگەشكۈچىلىرى
نيۇيورك كوچىلىرىدا پەيتۇنلۇق يۈرۈپ ھېلىدىن - ھېلىغا مەش-
ھۇر دوختۇرلارنى چاقىرىشاتتى. ئۇلار «كىچىك ئاقسارايى» دىكى
ھۇجرىسىدا توختىماي قىزىپ، ھېلىدىن - ھېلىغا قاتتىق يۆتى-
لىپ ياتقان ۋان بورېننى تەكشۈرەتتى. ۋەھالەنكى، ئاشۇ ئۇستا
دوختۇرلارمۇ ۋان بورېننىڭ قىزىتمىسىنى قايتۇرۇشقا، بۇ ئۇزۇن
داۋاملاشقان قىزىتمىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا ئامال-
سىز ئىدى.

ۋان بورېننىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن كېسەل ئەھۋالىمۇ بارا - بارا ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم قېقىلىپ يۆتەلگەندە قان ئارىلاش تۈكۈرەتتى. ۋان بورېننىڭ كارىۋىتى ئالدىدا چىرايلىق ئېچىلغان نەچچە دەستە گۈل تۇراتتى. قەددىنى تىك تۇتۇپ مېڭىشقا ئادەتلەنگەن ۋان بورېن مانا ئەمدى ئورۇقلاپ، مۈكچىيىپ جەينەكتەك بولۇپ قالغانىدى. سارغايغان چىرايىدىن ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىدە ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆز-لەپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى جۇشقۇنلۇقنى ھازىر كۆرگىلى بولمايتتى.

باھار كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە، ۋان بورېننىڭ ئوغ-لى ۋە بىرقانچە يېقىن - يورۇقلىرى كېسەل دەستىدىن مىدىرلى-يالماي ياتقان ۋان بورېننى پەيتۇنغا سېلىپ، جىددىي داۋالىتىش ئۈچۈن نيۇيوركتىكى كولۇمبىيە كىرىس دىنى جەمئىيىتى دوخ-تۇرخانىسىغا ئالدىرىدى.

بۇ دوختۇرخانىغا داڭدار دوختۇرلار يىغىلغانىدى. دوختۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆپكە كېسىلىنى داۋالاش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ۋان بورېننىڭ ئالاھىدە كېسىلىنى قايتا - قايتا تەكشۈر-دى. قىزىتما «ئۆپكە كېسىلى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان» دېگەن دىئاگنوزغا كۆپىنچە دوختۇرلار تازا ئىشەنچ قىلالمىدى. نېمىشقا ئۆپكە كېسىلىگە بېرىلىدىغان كۆپ مىقداردىكى باكتېرىيىگە قار-شى دورىلار ياللۇغلىنىشنى كونترول قىلالمايدۇ؟ نېمىشقا قان تۈكۈرۈش ئالامىتىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ؟ بۇ سوئاللار دوختۇرلار-نىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى تېپىشتىكى بۆسۈش نۇقتىسى ئىدى.

بىر ئايدىن كېيىن دوختۇرلار ۋان بورېننىڭ ئۆپكىسىنىڭ سول قانىتىدا ئورۇن خاراكتېرلىك كېسەللىك ئۆزگىرىش بار دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

چۈنكى ۋان بورېن توختىماي قان ئارىلاش تۈكۈرەتتى، ئۇ-نىڭدا كۆپ ئۆتمەي نەپەس يولى توسۇلۇپ قېلىش بىلەن نەپەس

قىيىنلىشىش ئالامەتلىرى يۈز بەردى. ئېغىر دەرىجىدە قان تۆكۆ-رۈش ئەھۋالى يەنە يۈز بەردى. ئۆپكە ياللۇغلانغان دەپ پەرەز قىلغان دوختۇرلار بىردىنلا سەگەكلىشىپ، ناۋادا ۋان بورېننىڭ ئۆپكىسىنىڭ سول قانىتىدا ئۆسمە بولمىسا، ئۇنىڭدا نەپەس يولى توسۇلۇپ قالىدىغان ئالامەت كۆرۈلمىگەن بولاتتى، دېگەن پىكىر-گە كېلىشتى.

ۋان بورېن ئوپېراتسىيىنى قەتئىي رەت قىلدى!

دوختۇرلار ئامالسىز قېلىشتى. ناۋادا دوختۇرلارنىڭ دىئاگ-نوزى ھەقىقەتەن راست بولسا، ئۆپكە كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باس-قۇچىدا تۇرغان ۋان بورېن دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۆپكىسىنىڭ سول قانىتىنى ئېلىۋېتىش تەكلىپىنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلسا، بۇ ئۇنىڭغا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لەيمور ۋە ۋان بورېننىڭ يېقىنلىرى داۋالاش مەركىزىنىڭ ئوپېراتسىيە لايىھىسىگە كۆڭۈل توختىتالمىدى. چۈنكى شۇ چاغدا ۋان بورېن يەتمىش توققۇز ياشتا بولۇپ كېسەل-لىك سەۋەبىدىن ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇزۇن يىل كارىۋاتتا قوپماي ياتقانلىقتىن بەدىنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىد-ۋاتقانىدى. دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇنى گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بەدىنى ئوپې-راتسىيىنى كۆتۈرەلىشى ناتايىن ئىدى.

چېركاۋ دوختۇرخانىسى ۋان بورېنغا قوللىنىدىغان ئەڭ ئا-خىرقى جىددىي قۇتقۇزۇش ۋاسىتىسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. 1862 - يىل ياز كىرگەندە ساناقلىق كۈنلىرى قالغان ۋان بورېن كۈنلىرىنى توختىماي قان تۆكۆرۈش بىلەن قىينىلىپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

بىر پۈتى ئاللىقاچان گۆرگە ساڭگىلىغان ۋان بورېن ئۆزىنى چىرمىۋالغان كېسەل ئازابىدىن بىئارام بولۇپ ياتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم قاتتىق يۆتىلىپ كەتكەندە ئۆپكىسىنىڭ سانجىپ ئاغرىپ

كېتىشىدىن بەزىدە جېنىدىنىمۇ كېچىپ كېتەتتى. بىراق تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى بىلەن ئاغرىق ئازابى سەللا يېنىكلىسە، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى يەنە ياشانغان چېغىدا سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئۈمىدسىزلىككە پاتقان كۆڭۈلسىز ۋاقىتلارغا كېتەتتى.

ئۇ ئۆزىنى ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى كۆل رەڭ بىر بىنادا دەپ ئويلايتتى. بۇ بىنا ئامېرىكىدىكى ئاران نەچچە يۈز ئادىمى بار كىچىك سىياسىي پارتىيە — ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكا پايتەختىدە تەسىس قىلىغان ۋاقىتلىق باش شتابى ئىدى. ۋان بورېن ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چېغىدا بىر تۈركۈم سەرگەردانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ كىچىك پارتىيە - گۇرۇھنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇ ھەتتا بىرنەچچە قېتىم مەسخىرە تەلەپپۇزىدا: «ئەركىن تۇپراق پارتىيىسى دېگەن نېمە؟ ئەركىن تۇپراق پارتىيىسى دېگەن بىزگە ئوخشاش ئامېرىكا سىياسىي ساھەدىكىلەر شاللاپ چىقىرىۋەتكەن بىر دۆۋە سېسىق ئەخلەت! بۇ بىر توپ ئەخمەقلەر ھەرقانداق چاغدا ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدە كىلىمات ھاسىل قىلىمەن دەپ خام خىيال قىلىشمىسۇن!» دېگەنىدى.

لېكىن 1848 - يىلى كۈز كۈنلىرى، كۈز شامىلىدا ۋاشىنگتون كوچىلىرىدىكى كاشتان دەرەخلىرى يوپۇرماق تاشلاپ تۇراتتى. چېكە چاچلىرى شالاڭلاپ، بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى تاقىرلىشىپ كەتكەن ۋان بورېن تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن نيۇيوركتىن پايتەختكە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھەممىدىن سىر تۇتاتتى. ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى بىر كوچىغا جايلاشقان ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق باش شتابىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. بۇ ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىنى بىر توپ ئەخمەقلەر ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن ۋان بورېن ئۈچۈن كاتتا بىر بۇرۇلۇش ئىدى.

— مەن ھازىردىن باشلاپ ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماي، بەلكى ھەرقانداق بەدەل بېرىشتىن قورقماي قوللايمەن! — دېدى ۋان بورېن ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىنىڭ بىرنەچچە رەھبىرى ئالدىدا ھاياجان بىلەن. جېكسون ۋە بىر تۇركۇم دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەر تەرىپىدىن «ھىيلىگەر تۈلكە» دەپ نام ئالغان ۋان بورېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئىزچىل تۈردە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كەلدى، دېموكراتلار پارتىيىسى ئالدىنقى قېتىملىق زۇڭتۇڭ نامزاتى سايلام رىقابىتىدە يېڭىلدى، ۋان بورېن مانا ئەمدى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ئۆزىنىڭ پات ئارىدا باشلىنىدىغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىدا زۇڭتۇڭ نامزاتى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى بېغىشلىغان دېموكراتلار پارتىيىسىگە تايىنىشتىن ھېچقانداق پايدا چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مەۋقەيىنى ئىمكان بار تېزدىن ئۆزگەرتكەندىلا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقالايتتى. نيۇيورك شتاتى خېدسېن دەرياسى بويىدىكى قورۇقتا تۇرۇۋاتقان ۋان بورېن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، تەختتىن چۈشۈپ، سىياسىي جەھەتتە ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ بۇرنىغا يەپ شۆھرىتى قالمىغانلىقىنى بىلەتتى، سايلامغا قاتناشقان تەقدىردىمۇ غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيتتى. بىراق ياشلىقىدىكى جەسۇرلۇقىدىن قالمىغان بۇ چال ئۇممىدىنى يەنىلا 1848 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان زۇڭتۇڭ سايلىمىدىكى ئېلىشىشقا ئاتاپ قويدى!

ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىدىكىلەر ۋان بورېننىڭ ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق روھلىنىپ كەتتى. مەزكۇر پارتىيە شۇ تاپتا ۋان بورېندەك تەسىر كۈچى زور سابىق زۇڭتۇڭغا ئېھتىياجلىق دېگەندىن كۆرە، ئۇلارمۇ ۋان بورېندىن پايدىلىنىپ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئېھتىياجلىق ئىدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئىككى تەرەپ تېز ھەم ئاسان پۈتۈشتى. ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى شۇئان:

— ناۋادا مارتىن ئەپەندى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بىر توركوم ئەربابلىرىنى بىزنىڭ سېپىمىزغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىغان بولسا، ئۇ چاغدا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى! بىز پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزنى تىكلىگەن، سىزنى زۇڭتۇڭ نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىشكە كاپالەتلىك قىلغان بولاتتۇق! — دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋان بورېننىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

— هازىر چوڭ پارتىيە بۆلۈنۈش ئىچىدە تۇرماقتا. مەن بۇرۇن قول ئاستىمدا ئىشلىگەن بىر توركوم ئادەملەرنى تارتىپ ئەكېلىپ سېپىڭلەرگە قوشىمەن، سىلەر مېنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇپ كۆرسىتىلىشىمگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىسىلەر! — دېدى.

ۋان بورېن نيۇيورك شتاتى كىندېرخوك بازىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مۇخلىسلىرىنى يىغىپ كېچە - كۈندۈز يىغىن ئاچتى. مەزكۇر پارتىيىگە جېكسون هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا پارتىيىدىن نارازى بولغان مۇخلىسلار پارتىيىدىن ئايرىلىش توغرۇلۇق ئالللىبۇرۇن يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشكەنىدى. ئەمدى ۋان بورېننىڭ ئۇلارنى پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ هەممىسى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ۋان بورېن بىلەن بىللە ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىگە كىرىشكە ئۆز رازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئەركىن تۇپراق پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ بىر هەسسە كۆپەيدى، مەزكۇر پارتىيىنىڭ رەھبىرىمۇ دەرهال ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ۋان بورېننى زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشنى قارار قىلدى.

ئەركىن تۇپراق پارتىيىسى يىغىلىش ئۆتكۈزگەن كۈنى، دېموكراتلار پارتىيىسىدە ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كېلىۋاتقان مارتىن ۋان بورېن يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يىغىن رەئىس سەھنىسىدە پەيدا بولدى.

ۋان بورېن يىغىن ئەھلى ئالدىدا ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ تەختتىن چۈشۈپ بىكار يۈرگەن ۋان بورېن ئۈچۈن كەمدىن - كەم بىر پۇرسەت ئىدى. ئادۋوكاتلىقتىن كېلىپ چىققان، ئون تۆت يېشىدىن تارتىپ ئادۋوكات بولغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ھاياتىدىكى پۇتكۇل ئارزۇ - ئۈمىدىنى سىياسىيغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. قىرلىق يەتكەن ۋان بورېن پۇرسەت بولسىلا سىياسىي سەھنىگە يامىشىپ چىقىشنى كېچە - كۈندۈز ئويلايتتى ۋە ھارماي - تالماي كۈرەش قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن نۇتقى تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئەگەر ئاقسارايدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقالىسا ئىقتىسادىي جەھەتتە يېڭى ئىسلاھاتنى يولغا قويىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىپلوماتىيە جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ بۆسۈش ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پەستە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ۋان بورېنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان نۇتقى ناھايىتى تېزلا كىچىككىنە پارتىيىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئاۋاز بېرىش نەتىجىسى ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك بولۇپ چىقتى، زۇڭتۇڭ نامزاتى سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئارزۇسى ئاخىر ئىشقا ئاشتى!

يەتمىش ياشقا يېقىنلاشقان ۋان بورېنىڭ خۇشاللىقىدا بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى.

ئۇ خېدسېن دەرياسى بويىغا جايلاشقان كىندېرخوك بازىرىدىكى قورۇقىغا سالدۇرغان «كىچىك ئاقساراي» دا خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇدا نەچچە ئاخشام كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ سايلام رىقابىتىدىكى قوللىغۇچىلارنى داۋاملىق شۇ يەرگە يىغىپ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان سايلامدا رەقىبلەرنى قانداق يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشاتتى. ۋان بورېن ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئاجايىپ خۇ-

شال، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا يۈردى. ئۇ ھەتتا چۈشلىرىدە ئۆزىنى سەلتەنەتلىك ئاقسارايغا يەنە بىر قېتىم كىرىپ، ئېلىلىپس شە-كىللىك ئىشخانىدىكى يۇمشاق كرېسلودا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەل-گىنىچە بۇيرۇقۋازلىق قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتى!

ئالتە ئاي ئاتقان پاختا بىر كۈنگە يارىمىدى. ۋان بورېننىڭ زۇڭتۇڭ بولۇش چۈشى 1848 - يىلنىڭ چىقىشى بىلەن ئەيىب-لەش ۋە ئىسقىرتىش سادالىرى ئىچىدە كۆپۈككە ئايلاندى!

ئۇ سايلامدا يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى!

كەلگۈسىدىكى زۇڭتۇڭلۇق ئورۇنغا مۇشتاق بولۇپ قالغان ۋان بورېندەك كىشى ئۇچۇن سايلامدا چۈشۈپ قېلىش چۆچۈپ كەتكۈدەك، ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قالغۇدەك بىر ئىش ئىدى؛ لېكىن قولىدا ھەقىقىي سايلام بېلىتى بار سايلىغۇچىلار ئۈچۈن ۋان بورېننىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقاچان ئايان بولغان ئىش ئىدى. ۋان بورېن خەلق ئارىسىدا ئۆزۈن يىل بىكار يۈرۈپ، خەلقتە سابىق زۇڭتۇڭ زېرەك ھەم مەككار دۆلەت-مەن بوۋاي ئىكەن دېگەن تەسىرات قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىد-گە ئۇنى زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كىچىكلىكىدىن بىچارە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئەركىن تۇپراق پارتىيىسى كۆرسەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ۋان بورېن يەنە بىر قېتىملىق سايلامدا ئاممىنىڭ ئەيىبلەش ۋە مەسخىرىسىگە قالغان ئەربابقا ئايلاندى...

1862 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تاڭ سەھەردە، ھوشىدىن كەتكىنىگە ئون نەچچە كۈن بولغان ۋان بورېن ئاخىر ئېسىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە ئازاب بىلەن ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئىپادە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. كارىۋاتنىڭ بېشىدا تۆت ئوغلى ھازىر بولغانىدى. ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چىرايى ساماند-دەك سارغايغان ۋان بورېننىڭ تومۇرلىرى زەئىپ سوقۇپ، دېمى سىقىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللىقاچان قولىدىن كەتكەن ھوقۇقنى يەنىلا

ئۆتتۈپ كېتەلمىدى، ئۇ مور ۋە باشقا ئۈچ ئوغلىغا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— بالىلىرىم، مەن باشقا بىر دۇنىياغا كېتىمەن، ئاپاڭلار — خاننا تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن سىلەردىن خەۋەر ئېلىشقا تازا كۆڭۈل بۆلمىدىم، مەن پۈتكۈل زېھنىمنى قولدىن كەتكەن زۇڭتۇڭلۇق هوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلدىم، لېكىن مەن هازىرغا قەدەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدىم… مېنى يۆلەپ قويۇڭلار! تىنىقسىملا بولىدىكەن، ئۆمىلەپ بولسىمۇ تۇرۇپ كېتىمەن… ئىلگىرى ماڭا مەنسۇپ بولغان ئاشۇ هوقۇقنى … تارتىۋېلىڭلار! …، — دېدى.

بالىلىرى كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

بۇ ۋان بورېننىڭ ۋەسىيىتى ئىدى!

ۋان بورېن يەنە هوشىنى يوقاتتى. ئۇنى تۇرۇپ - تۇرۇپ يۆتەل تۇتۇپ كېتەتتى. چاقىرىپ كېلىنگەن دوختۇرلار ئۇزۇن يىل كېسەل ئازابىنى تارتىپ ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان ۋان بورېننى كۆرۈپ ئامالسىز ئەھۋالدا قالدى.

ئاغرىق ئازابىدىن قىينالغان ۋان بورېن ئالدىنقى كۈنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ كېيىنكى كۈنى يېرىم كېچىگىچە بىهوش هالەتتە ياتتى. شۇ ئاخشىمى سائەت ئون بىرلەر ئەتراپىدا ۋان بورېن هوقۇق تارتىۋېلىش ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى!

ۋان بورېن ۋاپات بولغاندىن كېيىن خېدسېن دەرياسى بويىغا جايلاشقان كىندېرخوك بازىرىدىكى چېركاۋ زالىدا كىچىك كۆلەملىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ماتەم مۇراسىمىغا ئاساسەن ئەركىن تۇپراق پارتىيىسى ۋە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئاز ساندىكى ئەگەشكۈچىلىرى قاتناشتى.

ۋان بورېننىڭ مېيىتى مۇشۇ چېركاۋنىڭ كەينىدىكى تاغنىڭ

باغرىغا قويۇلدى. خېدسېن دەرياسى بويىدىكى «كىچىك ئاقساراي» ۋان بورېن ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىندېرخوك بازىرىنىڭ تارىخىي مۇزېيىغا ئايلاندى. ۋان بورېن ئاخىرقى ئۆمرىدە ئىشلەتكەن ھاسا، كىيىم - كېچەك ۋە سايلام رىقابىتىدە سۆزلەگەن نۇتۇقلىرىنىڭ ئورىگىنالى قاتارلىقلار ئاسارئەتىقە سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

## توققۇزىنچى باب

# ئوتتۇز بىر كۈن زۇڭتۇڭ بولغان

## —— توققۇزىنچى زۇڭتۇڭ ۋىلىيام خېنرى خار-رىسسون



ۋىلىيام خېنرى خاررىسسون 1773 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ قاراشلىق پاركلېي-دە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئەنگلىيە پۇشتىدىن بولغان شۆھرەتلىك جەمەت-نىڭ ئەۋلادى، پاركلېيدىكى مەشھۇر ئېكىنزارنىڭ دۆلەتمەن خوجايىنى، ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ باشلىقى، ئامې-رىكا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» غا ئىمزا قويغۇچىلارنىڭ بىرى؛

1786 ـ يىلى خامبورگ ـ سىد-نېي ئىنستىتۇتىدا دوختۇرلۇقنى ئوقۇغان؛

1791 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن پېنسىلۋانىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى تېببىي ئىنستىتۇتىغا كىرىپ بىلىم ئاشۇرغان؛

1791 ـ يىل 4 ـ ئايدا دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇش راسخوتىنى تۆلەشكە ئامالسىز قېلىپ ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. ئۇ شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئارمىيىگە قاتنىشىپ، بىرىنچى پىيادىلەر پولكىدە بايراقچى بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئون سەككىز ياشتا ئىدى؛

1795 ـ يىل 11 ـ ئايدا، كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىق سالاھ-

يىتى بىلەن ئاننا سىمسقا ئۆيلەنگەن؛

1798 - يىلى 6 - ئايدا، ھەربىي ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، غەربىي شىمال ئالاھىدە رايونىنىڭ كاتىپلىق، پارلامېنتىنىڭ ئالاھىدە رايوندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛

1800 - يىلى غەربىي شىمال ئالاھىدە رايونغا تەۋە ئىندىئانا ئالاھىدە رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1812 - يىلى 6 - ئايدا، ئىككىنچى قېتىملىق ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىرىگادا گېنېرالى سالاھىيىتى بىلەن ئارمىيىگە قاتنىشىپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان، ئىككىنچى يىلى باھاردا گېنېرال مايورلۇققا كۆتۈرۈلگەن؛

1814 - يىلى 5 - ئايدا ھەربىي ۋەزىپىدىن يەنە ئىستىپا سوراپ، ئائىلىسىگە قايتىپ قورۇق ئىگىسى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىنىناتى دىنىي رايونىنىڭ ھەيئىتى ۋە سىنىناتى ئىنىستىتۇتىنىڭ دائىملىق ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتىگەن؛

1816 - يىلى 3 - ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1825 - يىلى فېدېراتسىيە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە كېڭەش پالاتاسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىگەن؛

1828 - يىلى ئامېرىكىنىڭ كولۇمبىيىدە تۇرۇشلۇق تۇنجى ئەلچىسى بولغان، ئۇزۇن ئۆتمەي چاقىرتىپ كېلىنگەن. زۇڭتۇڭ جېكسون بىلەن سىياسىي ئىختىلاپى بولغاچقا، تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىدىن ئىستىپا سوراپ يەنە يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن، يۇرتىدا يەرلىك سوتنىڭ پۈتۈكچى ئەمەلدارى، يېزا كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلار ئەزاسى قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛

1835 - يىلى زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان، ئىندىئانا ۋە ئىللىنوس شتاتلىرىدا ئۆز خىراجىتى بىلەن ساياھەت قىلىپ، سايلام رىقابىتى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئاخىر يەنىلا مەغلۇپ بولغان؛

1839 - يىلى قىشتا، ۋىگ پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا مەزكۇر پارتىيە تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن؛

1840 - يىلى ئىككى يۈز ئوتتۇز تۆت ئاۋاز بىلەن ئاقسارايدا ھاكىمـ

يەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋان بۇرېننى يېڭىپ، ئامېرىكىنىڭ توققۇزىنچى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان؛

1841 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاتمىش سەككىز ياشلىق خاررىسسون ئاقسارايدا قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاقسارايدا ۋاپات بولغان، ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ئىچىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى ئەڭ قىسقا زۇڭتۇڭ بولۇپ قالغان.

## كۈتۈلمىگەن غەلىبىگە ئېرىشىپ ئاقسارايدا باشلىق بولدى

ئاتمىش سەككىز ياشقا كىرگەن ۋىليام خېنرى خاررىسسون بىرىنچى قېتىم ۋاشىنگتون مەركىزىدىكى پېنسىلۋانىيە كوچىسى 1600 - نومۇرلۇق بىناغا — پالادىئو ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئاق ئىمارەتكە كۆچۈپ كىردى. ئۇ ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىپ ئۆز نىشانىغا ئاخىر يەتكەنىدى.

ھەيۋەتلىك ئاقساراي ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان خاررىسسوننىڭ نەزىرىدە پەقەت يىراقتىن تاماشا قىلغىلى بولىدىغان، لېكىن ئىچىگە كىرگىلى بولمايدىغان مۇقەددەس ساراي ئىدى. 1841 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئوخئو شتاتى بېربىنتتا ئۇزۇن يىل تۇرغان خاررىسسون ۋىگ پارتىيىسىدىكى بىر تۈركۈم قوللىغۇچىلىرىنى باشلاپ، پايتەخت — ۋاشىنگتونغا كەلدى. ئۇ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ قەسەم بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشماقچىدى.

خاررىسسون ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ئاقسارايغا كىردى، ئاقسارايدىكى چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان ئاسما چىراغلار، تامدىكى رەسىملەر كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا نېسىپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئېللىپس شەكىللىك ئىشخانا ئۈستىدە، زۇڭتۇڭ-

نىڭ دىپلوماتلارنى قوبۇل قىلىدىغان زال، كۈتۈپخانا، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان ئەسۋابلار قويۇلغان زال ۋە باشقۇر-غۇچى خادىملارنىڭ ئىشخانىلىرى ئاستىنقى قەۋەتتە ئىدى. بولۇپ-مۇ خاررىسسون چوغدەك قىزىل گىلەمدە مېڭىپ، چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىدىغان زالغا ئاستا كىرگىنىدە، قەلبىدە بەخت ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى، ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. كۆركەم ھەم ھەشە-مەتلىك زال چۆچەكلەردىكى ساماۋى سارايغا ئوخشايتتى. مەيلى گىلەم، ئاسما چىراغلار، تام گىلەملىرى، ئورۇندۇق - ئۇستەل ۋە باشقا تۈرلۈك رەڭدىكى بېزەكلەر بولسۇن، ئاقسارايغا بىرىنچى قېتىم كىرگەن خاررىسسوننى تاڭ قالدۇردى. ئۇ چاق-ناپ تۇرغان قەدىمىي قاشتېشى بۇيۇملىرى ئالدىدا تۇرۇپ، سەل-تەنەتلىك زالدىكى ھەممە نەرسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆزىنى گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى! ئۆزۈن يىل ئىنتىلگەن بول-سىمۇ، لېكىن شېرىن خىيالىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئۇ ئەسلا ئويلىمىغانىدى!

ئېللىپس شەكىللىك ئىشخانىدىكى تىكلىمە ئەينەكتە ھەر-بىي فورما كىيگەن، بېلىگە قىلىچ ئاسقان قاۋۇل پېشقەدەم ھەر-بىينىڭ سىياقى كۆرۈندى. ئۇ ئون سەككىز يېشىدا ھەربىي ساھەگە ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن، بايراقچى بولغان گېنېرال خاررىس-سون ئىدى. ئۇ ھازىر ئاتمىش سەككىز ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئەللىك يىللىق ھاياتى ھەربىي سەپتە ئۆتتى. ئۇ بۇ جەرياندا ئاز - تولا نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتى، ئەگەر ئامېرىكىدىكى مىڭدىن ئارتۇق گېنېرالغا سېلىشتۇرغاندا ئالىي ھۆكۈمدارلىق مەيلى ستاژ، ھەربىي ئۇنۋان ۋە ئىززەت - ئابرۇي جەھەتتىن بولسۇن، ئۇنىڭغا ئەسلا نىسبەت بولمايتتى. ئۇ باشتىلا ئۆزىنى ۋىگ پارتىيە-سىنىڭ قويىنىغا ئاتتى، لېكىن تەلىيى ئوڭدىن كەلمىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار. كېيىن خاررىسسون ئالدىنقى بىرنەچچە

نۆۋەتلىك ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۈتكۈل مەملىكەتنى كونترول قىلالايدىغان دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئوخشاش سىياسىي پارتىيىلەرگە تايىنىپ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىدى. ئادىمى ئاز، تەسىرى تار ۋىگ پارتىيىسىگە تايىنىپ قانداقمۇ ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدا بىراقلا مۇتلەق كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

قارا نىيەت پېشقەدەم ھەربىي خاررىسوننىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى، ئۇ بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلغان چاغلىرىدىلا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولۇشنى، ئېللىپس شەكىللىك ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىشنى كۆپ قېتىم ئويلىغانىدى. شۇڭا 1835 - يىل باھار كەلگەن چاغدا، خاررىسون زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىش قارارىغا كەلدى. بىراق ئۇ پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر بېرەلەيدىغان شەرت ھازىرلىمىغانىدى، بولۇپمۇ سايلىغۇچىلار ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان خاررىسوننى بىلمەيتتى. خاررىسون پۇلنىڭ كۈچى بىلەن مۇخبىرلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇرۇش تۆھپىلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلدى! خاررىسون سايلام پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئۆزىنى زۇڭتۇڭ نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىشىنى تەمە قىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەت يار بولدى، ئامېرىكىدا تامېس ۋە تىپوكارنو ئۇرۇشىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كاتتا پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى. خاررىسون مۇشۇ ئىككى قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. خاررىسون پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزى سېتىۋالغان ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى ھەدەپ ماختىدى. ئۇ شۇنداق قىلسا، ئۆزى ناھايىتى تېزلا

مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە، قىينالماي ۋىگ پارتىيىسى كۆرسەتكەن زۇڭتۇڭ نامزاتى بولالايمەن دەپ ئويلىدى. خاررىسسون ئاخىرقى ئۆمرىدىكى مۇشۇ بىر قېتىملىق ئېلىشىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدى، ئۇ ئۆز خىراجىتى بىلەن ئىللىنوس ۋە ئىندىئاننا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سايلام رىقابىتى توغرۇلۇق سەييارە نۇتۇق سۆزلىدى. ئەمما ۋىگچىلار ئىچىدىكى زور بىر تۇركۇم كىشىلەر خاررىسسونغا قارشى ئىدى، خاررىسسون ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى ھەرقانچە ماختىسىمۇ، قارشى تۇرغۇچىلار خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان بۇنداق ئادەمنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا يامىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلمىدى. زۇڭتۇڭ سايلىمى باشلانغاندىن كېيىن ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلىگەن خاررىسسون ھەيران بولغان ھالدا شۇنى بايقىدىكى، ئۇ مېنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھاكىمىيەت سورىشىمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ دەپ ئويلىغان ۋىگچىلار ئارىسىدا بىر تۇركۇم ئادەم نەيرەڭۋازلىق قىلىپ دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە باشقا پارتىيىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسى، ھازىرقى زۇڭتۇڭ جېكسوننىڭ ياردەمچىسى ۋان بورېنغا ئاۋاز بەرگەنىدى.

خاررىسسون بىرىنچى قېتىم سايلامدا يېڭىلدى!

1840 - يىل زۇڭتۇڭ سايلىمى يەنە يېتىپ كەلدى. بىر قېتىم يېڭىلىپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان خاررىسسون ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. چۈنكى ئۇ ئاتمىش يەتتە ياشقا كىرگەن، روھى چۈشكەن، ئىشەنچىسى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى رەقىبلەر بىلەن كۈچ سىنىشىدىغانغا رايى بارمىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز چېگرا رايون بېيىنتقا بېرىۋېلىپ، سايلام توغرىسىدىكى ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى خاررىسسوننى ئويلىدى! ئۇلار ۋىگ پارتىيىسى نەچچە قېتىملىق سايلام-

دا كەينى - كەينىدىن دېموكراتلار پارتىيىسىدىن يېڭىلىپ قالغاند-
لىقىنىڭ توپ سەۋەبىنى تەسىرى بار بىرەرىنى ئوتتۇرىغا چىقى-
رىپ كۈچى ناھايىتى زور دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن تىركەش-
مىگەنلىكىدىن كۆردى. 1836 - يىلىدىكى سايلامدا خاررىسسون
سايلامغا قاتناشقان بولسىمۇ، ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
ئىختىلاپ كۆرۈلگەچكە، دېموكراتلار پارتىيىسى ئارقا - ئارقىدىن
غەلىبە قىلدى. ۋىگ پارتىيىسى غەلىبە قىلىمىز دەيدىكەنمىز،
دېموكراتلار پارتىيىسى ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان جېكسوننى
ئوتتۇرىغا چىقارغاندەك بىزمۇ بىر ھەربىينى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى-
مىز كېرەك دەپ ھېسابلىدى.

«بىزنىڭ ئەڭ ياخشى نامزاتىمىز خاررىسسون!» 1839 -
يىل ئەتىيازدا ۋىگ پارتىيىسى زۇڭتۇڭ نامزاتى تاللىغان چاغدا
كۆپ سانلىقلار مەزكۇر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىدىن كلاي بىلەن
ۋىبستېرنى زۇڭتۇڭ ۋە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەت-
تى. ئەمما ئومۇمىيەتنى ئەلا بىلگەن كلاي كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى
رەت قىلىپ، ئوخىئو شتاتى بىننىستىدا پىنھان ياشاۋاتقان خاررىس-
سوننىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلى-
شىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ خاررىسسوننىڭ باش كۆتۈرۈپ چى-
قىشىغا يەنە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ، ئۇ ئۇرۇش-
لاردا تۆھپە كۆرسەتكەن ئوفىتسېر. ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ،
بىر قىسىم ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرسەك، ھاكىمى-
يەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋان بورېننى مەغلۇپ قىلالايمىز! — دېدى.

كلاي بىلەن ۋىبستېرنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى: خاررىسسون-
نىڭ ئۇرۇشتا ياراتقان ئاجايىپ تۆھپىلىرى بىلەن سايلامدا غەلىبە
قىلىپ، ئۇنى تەختكە چىقىرىپ ئۆز سەنىمىگە دەسسىتىش ھەم
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىدى. مەقسەت - مۇددىئا شۇنداق
بولغاچقا، ۋىگچىلار خاررىسسوننى كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نام-

ـزاتلىقىغا كۆرسىتىشكە بىر دەك قوشۇلدى.
سايلام رىقابىتىدە بىر قېتىم بۇرنىغا يەپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان خاررىسسون ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەھبەرـ ـرى كلايغا خۇرسىنىپ تۇرۇپ بېشىنى چايقاپ:
— سايلام رىقابىتىگە ۋىگ پارتىيىسىگە ۋەكىل بولۇپ باشقا بىرى قاتناشسۇن، مەن ياشىنىپ قالدىم ھەم كېسەلچان، مېنىڭ ئۇرۇشتا ياراتقان نەتىجىلىرىم قارا قورساق سايلىغۇچىلارنىڭ ماڭا بېلەت تاشلىشىغا ئاساس بولالمايدۇ. يەنە بىر قېتىم سايلامدا مەغلۇپ بولۇپ سالپىيىپ يۈرگەندىن كۆرە، چېگرىدىكى كىچىك بازار بېيىنتتا ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگىنىم ئەلا! — دېدى.
— ياق، پارتىيىنىڭ قارارىغا ئەمەل قىلىشىڭىز لازىم، — كلاي خاررىسسوننىڭ رەت قىلىشىغا قارىماي، ئۇنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، — سىزنىڭ زوڭتۇڭ بولۇشىڭىزـ ـغا كاپالەت بېرىمەن، بىز ۋان بورېننى مەغلۇپ قىلىدىغان مۇكەمـ ـمەل پىلاننى ئاللىبۇرۇن تۈزۈپ قويغان، — دېدى.
خاررىسسون يەنىلا بېشىنى چايقاپ خۇرسىنغان ھالدا:
— پۈتۈن كوچۇڭلار بىلەن تىرىشساڭلارمۇ بىكار، ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئادىمى ئاز، كۆچى چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ۋان بورېننىڭ دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن قانـ ـداقمۇ ئۈستۈنلۈك تالىشالايسىلەر؟ — دېدى.
— شىمالدا سايلىغۇچىلىرىمىز ھەقىقەتەن كۆپ ئەمەس، جەنۇبتىكى سايلىغۇچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈـ ـچۈن، پارتىيىمىز جەنۇبتا تەسىرى كۈچلۈك تايلور ئەپەندىنى مۇئاۋىن زوڭتۇڭ نامزاتى بولۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. بېرىلگەن ئاۋازنىڭ زوڭتۇڭلۇققا سايلىنىش ئاۋاز سانىغا يەتمەسلىكىدىن يەنە غەم قىلامسىز؟
خاررىسسون ئورۇنۇپ بېقىشنى لايىق تاپتى.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى بىر نۆۋەتلىك سايلام ئاخىر باشلاندى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان زۇڭتۇڭ ۋان بورېن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش سايلام رىقابىتىگە داغدۇغا بىلەن ئاتلانغانىدى. بىراق بېبىنتتا يالغۇز ياشاۋاتقان خاررىسسوندا سايلام رىقابىتى توغرۇلۇق سەييارە نۇتۇق سۆزلەيدىغان جاسارەت يەنىلا كەم ئىدى. ئۇ ھەتتا بىرەر پارچە نۇتۇق ئورگىنالىمۇ تەييارلىمىغانىدى. ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئىككى رەھبىرى — كلاي ۋە ۋىبىستېر ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇلار خاررىسسوننىڭ نۇتۇق ئورگىنالى يازمىغانلىقىنى ياخشى ئىش دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى ۋان بورېن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي كرىزىس توغرۇلۇق زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان ھەرقانداق بىرەيلەننىڭ قانائەتلەنگۈدەك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويالىشى تەس ئىدى. خاررىسسون سايلام رىقابىتى يىغىنىدا ھەربىيلەرگە خاس تەلەپپۇز بىلەن: «ناۋادا كۆپچىلىك مېنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىسا، ھەممە ئادەمنىڭ مائاشلىق بولۇشىغا، كالا گۆشى كاۋىپى يېيىشگە كاپالەتلىك قىلىمەن» دېگەندەك ئەمەلىي گەپنى قىلسىلا ئىش پۈتەتتى. دەرۋەقە، خاررىسسون كلاي قاتارلىقلارنىڭ لايىھىسى بويىچە سۆزلەپ سايلام رايونىدىكىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى!

ۋان بورېن بۇرۇنقى كونا ئۇسۇلى بويىچە ئۆزى يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىي پروگراممىدىكى قۇللار مەسىلىسى، باج مەسىلىسى قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ھەممە يەردە كۆرەڭلەپ نۇتۇق سۆزلىدى، ئەمما ئۇنۇمى دېگەندەك بولمىدى. ۋان بورېن خاررىسسوننىڭ سايلام رىقابىتىدە كىشىلەرنىڭ مايىللىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزى كونترول قىلىۋالغان ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق خاررىسسونغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى: «ئۇ گالۋاڭ قېرى، ئىخلاسى

قايتقان پېشقەدەم ھەربىي، ئۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى بىلمەيدۇ، چېگرىدىكى ياغاچ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئالما ھارىقى ئىچىشنىلا بىلىدۇ!» دېدى.

كلاي خاررىسسوننىڭ دەرغەزەپكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ:

— ۋان بورېن خاررىسسونغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ! چۈنكى سايلىغۇچىلار ئۇلار تەسۋىرلىگەن ئادەملەرنىڭ تەختكە چىقىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىزنىڭ ياغاچ ئۆيدە ئالما ھارىقى ئىچكىنىڭىز ئاشۇ سايلىغۇچىلارغا ئوخشاش غورىگىل ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىڭىزنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

خاررىسسون يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلەلمىدى.

كلاي قوماندانلىقىدىكى ۋىگ پارتىيىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رەقىبى ۋان بورېن ئۈستىدىن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ئۇنى: «ۋان بورېن ھەركۈنى بىكار يۈرىدۇ، خەلقنىڭ دەردىگە يەتمەيدۇ، كۈنلىرىنى ئاقسارايدا ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنىلا بىلىدۇ، ئۇ شامپان ئىچىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان دۆت!» دەپ ئەيىبلىدى.

ۋىگچىلار ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتتە: «ئالما ھارىقى ئىچىدىغان ئادەمنى نېمە ئۈچۈن سايلايمىز، شامپان ئىچىدىغان ئادەمنى نېمە ئۈچۈن تاللىمايمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى سايلىغۇچىلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋان بورېندىن سەسكىنىپ، كۆپىنچىسى خاررىسسونغا ئاۋاز بەردى. خاررىسسوننى كۆپ ئاۋازغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، كلاي ۋىگچىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ رىقابەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋان بورېن سەل قارىغان يېزىلارغا قاراتتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە قەغەزدىن يوغان شار ياساتقۇزۇپ، كەنتلەرنى ئارىلاپ: «قەغەز شارنى تاكى ۋاشىنگتونغىچە ئاپىرىمىز» دەپ شوئار توۋلاتقۇزدى، زوڭتوڭ سايلىمىغا قىلچە قىزىقمايدىغان دېھقانلارغا

ۋنگ پارتىيسىنىڭ سايلام رىقابىتىدە ئۇيلاپ تاپقان بۇ چارىسى يېڭىلىق تۇيۇلۇپ كەتتى، ئۇلار خاررىسسونغا كەينى ـ كەينىدىن بېلەت تاشلىدى. خاررىسسونغا بىر كۈن ئىچىدىلا تاشلانغان بېلەت بىر يۈز ئەللىك مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

خاررىسسون مۇشۇنداق قىلىپ كلاي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن زۇڭتۇڭلۇق تەختىگە چىقىپ قالدى، بۇنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ ياشىنىپ قالغان خاررىسسون ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن ۋىگ پارتىيسىنىڭ رەھبىرى كلاي قاتارلىقلارنىڭ پايدىلىنىدىغان سىياسىي قونچىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

## ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا سوغۇق تەگكۈزۈۋالدى

ئىككىنچى كۈنى مۇراسىم كۈنى ئىدى.

1841 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ، يېڭى زۇڭتۇڭ خاررىسسوننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىدىكى چىملىقتا ئۆز قەرەلىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى.

جەنۇبتىكى چىملىق ئاقسارايىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى كۆرىكەم قوبۇلخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. «زۇڭتۇڭ گۈللۈكى» دەپ ئاتالغان بۇ چىملىق ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ياپيېشىل كىمخابتەك كۆرۈنەتتى، تۆت ئەتراپىدىكى كۆككە بوي سوزغان ئارچىلار چىملىققا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. جېكسون ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللىرى گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر فونتان ياساتقانىدى، بۇ فونتان خاررىسسوننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ئالاھىدە ھۆسن قوشتى. فونتاندىن كۆتۈرۈلگەن سۇ تۇۋرۇكىدىن ئەتراپقا مەرۋايىتتەك سۇ تامچىلىرى چېچىلاتتى. كىشىنى ھايا-

جانغا سالىدىغان مۇڭلۇق «يۇلتۇز سىزىقلىق بايراق» مۇزىكىسى جەنۇبىي چىملىقتا ئورۇندالغان چاغدا توققۇزىنچى زۇڭتۇڭ خار-رىسسون ھەربىي فورما كىيگەن بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سەھنىگە چىقتى!

خاررىسسون ئاقسارايىنىڭ ئالدىنقى زالىدىن چىقىپ كېتىۋات-قاندا، مۇھاپىزەتچى كۆيۈنۈپ تۇرۇپ:

— زۇڭتۇڭ جانابلىرى، بۇگۈن ھاۋا بەك سوغۇق، پەلتو كىيىۋالغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى! — دېدى.

— ياق، كېرەك ئەمەس! — ھەربىي فورما كىيىپ ئادەتلەن-گەن، بۇگۈن بۇ ئادىتىنى بۇزۇپ بىر قۇر كۇل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان خاررىسسون پەلتونىڭ ئۆزىنى باشقىچە كۆرسىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، مۇھاپىزەتچىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلدى.

— ئەمىسە شىلەپە كىيىۋېلىڭ! تالادا يامغۇر يېغىۋا-تىدۇ! — دېدى مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭغا يەنە كۆيۈنۈپ.

— ياق، بولمايدۇ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن كىشى شىلەپە كىيسە، باشقىلارنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇ ھالدا قانداقمۇ زۇڭتۇڭغا ئوخشايمەن؟ — چېگرا شەھەر بېبىنتتا ئالما ھارىقى ئىچىپ، بولۇشىغا كۆن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن پېشقەدەم ئوفىتسېر خاررىسسون بۇگۈن بىردىنلا سىرتقى قىياپىتىگە دىق-قەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ سىلىق تارالغان چېچىنى قولى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ قويدى. مۇھاپىزەتچىنىڭ كۆڭلىنى رەت قىل-غان مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتىكى سەۋەنلىك بىلەن تولىمۇ تەستە كەلگەن زۇڭتۇڭلۇق ھاياتىنى تولىمۇ بالدۇر ئاخىرلاشتۇرىدى-غانلىقىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلغان دەيسىز.

ھۆرمەت توپى ئېتىلدى.

خاررىسسون ئۆمرىدە بۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. سىم - سىم يامغۇر يېغىپ تۇراتتى. سوغۇق شامال

يامغۇر تامچىلىرىنى دەممۇ دەم ئۇچۇرتۇپ كېلەتتى، تولۇق قو-
راللانغان ھۆرمەت قاراۋۇللىرى چاسا سەپ تۈزۈپ ھەيۋەت بىلەن
تۇرۇشاتتى. چىملىقنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىگە توختىتىپ قويۇلغان
ئون ئالتە زەمبىرەكتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىدىن يەر -
جاھان لەرزىگە كەلگەندى. رەتلىك كېيىنگەن يۈزلىگەن مېھمان
ئاقسارايىنىڭ پەلەمپىيىدە ھۆرمەت بىلەن تىك تۇرۇشاتتى. خار-
رىسسون بۇرۇنقى رەقىبى — چىرايىدىن پۇشايمان ئەكس ئېتىپ
تۇرغان زۇڭتۇڭ ۋان بورېننى كۆردى، توپنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ
تەختكە چىقىشىنى قوللىغان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن
ھېنرى كلاي بىلەن ۋېبىستېرمۇ بار ئىدى. مەرتىۋىلىك ئامېرىكا
سىياسەتۋازلىرى مانا ئەمدى ھۆرمەتتە تۇرۇپ ھاكاۋۇر ھەم قوپال
پېشقەدەم ھەربىي خاررىسسونغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى.
— ئەپەندىلەر، مەن بۇ يەردە قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇ-
رىمەن! — خاراكتېرى قوپال خاررىسسون ئامېرىكىنىڭ ھەربىي
ۋە سىياسىي ساھەسىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلار ئالدىدا كلاي يېزىپ
بەرگەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان ئۇزۇن نۇ-
تۇقنى ئوقۇۋاتاتتى.
ھۆرمەت توپى «گۈلدۈر، گۈلدۈر» قىلىپ ئېتىلىپ تۇرات-
تى. ھەربىر توپ ئېتىلغان چاغدا ئاقسارايدىكى چىملىق لەرزىگە
كېلەتتى. خاررىسسون شۇ تاپتا ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان
خۇشاللىقنى ھېس قىلىۋاتاتتى. لېكىن خاررىسسون بىردىنلا سو-
غۇقنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ دولىسىنى قورۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.
ئۇ شۇ چاغدىلا مۇھاپىزەتچىنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلغان
نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ شلەپە كىيىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان
قىلدى. ئۇنىڭغا ئەمدى چىشلىمەكتىن باشقا ئامال يوق
ئىدى. ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك سورۇندا ھەممە ئادەم زۇڭتۇڭغا
تىكىلىپ تۇرۇشاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، خاررىسسونغا ئىختىيارى
كېيىم يۆتكەيدىغان پۇرسەت يوق ئىدى. ئۇ نائىلاج بوغۇق ئاۋازى

بىلەن تولىمۇ ئۆزۈن يېزىلغان ۋەزىيە تاپشۇرۇۋېلىش نوتقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

— ئاساسىي قانۇندىن زۇڭتۇڭنىڭ قانۇن تۈرغۈزىدىغان قىسمەن ھوقۇقى بار دەپ بەلگىلەنگەن بىر ماددىنى تاپقىلى بولىدۇ دېگەن گەپنى مەن تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. پايتەختتە تۇرۇۋاتقان زۇڭتۇڭ خەلق ۋەكىللىرىگە يېقىنلىشىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى تېخىمۇ بىلەلەيدۇ دەپ قارالسا، ھەتتا مۇشۇنداق خىيالدا بولسا، بۇنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك. چۈنكى خەلقنىڭ بىۋاستە ۋەكىللىرى بىر مەزگىل خەلق ئارىسىدا ياشىشى، ئۇلار خەلق بىلەن مەنپەئەت، مەجبۇرىيەت ۋە ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئۈچ بەلۋاغ ئارقىلىق زىچ بىرلىشىشى كېرەك... ، — دېدى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چۈشەنچە بېرىپ.

يامغۇردىكى مۇراسىم كەيپىياتى سۇرلۇك ئىدى. تەختتىن چۈشكەن ۋان بورېن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ تۇراتتى. خاررىسسون ئۆزىنى ماختاپ، يەنە بىر ياقتىن تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن زۇڭتۇڭنى خەلقتىن ئايرىلدى دەپ ئاشكارا ئەيىبلەۋاتاتتى. ۋان بورېن خاررىسسوننىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. خاررىسسوننىڭ بۇنداق غەرەز ئۇقمايدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسا، ئالدىنقى بىرنەچچە زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش خاررىسسون ئاقسارايغا كىرگۈچە، ئاقسارايدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى، شۇنىڭدا خەلقنىڭ ئالدىدا بۇگۈنكىدەك ئىزاغا قالمىغان بولاتتى!

خاررىسسوننىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ يامغۇر ئارىلاش چىقىۋاتقان شامالدا توڭلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىدە بىر پارچە ئوت يالقۇنجايتتى. ئۇ خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئوتى ئىدى. ئۇ مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئامېرىكا تارىخىدا يېڭى ئېرا باشلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سايلامنىڭ بېشىدا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى مەسخىرە قىلغان

دېموكراتلار پارتىيىسىنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن ئىپتىخارلىناتتى.

— بەزىلەر سايلام رىقابىتىدە مېنى مەسخىرە قىلىپ زىتىمغا تېگىپ مۇنداق دېدى: خاررىسسونغا بىر تۈك كۈچلۈك ئالما ھارىقى بىلەن، ئېيىغا ئىككى مىڭ دوللار تۇرمۇش راسخوتى بەرسە، ئۇ ئۆمۈر بويى ياغاچ ئۆيىدىن چىقماي، ئوچاق تۈۋىدە ئەخلاق بىلەن پەلسەپە ئۆگىنىدۇ! — خاررىسسون ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش خىتابنامىسىنىڭ ئاخىرىدا دېموكراتلار پارتىيىسىنى مەسخىرە قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، ئۇ بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ تۇرۇپ، — مېنى قابىلىيەتسىز دېگەن ئاشۇ ئادەملەر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىسۇن، مەن ھەممىسىنى نائۈمىد قويىمەن. چۈنكى مەن بۇ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە ئامېرىكا خەلقىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىمەن!

چاۋاك ئاۋازلىرىنى يامغۇرنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى.

## ئاقساراي ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ قالدى

خاررىسسون ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش يۈزىسىدىن سۆزلىگەن نۇتقىدىكى تۇرلۇك ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپلا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كۈنى كەچتە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى!

ئاقسارايدىكى ئەمەلدارلار جىددىيلىشىپ پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى، توختىماي قىزىپ كېتىۋاتقان خاررىسسوننى دوختۇرلار جىددىي تەكشۈردى. ئوخىئو شتاتىدىن ۋاشىنگتونغا كېلىپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ بولغان خاررىسسون ئاقسارايىنىڭ سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا، يامغۇردا قې-

لىپ، يالاڭ كىيىنگەنلىكتىن ئۆزىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانىدى.

خاررىسسون باشتا بۇنىڭغا ئېرەن قىلمىدى. ئۇ نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى كۆرگەن مەندەك بىر گېنېرال ئۈچۈن زۇكام خەتەرلىك ياكى سالامەتلىكىمگە تەھدىت بولالمايدۇ دەپ قارىدى.

— ئەتراپىمغا ئولىشىۋالماڭلار! مېنى بۇ ئەرزىمەس كېسەل-لىك ھەرگىزمۇ يىقىتالمايدۇ، مېنىڭ سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى. مەن جاھان كەزگەن ھەربىي، نېمە كۈنلەرنى كۆرمىد-گەن؟ كىچىككىنە كېسەلگە مۇشۇنداق پاتىپاراق بولۇپ كېتەمسىد-لەر؟

ئاقسارايدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۈۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەر-دەك قوزغىلىپ كېتىشى خاررىسسونغا كۆلكىلىك تۇيۇلدى. ئۇ دوختۇر ۋە سېستراالارغا تېرىكتى. ئۇلارنى ئىشخانىسىدىن تېز-رەك چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. لېكىن دوختۇر - سېستراالار خاررىسسوننىڭ ھەيدىگىنىگە پەرۋا قىلماي يەنىلا ئىشخانىدىن چىد-قىپ كەتمىدى.

خاررىسسون ئامالسىز قالدى. ئاقسارايىنىڭ قائىدە - يوسۇنى ئالدىنقى نەچچە نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلاردىن قالغان، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قائىدە - يوسۇن ئىدى. خاررىسسون گەرچە كېسەل بولسىمۇ، ئۇنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ سا-لامغا كەلگەن رەھبەرلىرى كلاي بىلەن ۋىبىستېرنى قوبۇل قىلىپ تۇردى. ئۇ بۇ ئىككى شەپقەتچىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىشى زۆرۈر ئىدى، ۋىگچىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمىسا بول-مايتتى، خاررىسسون پات ئارىدا يولغا قويۇلىدىغان سىياسىي پرىنسىپلاردا كلاي ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى بولىدىغانلىقىغا بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلدى.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ئىككىڭلارنىڭ پىكرى ھەقىقەتەن ئوبدان ئىكەن! مەن ئىككىڭلارنىڭ پىكرىنى ئەلۋەتتە

ئەلا بىلىمەن، مېنى تەختكە چىقىرىپ، ھاكىمىيەتنى قولۇمغا تۇتقۇزغان ۋىگ پارتىيىسىگە ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن! — خاررىسسون ئاقسارايدىكى دوختۇرلارنىڭ داۋالىشىنى قوبۇل قىلغاچ، كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئىككىسىگە توختىماي ماقۇللۇق بىلدۈرەتتى.

— زۇڭتۇڭ جانابلىرى، داۋاملىق خىزمەت قىلىسىڭىز ھەم تىنىمسىز مېھمان قوبۇل قىلىسىڭىز بولمايدۇ. چۈنكى سىزنىڭ كېسىلىڭىز ناھايىتى ئېغىر، بىز دوختۇرلۇق مەجبۇرىيىتىمىز بىلەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمىزكى، بالدۇرراق ھۇجرىڭىزغا قايتىپ ئارام ئېلىڭ! ناۋادا كېسىلىڭىز بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتسە، بىز مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز! — دوختۇرلار خاررىسسون بېجىرىشكە تېگىشلىك بىر تالاي ئىشلارغا پەرۋا قىلمىدى، كاتىپلار زىچ ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن كۈندىلىك پائالىيەتلەر، ساناقسىز قوبۇل قىلىشلار بىلەنمۇ كارى بولمىدى، ئۇلار زۇڭتۇڭنى ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا، ھۆكۈمەتنىڭ تۈگىمەيدىغان ئىشلىرىنى ياۋاشلىق بىلەن بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىككىنچى قەۋەت شەرق تەرەپتىكى زۇڭتۇڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، دوختۇرلارنىڭ داۋالىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

كلاي بىلەن ۋېبىستېر داۋاملىق ئاقسارايغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇلار يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى كابىنېتىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرىنى تەلتۆكۈس تازىلاش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋان بورېن ۋە جېكسون تەشكىللىگەن ئىككى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى يوق ئىدى.

— ماقۇل، ماقۇل، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تىزىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىكەنسىلەر، مەن شۇ بويىچە قىلسام بولىدىغۇ! — خاررىسسون ماقۇل دېمەي ئۇلاردىن قۇتۇلالمايتتى،

چۈنكى ئۇ شۇ قېتىملىق سايلام رىقابىتىدىن تارتىپ ۋىگ پارتىيە-
سىنىڭ رەھبىرى كلاينىڭ قونچىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. خار-
رىسسونمۇ ۋان بورېن ئىشلەتكەن ھەرقانداق بىر ئەمەلدارنىڭ
ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. كلاي ۋە
ۋېبىستېر ئىشەنگەن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېتىغا كىرد-
شىگە قىل سىغمايتتى.

«دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنى قانداق قىلىمىز؟؟ بۇ ئىنتايىن
مۇھىم نامزات!» خاررىسسون ئاقسارايغا كىرىپ بەشىنچى كۈنى
ئاخىرى ئاقسارايدىكى دوخــتۇرلارنىڭ نــەسىھىتىگە كىرىپ، قا-
تىلاڭچىلىققا تولغان ئېللىپىس شەكىللىك ئىشخانىدىن ھۇجرىسى-
غا قايتتى. ھەرقانداق كېسەللىكتىن قورقماي كەلگەن خاررىس-
سون بۇ قېتىم ئىختىيارسىز يىقىلدى. ئۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى،
سوغۇق تەرلەپ تۇراتتى. تۇرۇپلا مۇزلاپ لاغىلداپ تىترەپ،
تۇرۇپلا قىزىپ تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتى. خاررىسسون ئاخىر
چىدىمىدى. ئاقسارايدىكى دوختۇرلار بەك قورقۇپ كەتتى، ئۇلار
زۇڭتۇڭغا ئەڭ يېڭى دورىلارنى ئىشلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ كېسىلى
تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. خاررىسسون ھۇجرىسىدا ئو-
رۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. كلاي بىلەن ۋېبىستېر زۇڭتۇڭنىڭ
ھۇجرىسىدا، ئۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى نامزاتى توغ-
رىسىدا ئاخىرقى قېتىم مەسلىھەتلەشتى.

— دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ... بۇ ... بۇ ...، — ئاتاقتا
زۇڭتۇڭ بولۇشقا رازى بولغان خاررىسسون ۋىگچىلاردىن كىمنىڭ
دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىگە خېلى-
دىن بېرى كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. خاررىسسون
يوتقاندا تۇگۇلۇپ ياتقان پېتى تىترىكىنى باسالماي كلاي بىلەن
ۋېبىستېرنىڭ چىرايىغا قاراپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — ئۆزۈڭلار ...
بېكىتىڭلار! كلاي ئەپەندى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان بول-
سا، قالتىس بەلەن ئىش بولاتتى! ...، — دېدى.

كلاي بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ مۇرادى ئاللىقاچان چېچەك ئاچقانىدى. گەرچە ئۇ ئىچكى كابىنېتقا كىرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ زور بىر تۈركۈم چاپارمەنلىرىنى خاررىسوننىڭ نامىدىكى ھۆكۈمەت كابىنېتىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. كلاي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرسىلا بولاتتى. ئۇ خاررىسونغا:

— مېنىڭ كابىنېتقا كىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا پارلامېنتنى كونترول قىلالايمەن! پارلامېنتتا مەنلا بولسام، زۇڭتۇڭنىڭ پەرمانلىرى پارلامېنتتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ…، — دېدى.

— شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغۇدەك! — خاررىسون گاراڭ ھالەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ كلاينىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى ھەم ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ، — لېكىن، كىم دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولىدۇ؟…، — دېدى.

— ۋېبستېر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ نۆۋەتتە ۋىگچىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلدىكىدەك ۋەزىپىگە قويۇلمىغان بىردىنبىر ئادەم! — كلاي خاررىسوننىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەيلا ۋىگچىلەرنىڭ يەنە بىر باشلىقى ۋېبستېرنى كۆرسەتتى.

— بولىدۇ، بولىدۇ! ئۇنىڭدىن باشقا ئوبدان نامزات تېپىلمايدۇ. ۋېبستېرنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىغا قوشۇلىمەن! — خاررىسون زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ۋېبستېرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن كلايدىن ئاز كۈچ چىقارمىغانلىقىنى بىلەتتى. ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئۇ كلاي كۆرسەتكەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى نامزاتىغا دەرھال ماقۇل بولدى.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يەنى خاررىسون زۇڭتۇڭ بولۇپ ئونىنچى كۈنى، يېڭى ئىچكى كابىنېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىكى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. خاررىسون ئاقسارايدىكى مۇھىم

ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان هالدا ئىدى. ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ هەر ئاخشىمى قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئۇخلىيالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قاتتىق يۆتىلەتتى. خاررىسسون هېچقاچان كېسەلگە بوزەك بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى، ئەمما بۇ قېتىم كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولدى. خاررىسسون هاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان بىر تالاي پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى دۆلەت پارلامېنتىنىڭ ئالاهىدە يىغىنىنى چاقىرىش هەققىدە كلاي بىلەن بۇرۇنلا كېلىشكەنىدى. خاررىسسوننىڭ كېسىلى كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن بۇ ئىشلارنى هازىرچە ئەمەلگە ئاشۇرماق تەس ئىدى. ئاقسارايدىكى دوختۇرلار يېڭى داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، ئەڭ يېڭى دورىلارنى ئىشلەتتى، بىراق كار قىلمىدى. ئۇلار ئاخىر خاررىسسوننى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپتۇ دەپ دىئاگنوز قويۇشتى. ئۆپكە كېسىلى شۇ يىللاردا دوختۇرلارنىمۇ قورقۇتىدىغان ساقايماس كېسەل ئىدى!

كلاي بىلەن يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋېبستېرنىڭ پايپېتەك بولۇشۇپ جېنى چىقتى. ئۇلار دەسلەپتە گالۋاڭ ۋە يارامسىز پېشقەدەم هەربىي خاررىسسوننى تەختكە يۆلەپ چىقىرىپ، ۋىگ پارتىيىسىنىڭ مۇهاپىزەت كۈنلۈكى قىلماقچى بولغانىدى، چۈنكى خاررىسسونغا ئوخشاش ئادەملەر ئارقىلىق ۋىگ پارتىيىسى ئالدىن پىلانلىغان نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. ئەمما ئۇلار بۇرۇن ئاجايىپ قاۋۇل خاررىسسوننىڭ ئاقسارايغا كىرىپ ئەتىسلا ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغاندى. ئۇنىڭ كېسىلىگە دوختۇرلار ئامال قىلالمىدى، دورىلارمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. ئاتمىش سەككىز ياشلىق خاررىسسون تەرەپبال قازا قىلىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ۋىگ پارتىيىسىنىڭ تالاي ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنىڭ ئىشقا ئاشمىقى ناتايىن ئىدى. كلاي ۋە ۋېبستېر

نەزىرىنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جون تايلورغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى.

«ئاناڭنى، زۇڭتۇڭ بولالماي قېلىۋاتىمدۇ، تايلور دېگەن بۇ ئەبلەخ تا ھازىرغا قەدەر ئاقسارايغا كېلىپ ۋەزىپىدە ئولتۇرمىدى، ۋىگ پارتىيىمىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى شۇنىڭغا تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولارمۇ؟» كلاي خاررىسوننىڭ يېنىدىن چىقتى، ئۇنىڭ قەلبىگە شۇ تاپتا ھەسرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ھۆكۈمران ئىدى. ئاقسارايدىكى دوختۇرلار ئىزچىل جان كۆيدۈرۈپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. ئەمما كېسەلدە ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى. ئۆپكە ياللۇغى ئاقسارايدىكى دوختۇرلار بىلەن ۋىگ پارتىيىسىنى گۈللەندۈرۈش خىيالىدا يۈرگەن ئەمەلدارلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان جاھىل كېسەل بولۇپ قالغانىدى. كلاي بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋېبستېر ۋاشىنگتوندىكى دوختۇرخانىلارنىڭ پۈتكۈل داۋالاش كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان زۇڭتۇڭنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇنى داۋاملىق ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قونچىقى قىلماقچى بولۇشتى، بىراق بۇ چاغدا خاررىسون سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى.

ۋېبستېرمۇ مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدى. ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ، قوللىرىنى يېيىپ ئۆزىنىڭ چارىسىزلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ كۆك زالدا كلايغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ھەسرەت بىلەن:

— تايلور مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان بولسىمۇ، ۋىلىيامسبۇرگتىكى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، تېخىچە ۋەزىپىگە ئولتۇرمىدى. ناۋادا خاررىسون ھەقىقەتەن ساقىيالماي قالسا، تايلورغا ئىشەنگىلى بولارمۇ؟ — دېدى.

كلاينىڭ كۆڭلىدىمۇ سان يوق ئىدى. تايلورنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان خاررىسونغا ئوخشاش ئۇلار نېمە دېسە، ھە دەيدىغان ئادەم ئەمەسلىكى كلايغا مەلۇم ئىدى. تايلور غەلىتە

مىجەزلىك، ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئادەم ئىدى. ئۇمۇ ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى، لېكىن باشتىن ـ ئاياغ كلاي قاتارلىقلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي كېلىۋاتاتتى. تايلور جەنۇبتا سايلام بېلىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇ قېتىملىق سايلام رىقابىتىدە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ خاررىسوننىڭ سايلام رىقابىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئەھۋال ئىدى. مانا ئەمدى خاررىسون ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئىستىقبالىنى قېلىن تۇمان باستى.

دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ۋېلىيامىسبۇرگقا دەرھال ئادەم ماڭدۇرۇپ، خاررىسوننىڭ كېسىلىدىن بىخەۋەر يۈرگەن تايلورنى چاقىرتىپ كېلىپ، چوڭ پىلانلار توغرۇلۇق بىللە ئولتۇرۇپ كېڭەشنى تەشەببۇس قىلدى.

— ياق، زۇڭتۇڭنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا دېمەي تۇرايلى! زۇڭتۇڭ ھالقىلىق پەيتتە ئەجەل ئاغزىدىن قايتىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس! — تايلوردىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتقان كلاي خاررىسوننىڭ ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى، سىياسىي قارا نىيەت تايلورنىڭ بۇ ئىشتىن تولىمۇ بالدۇر خەۋەر تېپىپ قېلىشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلمايتتى.

— ماقۇل! خاررىسوننى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قۇتقۇزايلى! — كلاينىڭ تەشەببۇسىغا ۋېبستېرمۇ قوشۇلدى.

بىراق، مۆجىزە يۈز بەرمىدى.

خاررىسوننىڭ كېسىلى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. ھەرقانداق دورا ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېرىم كېچە بولغان چاغ ئىدى. خاررىسوننىڭ ساناقلىقلا مىنۇتلىرىنىڭ قالغانلىقى ھەممىگە

ئېنىق ئىدى، كېچە تەڭ يېرىم بولغاندا، تالاي كۈن بىھوش ياتقان خاررىسسون بىردىنلا ئالامەت سەگەكلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇش ئوتى يالقۇنلىرىنى، جەسەت ۋە قىپقىزىل قانلارنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن كۆزلىرى ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىغا تىكىلدى. خاررىسسون ناھايىتى تېزلا كلاي بىلەن ۋىبستېرنى تونۇدى، ئۇ ئۆزىنى بار كۈچى بىلەن ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىنىڭ چوققىسىغا چىقىرىپ قويغانلىقىغا رەھمەت ئېيتقاندەك ئۇلارغا قاراپ كۈلدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاق خالات كىيگەن دوختۇرلارنىڭ كەينىدە تۇرغان — چېكىلىرىنى قىرو قاپلىغان چوڭ ياشلىق ئايالدا توختىدى.

بۇ ئايال ئۇنىڭ خوتۇنى ئاننا سىمىس ئىدى. خاررىسسون كۆزلىرىگە شۇئان ياش ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. ئۇ خۇددى ئاننانىڭ قولىنى تۇتماقچى بولغاندەك تىترەپ تۇرغان قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، لېكىن تۇتالمىدى. ئۇ قورۇلۇپ قالغان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ «ئاننا» دەپ توۋلىماقچى بولدى، لېكىن توۋلىيالمىدى. خاررىسسون سەكرات ئۇستىدە يېتىپ كۆز ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ ئاق چاچلىق ياشانغان ئايال بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن مۇھەببەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ ئارمىيىدە ھېچقانداق نامى چىقمىغان ئادەتتىكى بىر ئەسكەر چېغىدا، سۈرەتتەك چىرايلىق ئاننانىڭ نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە يەر ـ زېمىنغا ئىگە تەلەپچان ھەم مەرتىۋىلىك سودىيە دادىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي كۆزىنى يۇمۇپ ئۆزىگە تەگكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئىككىسى شۇنىڭدىن تارتىپ بىر ـ بىرىگە ئېجىل بولۇپ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. خاررىسسوننىڭ ئانناغا يۈز كېلەلمەيدىغان يېرى شۇكى، ئىلگىرى ئاننا ئېرىنى جەڭدە ئۆلۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ھاراققا ئامراق خاررىسسون پات ـ پاتلا

مەست بولۇۋېلىپ قۇرۇق بوتۇلكا بىلەن خوتۇننى ئۇراتتى. بەزىدە ئانىنانىڭ باش - كۆزى قان بولۇپ كېتەتتى. ئانىنا ئۇنى تىللىمايتتى ھەم يىغلىمايتتى، چىشىنى چىشلەپ تۇراتتى. ئۆمرى جەڭ مەيدانلىرىدا مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن خاررىسسون جاپانىڭ تېگى ئالتۇن دېگەندەك ۋىگ پارتىيىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئاخىر ئاقسارايىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. ئانىنامۇ قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلەپ ھەممە كىشى كۆز تىكىدىغان ھۆرمەتلىك خانىم بولۇپ قالدى. جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ كەلگەن بۇ ئەر - خوتۇنلار بەخت - تەلەيىنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان مۇشۇنداق بىر چاغدا، خاررىسسوننىڭ مۇدھىش كېسەلنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى!

خاررىسسوننىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

1841 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەھەر سائەت ئۈچ يېرىملار بىلەن ۋىلىيام خېنرى خاررىسسون ئاخىر جان تەسلىم قىلدى!

ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ئارىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇددىتى ئەڭ قىسقا زۇڭتۇڭ. ئۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى، بېشىدا ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئۇنىڭدىن ھەسرەتلىك خۇرسىنىش قالدى.

## ئونىنچى باب

# رىچموندتىكى كىچىك مېھمانسارايدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن يولۇچى

## — ئونىنچى زۇڭتۇڭ جون تايلور



جون تايلور 1790 ـ يىل 3 ـ ئاي-
نىڭ 29 ـ كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتى-
نىڭ چارلېس بازىرىدا تۇغۇلغان. بو-
ۋىسى شۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ ئېكىن-
زارلىقنىڭ خوجايىنى، دادىسى مەش-
ھۇر ئادۋوكات؛

1807 ـ يىلى ۋىلىيام خاۋارد ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، دادىسىغا ئەگىشىپ ئادۋوكاتلىقنى ئۆگەنگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن ئادۋوكاتلىق سا-
لاھىيىتىگە ئېرىشكەن، چارلېس باز-
ىرىدا ۋۇۋىسكا ئېسىپ تىجارەت باشلى-
غان؛

1811 ـ يىلى ۋىرگىنىيە شتاتى پارلامېنتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1813 ـ يىلى خرىستىئان خېنىم بىلەن توي قىلىپ، ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنت كۆرگەن؛

1816 ـ يىلى ۋىرگىنىيە شتاتى ھۆكۈمەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ

ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان. ياندۇرقى يىلى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1828 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسى پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سايلام رىقابىتىدە جېكسوننىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشىنى ئاكتىپ قوللىغان. جېكسون تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن جەنۇبتىكى قۇللۇق تۈزۈمنى قوغداش مەسىلىسىدە جېكسون بىلەن پىكىر ئىختىلاپى يۈز بەرگەچكە، 1836 ـ يىلى ئاۋام پالاتا ئەزالىقىدىن ئىستېپا بەرگەن، جېكسوننىڭ دېموكراتلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ۋىگ پارتىيىسىگە كىرگەن؛

1836 ـ يىلى ۋىگ پارتىيىسى تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەمما سايلامدا جېكسون تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان؛

1839 ـ يىلى يەنە ۋىگ پارتىيىسى تەرىپىدىن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن ھەمدە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛

1841 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، زۇڭتۇڭ خاررىسسون ئاقسارايدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تايلور 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەسەم بېرىپ ئامېرىكىنىڭ ئونىنچى زۇڭتۇڭى بولغان؛

1845 ـ يىل 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ ۋاشىنگتوندىن يۇرتىغا قايتقان؛

1862 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن مېھمانسارايدا ۋاپات بولغان.

## قارلىق كېچىدە چۈشكۈن قىلغان سىرلىق مېھمان

1862 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ مەركىزى رىچموند.

ئۈچىسىغا قارا سوكنا پەلتو، بېشىغا مۇتىۋەرلەرنىڭ شلەپىسىنى كىيگەن بىر بوۋاي ئەينەكلىك پەيتۇندىن دەلدەڭشىپ چۈشتى. بۇ ئېگىز بوي ئورۇق بوۋاينىڭ مەڭزى ۋە چېكىلىرىگە چوڭقۇر قورۇقلار چۈشكەنىدى. بىرلا قاراپ ئۇنىڭ ئاجايىپ قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى

بولاتتى، ئۇنىڭ ئىسمى جون تايلور ئىدى!

تايلور دېگەن بۇ ئىسىمنى يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى، لېكىن ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى قېرىپ دەرمانسىدىن كەتتى، ئۇ گويا ھازىر يەر ئاستىدا ئۇزۇن يىل كۆمۈلۈپ يېتىپ ئاپتاپ كۆرمىگەن ئاسارئەتىقىگە ئوخشاپ قالغانىدى، قار - شىۋىرغاندىلىق بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز رىچموند كوچىسىدا پەيدا بولۇپ قالدى. يەتمىش بىر ياشقا كىرگەن تايلور گۈگۈم قويىنىدا ياتقان، بۇرۇن ئۆزىگە شۇنداق تونۇشلۇق بۇ كوچىنى پەرق ئېتەلمىدى.

— دادا، بۈگۈن ئاخشام نەگە چۈشكۈن قىلىسىز؟ — دېدى ئۇنى شتات مەركىزىگە ئەكېلىپ قويغىلى كەلگەن ئوغلى مېئاكېر، مېئاكېرنىڭ ئوڭ قولىدا چامادان بار ئىدى. چامادانغا تايلورنىڭ سەپەر داۋامىدا يۆتكەيدىغان كىيىم - كېچەكلىرى ۋە كۈندىلىك بۇيۇملىرى قاچىلانغانىدى.

— مېئاكېر، مەن قېرىپ كەتتىم، كۆزلىرىممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، مۇشۇ كوچىنىڭ بېشىدا پېئىر ناملىق بىر مېھمانساراي بارلىقى يادىمدا! بۈگۈن ئاخشام قار يېغىۋاتىدۇ، ئاۋۋال بىرەر مېھمانساراي تېپىپ جايلىشىۋالايلى! — تايلورغا بوران ئەدەپ ھاۋامۇ بارغانسېرى تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قار يېغىۋاتقاچقا، كوچىلار قار ئاستىدا قالغانىدى. تايلور قېلىن قاردا كېلەڭسىز قەدەملىرىنى تاشلاپ سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، سوغۇق شامالدىن دالدىلىنىش ئۈچۈن پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالدى.

— دادا، ئېھتىيات قىلىڭ، تېيىلىپ يىقىلىپ كەتمەڭ يەنە! — مېئاكېر ناھايىتى ئەقىللىق بالا ئىدى، دادىسى قېلىن قاردا پۇتلىرىنى تولىمۇ تەستە يۆتكەپ مېڭىۋاتاتتى، ئۇ تۇيۇقسىز دەلدەڭشىپ كېتىپ يىقىلىپ كەتكىلى قىل قالدى. مېئاكېر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاجىزلاپ كەتكەن تايلورنى يۆلىۋالدى.

تايلور چۈشتىن كېيىن رىچموند بىلەن ئارىلىقى يۈز چاقىرىم كېلىدىغان يۇرتى — چارلېستىكى داچىسىدىن يولغا چىققانىدى. شۇ چاغدا ھاۋا گەرچە بۇلۇتلۇق بولسىمۇ، قار ياغمىغانىدى. بۇنداق سوغۇق شىمال شامىلى چىقىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى. شۇڭا ياش ھەم چىرايلىق ئايالى ئۇنى رىچموندقا بېرىشتىن توسقاندا، تايلور قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىق سۆز-لەر بىلەن رەت قىلدى. چۈنكى تايلور ئەتىسى رىچموندتا ئۆمرى-نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان چوڭ بىر ئىشقا ئىشتىراك قىلماقچىدى — «جەنۇب فېدېراتسىيە-سى» نىڭ پارلامېنتى ئەزاسىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنمەكچىدى. پارلامېنت ئەزاسىلىق ۋەزىپىنى سىياسىي سەھنىدە مۇھىم ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان ئەمەلدارلار كۆزگە ئىلىپمۇ قويۇشمايتتى. بىراق تايلور ئىسمى بار، جىسمى يوق بۇ ۋەزىپىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېرىشكەن كاتتا شان - شەرەپ دەپ بىلەتتى، بۇ ھەتتا ئۇنىڭ سىياسىي ئىشلار بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىدىكى يەنە بىر نۇرلۇق مەن-زىل ئىدى!

— تايلور، مۇشۇنداق جۇدۇنلۇق كۈندە رىچموندقا بېرىشى-ڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ جەنۇب فېدېراتسىيىسى پارلامېنت ئەزاسى بولۇشنى شۇنداق چوڭ بىلەمسىز؟ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم تۇرۇپ بۇنچىلىك قىلىپ نېمە كې-لىپتۇ؟ — خوتۇنى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى. ئاپئاق، قېلىن قارنى كېچىپ كېلىۋاتقان تايلور ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ ھاۋانىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ سوغۇق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۇ-مىدسىزلەنمىدى ياكى پەرىشان بولمىدى. چارلېستىكى قورۇقىد-دىن يولغا چىققان چاغدا خوتۇنى جۇلىيەنىڭ كوتۇلداپ ئۇنى سەپەرگە چىقىشتىن يالتايتماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشكەن ھەم ساھىبجامال خوتۇنىغا مۇنداق

جاۋاب بەرگەنلىكى ھېلىمۇ يادىدا ئىدى:

— سىز نېمىنى بىلىسىز؟ مەن ئاقسارايدىن 1845 - يىلى ئايرىلدىم، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى! شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدىم، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ مېنى تونۇمايدىغانلىقىنى دېمەي تۇرايلى، سىياسىي سەھنىدىكى ئەمەلدارلارمۇ مېنى بارا - بارا ئۇنتۇپ كېتىشكە باشلىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە جەنۇب فېدېراتسىيىسى سايلىمىدا ھەرھالدا بىرى مېنى يادىغا ئاپتۇ. شۇنداق بولغانىكەن، مەن نېمىشقا پارلامېنت ئەزاسىلىقىغا تەيىنلىنىشتەك بۇ غەنىيمەت پۇرسەتتىن يەڭگىللىك بىلەن ۋاز كېچىدىكەنمەن؟

تايلور ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ سىياسىي ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تەقدىرى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن توققۇز زۇڭتۇڭنىڭ تەقدىرىدىنمۇ ناچار چىقىپ قالدى. ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر كەينى - كەينىدىن ئالمىشىپ تۇردى، مەيلى كىم زۇڭتۇڭ بولمىسۇن چارلېس بازىرىنىڭ سىرتىدىكى داچىدا تۇرۇۋاتقان تايلور ئۇلارنىڭ يادىغا كەلمىدى. ئۇنى نۇتۇق سۆزلەشكە پارلامېنتمۇ تەكلىپ قىلمىدى، بىرەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىمۇ چارلېستىكى داچىغا كېلىپ سابىق زۇڭتۇڭ تايلوردىن چوڭ ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەت سورايمۇ دېمىدى. قېرىپ ھالىدىن كېتەي دېگەن چاغدا چۈشكۈنلەشكەن تايلور سىياسىي سەھنىدىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى؛ ئۇ مەنئۇى ئازابقا چىدىمىدى، ئامېرىكىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا مەيلى قايسى پارتىيە - گۇرۇھ چىقمىسۇن، ئۇنى سۆكمەيدىغىنى ھەم تىللىمايدىغىنى يوق ئىدى، چۈنكى تايلور ئۆزىنىڭ بۇرۇن پارتىيە - گۇرۇھلارغا ئويناشقاندەك مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ باشتا دېموكراتلار پارتىيىسىگە كىردى، بۇ پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىپ ۋىگ پارتىيىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن

ۋىگ پارتىيىسى ئۇنى پارتىيىدىن چىقىرىۋەتتى. تەختتىن چۈش-
كەن تايلور بۇ ئىشلارنى ئويلىغىنىدا ئازابلىنىپ كېتەتتى.

جۇدۇندا كېتىۋاتقان تايلور ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «شۇ
چاغدا نېمىشقا ئۇنداق كاجلىق قىلغاندىمەن؟ كلاينىڭ تەكلىپىنى
ئاز - تولا قوبۇل قىلغان بولسام، ۋىگ پارتىيىسىدىن ھەيدەلمى-
گەن بولارئىدىم؟» 1841 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى زۇڭتۇڭ
خاررىسسون ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئالىي ھوقۇ-
قىنى قولىغا ئېلىش خىيالى يوق تايلور ۋىلىيامىسبۇرگدىكى داچى-
سىدىن ئالدىراش ۋاشىنگتونغا كېلىپ، ناھايىتى تېزلا ئاقسارايدا
قەسەم بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئونىنچى زۇڭتۇڭى بولدى. تايلور
ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولغان چاغدا جاھىل خاراكتېرىنى بىر مەز-
گىل ئاشكارىلىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ۋىرگىنىيە شتاتىدا
مەشھۇر ئېكىنزار خوجايىنى ئىدى. شۇڭا ئادۋوكاتلىقتىن كېلىپ
چىققان ئاۋام پالاتا ئەزاسى تايلور سىياسىي ھاياتىدا خېلى بۇرۇنلا
جەنۇبتىكى قۇلدارلارنى قوغدايدىغان جاھىل مەيدانىنى ئىپادىلەپ
كەلگەنىدى.

تايلور دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە زۇڭ-
تۇڭ جېكسوننىڭ تەختكە چىقىشىنى ئاكتىپ قوللىغانىدى. لې-
كىن جېكسون ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن جەنۇبتىكى
قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ئاتالمىش «ھەربىي كۈچ قانۇن
لايىھىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغاندا، تايلور ئوچۇق - ئاشكارا مەيدان-
غا چىقىپ زۇڭتۇڭ جېكسون بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇردى.
ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى جېكسون قوبۇل قىلمىدى، تايلور غەزەپلەن-
گەن ھالدا ئۆز ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۇرەلمەيدىغان ئاۋام پالاتا
ئەزاسلىقىدىن ئىستېپا بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
دېموكراتلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىقتى.

— ئەگەر ۋىگ پارتىيىسى ھەقىقەتنى ياقىلايدىغان، مې-
نىڭ پىكرىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولسا، مەن پارتىيىگىلەرگە

كىرىشنى خالايمەن! — ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقان جېكسون بىلەن ۋان بورىنغا ئۆچ تايلور ئادىمى ئاز ھەم تەسىر كۈچى يوق ۋىگ پارتىيىسىنىڭ رەئىسى كلايدىن ئۆز رازىلىقى بىلەن پاناھلىق تىلىدى.

كلاي تەسىرى بار سىياسەتچىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ تايلورغا ۋەدە بېرىپ:

— سىزنىڭ پىكرىڭىزگە ئەلۋەتتە ھۆرمەت قىلىمىز ھەم سىزنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىمىز! — دېدى.

كلاي ۋە ۋىگچىلەر تايلورنى قىزغىن قارشى ئالدى. تايلورنىڭ جەنۇبتىكى ئون بىر شتاتتا ناھايىتى كۆپ سايلىغۇچىلارغا ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى. تايلور مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋىگ پارتىيىسىگە قارىغۇلارچە كىرىپ قالغانىدى.

كلاي ۋەدىسىدە تۇردى، ئۇ 1840 - يىلى دەرۋەقە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا كۆرسىتىلدى. تايلور خاررىسسون ۋاپات بولۇپ ئۇنىنچى زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ ئەينى چاغدا ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلغان كلايغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى چىقتى، كلاي قاتارلىقلارنىڭ پارلامېنتقا سۇنغان تەكلىپلىرىنى تالاي قېتىم رەت قىلىۋەتتى، كلاي ۋە ۋىگ پارتىيىسى ئۇنىڭدىن بۇنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ ھوقۇق تۇتقان بىرقانچە يىل ئىچىدە كلاي باشچىلىقىدىكى ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ھەرقانداق بىر تەكلىپىنى زادىلا قوبۇل قىلمىدى. بۇ ئىشلاردىن ئاچچىقى كەلگەن كلاي ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان تايلورنى ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ۋىگ پارتىيىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. تايلور شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق سىياسىي پارتىيە قوللىمايدىغان يەككە - يېگانە ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ ئون نەچچە يىلدىن كېيىن قېرىپ ماغدۇرى قالمىغان تايلور ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئۆزى بىلەن كلاي ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن توقۇنۇشنى ئويلىسىلا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى! ناۋادا شۇ

چاغدا كىلاي ۋە پارلامېنت بىلەن مۇناسىۋەتنى مۇشۇنداق قاتماللاش-
تۇرۇۋەتمىگەن بولسام، بۈگۈنكىدەك ھېچكىمنىڭ كارى يوق
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم! خېلىدىن بېرى ھېچقانداق
پارتىيە ۋە گورۇھقا ئارىلاشماي كېلىۋاتقان بۇ ئادەم ناھايىتى
تەستە «جەنۇب فېدېراتسىيىسى» بىلەن ئالاقە ئورناتتى. يېقىندا
«جەنۇب فېدېراتسىيىسى» چارلېستا پىنھان ياشاۋاتقان تايلورنى
پارلامېنت ئەزاسىلىقىغا سايلىدى. يېزىدا ئۆزۈندىن بۇيان كۈنلى-
رىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئۆزى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق
تايلورغا پارلامېنت ئەزاسىلىق مەنسىپى تۇتىيا بىلىنىپ كەتتى.
شۇڭا ئۇ جۇدۇن - چاپقۇنغا، ئاچچىق سوغۇق شامالغا قارىماي
شۇنچە يىراق مۇساپىنى بېسىپ رىچموندقا ئالدىراش يېتىپ كەل-
دى. تايلور ئەتە قار توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ كېتىدۇ، «جەنۇب
فېدېراتسىيىسى» تەرىپىدىن يېڭى سايلانغان پارلامېنت ئەزاسى
سۈپىتىدە، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بو-
لۇش مــەن ئۈچۈن نەقەدەر شەرەپلىك ئىش - ھە؟! دەپ ئويلايت-
تى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ قەدىمىنى بىردىنلا تېزلەتتى!
— مۇشۇ يەرگە چۈشىمىز، مۇشۇ يەرگە چۈشىمىز! — دېدى
تايلور كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىكى «پېئىر» ناملىق چاققانغىنە
مېھمانسارايىنى كۆرۈپ. ئۈچ قەۋەتلىك بۇ مېھمانسارايىنىڭ ئالدى
تەرىپى چوڭ ھەم كۆركەم بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تىنچ ئىدى.
تايلور تەختتىن چۈشۈپ ۋاشىڭگتوندىن قايتاردا مۇشۇ مېھمانسا-
رايغا چۈشكەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا تەختتىن چۈشكەن تەقدىردىمۇ،
نېمىلا دېگەنبىلەن زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم بولغاچقا، ۋىرگىنىيە
شتاتى مەركىزىدە كاتتا مېھمانسارايلارغا چۈشسە بولاتتى. لېكىن
غۇرۇرى كۈچلۈك تايلور كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈ-
چۈن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان ئاددىي مېھمانسارايغا چۈ-
شۈشنى خالىدى. شۇ ئىشلارغا ئون نەچچە يىل بولدى، ئۇ ۋىرگى-
نىيە شتاتى مەركىزى — رىچموندقا يېڭىۋاشتىن كېلىپ، شۇ

چاغدىكى تىنچ «پېئىر» مېھمانسارىيىنى يەنە ئەسكە ئالدى.
دادا ـ بالا ئىككىسى ئۇستۇېشىدىكى قارلارنى قېقىشتۇرۇپ، يولۇچىلار ناھايىتى ئاز چۈشىدىغان مېھمانسارايغا كىردى، مېھمانساراي ئىللىق ئىدى. لېكىن تايلورنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، چۈنكى مېھمانسارايىنىڭ تايلورغا تونۇش خوجايىنى ئۆلۈپ كەتكەندى، ئۇلارنى سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك بىر ئايال كۈتۈۋالدى، ئۇ بۇرۇنقى خوجايىنىنىڭ قىزى بولسا كېرەك! قىسقىسى، مېھمانسارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قارلىق كېچىدە كەلگەن بۇ بوۋاينى تونۇمايتتى. ئالدىدا تۇرغان بۇ بوۋاينىڭ ئەينى يىللاردا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن ئامېرىكا زوڭتۇڭى ئىكەنلىكىنى ئايال خوجايىن ئەلۋەتتە بىلمەيتتى!

## كۈچلۈك ھاراقنى كۆپ ئىچىپ مېخىسىغا قان چۈشتى

تايلور ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مېئاكېر ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزىسى كوچىغا قارايدىغان ياتاققا ئورۇنلاشتى. «بەللى، بەلەن بولدى! بۇ يەردە مېنى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ يوق بولۇشى بەك ياخشى بولدى!» تايلور ياتاققا جايلىشىپ بولۇپ ئۆزىنىڭ توڭلىغانلىقىنى ھەم قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، «پېئىر» مېھمانسارىيىدا ئاشخانا يوق ئىدى، شۇڭا تايلور ئوغلى بىلەن بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ، مېھمانسارايىنىڭ كەينىدىكى بىر قاۋاقخانىغا كىردى. ئۇ قېلىن قىلىپ توغرالغان كالا گۆشى، سالات بۇيرۇتتى، سەل ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن ئايال كۈتكۈچىگە نەچچە رومكا خاردېل ھارىقى ئەكەلدۈرۈپ، ئوغلى بىلەن ئىچتى.
— مەيلى نېمە دېمەي، مەن بۈگۈن ئىنتايىن خۇشال! —تايلور قېلىن قىلىپ توغرالغان كالا گۆشىنى مەززە

قىلىپ يېگەچ، كۈچلۈك ھاراقنى بولۇشىغا ئىچتى. ئۇنىڭ كەيپى
ئاجايىپ چاغ ئىدى. زۇڭتۇڭ بولغان تايلور ئۇزۇن يىلدىن بېرى
سىياسىي ساھەدىكىلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ۋە سوغۇق مۇئامىلى-
سىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن چارلېستىكى بازار سىرتىغا
جايلاشقان داچىسىدا ھېچنېمىدىن خىجالەت تارتماي، گۈلدەك
ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ئاخشام كالا گۆشى يەپ ھۇزۇرلى-
نىشىنىڭ مېھرىدىن كەچمىدى، خوتۇنىنىڭ ھاراقتىن پەرھىز
تۇتۇش توغرىسىدىكى نەسىھىتىگە خىلاپلىق قىلىپ قائىدىنى بۇ-
زۇۋەتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
خوتۇنى يېنىدا يوق ئىدى، شۇڭا كۈچلۈك ئاق ھاراقتىن كۆپرەك
ئىچىپ قويدى.

— دادا، ئەمدى ئىچمەڭ، ئاپام بىلىپ قالسا سىزنى چوقۇم
ئەيىبلەيدۇ! — يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن مېئاكېر پارلامېنت
ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن
كەلگەن، ياشىنىپ قالغان دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش
ئۈچۈن بۇ قېتىم بۇ يەرگە ئاپىسىنىڭ قايتا ـ قايتا تاپىلىشى
بىلەن كەلگەنىدى. مېئاكېر چاچلىرى شالاڭلاپ قالغان دادىسى-
نىڭ خاردېل ھارىقىنى خۇددى سۇ ئىچكەندەك ئىچىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، ئەنسىرىگەن ھالدا دادىسىنى توسۇدى.

يۈزى قىزىرىپ، چېكىلىرى پارقىراپ كەتكەن تايلور بىر
خىلدا ھاراق ئىچىۋاتاتتى. ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن بۇيان بۈگۈن-
كىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى. تايلور بىر رومكا ھاراقنى
«گۈپپىدە» ئىچىۋېتىپ ئوغلىغا:

— مەن بەك خۇرسەن، چۈنكى مەن ناھايىتى تەستە غەلىبە
قىلدىم! — دېدى.

تايلور خۇشلۇقىدا كەينى ـ كەينىدىن ئىچىۋەردى، ۋەزىپى-
سىدىن بوشىنىپ يۇرتىغا قايتقاندىن بۇيانقى ئون نەچچە يىللىق
زېرىكىشلىك ھاياتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ ئاقسا-

رايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە جەنۇبتىكى قۇلدارلارنىڭ مەنپەئە-
تىگە چاپان ياپقانلىقتىن، كلاي باشچىلىقىدىكى ۋىگ پارتىيىسى-
نىڭ پارلامېنتتىكى ئەزالىرى بىلەن كۈرەش قىلدى. كلاي قاتار-
لىقلار شىمالنى قوغداش توغرىسىدا شەرتنامە ياكى قانۇن لايىھە-
لىرىنى تۈزۈپ تايلورنى تەستىقلاپ ئىجرا قىلىشقا قىستايتتى.
ئەمما تايلور جەنۇبتىكى دوستلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قى-
لىشنى خالىمايتتى، شۇنداقلا پارلامېنتنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا زىت
كېلىدىغان تەكلىپىگىمۇ قوشۇلمايتتى. ئۇ زۇڭتۇڭ سۈپىتىدە
بانكا قانۇن لايىھىسىنى يولغا قويۇش تەكلىپىنى رەت قىلدى،
بۇنىڭغا زور بىر تۈركۈم ۋىگچىلەر دەرھال قارشى چىقتى. ئىچكى
كابېنتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى كلاينىڭ قۇتراتقۇلۇق قى-
لىشى بىلەن بىر كېچىدىلا كوللېكتىپ ئىستېپا بەردى، تايلور
يېتىم قالدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى: تايلورنى جەنۇبتىكى قۇلدار-
لارنى ھىمايە قىلىدىغان جاھىل پىكرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر-
لاش ئىدى.
ۋىگچىلەر غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇنى پارتىيىدىن ھەيدەپ چىقار-
دى، ئادامس ئىسىملىك بىر پارلامېنت ئەزاسى تايلورنى ئەيىبلەش
ھەققىدە پارلامېنتقا تەكلىپ سۇندى! ئۇ تايلورغا زۇڭتۇڭلۇق
ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتتى دېگەن گۇناھنى ئارتتى. تايلور
ئادامس قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنى نېمىشقا ئەيىبلەيدىغانلىقىنى
بىلەتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: تايلورنى جاھىللىق بىلەن
چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان جەنۇبنى قوللاش تەشەببۇسىدىن ۋاز
كەچتۈرۈش ئىدى. تايلور ئامېرىكا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان
زۇڭتۇڭنى ئەيىبلەش ۋەقەسىگە پىسەنت قىلمىدى. ئۇ پارلامېنتتا
ئوتتۇز مىنۇت سۆزلەپ زور بىر تۈركۈم ۋىگچىلەرنىڭ ئۇنى
ئەيىبلەپ تەختتىن چۈشۈرۈش سۈيىقەستىنى ئاسانلا بىتچىت
قىلدى!
«ئەگەر ئامېرىكىدىلا ياشايدىكەنمەن، مەيلى تەختتە ئولتۇ-

راي، ياكى چۈشۈپ كېتەي، جەنۇبتىكى پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى بار كۈچۈم بىلەن قوللايمەن. بۇ كۆز قارىشىمدىن ئۆلسەممۇ ۋاز كەچمەيمەن!» تايلور 1845 ـ يىلى ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈپ تۆت يىل بولا ـ بولمايلا تەختتىن چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇدا زوڭتۇڭ بولۇش سايلىمىغا قاتنىشىشقا ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋە-بىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ جەنۇبقا يان بېسىش سىياستى ۋىگ پارتىيىسى ۋە دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى بىر قىسىم ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتتى. بىراق، ئۇ ۋىرگىنىيىدىكى چار-لېسقا يېنىپ كېلىپ ئاددىي پۇقرا بولغاندىن كېيىن يۇقىرىقى سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ئامېرىكا گېزىتلىرىدە يەنىلا سىجىل تەشۋىق قىلىپ كەلدى.

1861 ـ يىلى ئامېرىكىدا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى ئاخىر پارتلىدى. نەچچە نۆۋەتلىك زوڭتۇڭ جېنىنىڭ بارچە شىمالدىكى ھەرقايسى شتاتلارغا چاپان يېپىپ كەلگەنلىكتىن، تايلورنىڭ قول-لىشىغا ئېرىشكەن جەنۇبتىكى شتاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇش پارتلىدى. چارلېس بازىرىدى-كى داچىدا پىنھان ياشاۋاتقان تايلور شۇئان ئالدىراش بولۇپ كەتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى ئادەم دارىپ باقمىغان ياغاچ بىنادىن مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، تايلورنىڭ پىكرى-نى ئاڭلاپ بېقىش مەقسىتىدە كەلگەن مۇخبىرلار بار ئىدى.

«مەن ئۇزۇندىن بېرى جەنۇبنى قوللاپ كېلىۋاتىمەن، چۈن-كى ئۇلار نەچچە ئون يىللاپ شىمالدا ھاكىمىيەت تۇتقانلارنىڭ بەكلىشىگە ۋە ئېزىشىگە ئۇچراپ كەلدى. ھازىر جەنۇب قوزغى-لىپ شىمالغا قارشى چىقتى. بۇنى ئاقسارايدىكى ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان!» چارلېس بازىرىدا ئۇزۇن سۈكۈتتە ياتقان تايلورنىڭ سۆزى ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىنى شۇئان لەرزىگە سالدى. ئۇنىڭ سۆزى گەرچە شىمالدىكى

ھەرقايسى شتاتلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىدىغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلارنى يەنە بىر قېتىم غەزەپلەندۈرگەن بولىسىمۇ، ئەمما جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتات پۇقرالىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى.

1861 ـ يىل 4 ـ ئايدا، جەنۇبتا توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ ئىشنى تايلور بۇرۇنلا ئويلىغان، شۇنداقلا مۇشۇنداق داۋالغۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. چارلېستىكى ياغاچ بىناسىدا ئون بىر شتاتنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، «جەنۇب فېدېراتسىيىسى»نى قۇرغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن تايلور خۇشاللىقىدا يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ياغاچ بىناسىدا بۇ خۇش خەۋەرگە تەنتەنە قىلدى.

«مەن غەلىبە قىلدىم، مەن غەلىبە قىلدىم! مەن جەنۇبنى قوللايمەن، ئۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ ئەمدى شىمالنىڭ زورلۇقىغا ئۇچرىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن! ئۇلار ئاخىر ئويغاندى!» جەنۇبتىكى ئون بىر شتات فېدېراتسىيە تەشكىل قىلغاندىن كېيىنكى كۈنلەر، ئۇ 1845 ـ يىلى تەختتىن چۈشۈپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىنكى ئەڭ كۆڭۈللۈك كۈنلەر ئىدى. ئۇ بەزىدە ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈپ كېتەتتى، كۈلگەندىمۇ سەۋدايىلاردەك كۈلۈپ كېتەتتى، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى سىرغىپ چۈشەتتى.

تايلور بەزىدە يىغلايتتى، يىغىسى تولىمۇ ھەسرەتلىك ئىدى. جۇلىيە گاردېر خېنىم تايلور ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئالغان ئىككىنچى خوتۇنى ئىدى. تەختتىن چۈشكەن مۇشكۈل كۈنلەردە خوتۇنى ئۇنى تاشلىۋەتمىدى. ئۇ ياشانغان تايلورنىڭ ئىچكۆيەر خەيرخاھى ۋە سەپدىشىغا ئايلانغانىدى. جۇلىيە ئېرىنىڭ جەنۇبنىڭ مۇستەقىل بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. تايلورنىڭ نېمىشقا بۇنداق

سەۋدايىلارچە كۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھۆكۈرەپ يىغلىۋەت-تى. شۇنىڭ بىلەن تايلورغا نەسىھەت قىلغاچ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— جەنۇبىتىكى ھەرقايسى شتاتلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆ-رەش قىلىپ ئۆمرىڭىزنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئۇلار ئاخىر ئازاد بوپتۇ، يەنە نېمىگە بۇنداق ھەسرەتلىنىسىز؟

— كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ! جۇلىيە، مەن ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەندە ئامېرىكا بىرلىككە كەلگەنىدى. تېك-ساس شتاتى مېنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىم بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تەركىبىگە كىرگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆلۈنۈپ كېتىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان، مەن نېمىشقا ھەسرەت-لەنمەيمەن؟ — ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا كۆرۈلگەن بۆلۈنۈشتىن تايلورنىڭ يۈرەك - باغرى ئېچىشىپ كەتكەنىدى. بۇنى جۇلىيە چۈشەنمەيتتى. چۈنكى جەنۇبتىكى ئون بىر شتات «جەنۇب فېدې-راتسىيىسى» تەشكىل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ كۆپ ئۆتمەي بىرەيلەن ۋاشىنگتوندا تايلورنى جەنۇب - شىمال بۆلۈنۈشىنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ ئەيىبلىدى. گېزىتلەردە ۋە پارلامېنت مۇنبىرىدە تايلورنى ئەيىبلەش توختىمىدى، تايلورنىڭ يۇرتىدىكى ياغاچ بىناسىدا «جەنۇب فېدېراتسىيىسى»نىڭ قۇرۇلغانلىقى سە-ۋەبلىك ھەسرەت بىلەن يىغلاپ ئولتۇرغانلىقى كىمنىڭمۇ يادىغا كەلسۇن؟

— جۇلىيە، مېنىڭ كۆڭلۈم بەك پاراكەندە! بىرى مېنى جەنۇب - شىمال بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باش جىنايەتچى دەپتۇ، بۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك! چۈنكى ئەينى چاغدا تېكساس شتاتى مەسىلىسىدە باشقىلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىۋەتمىگەن بول-سام، تېكساس شتاتى ئامېرىكىنىڭ زېمىنى بولماي قالاتتى. مەن ئامېرىكىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان زۇڭتۇڭ! — تايلور ئەڭ قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئەڭ گۈللەن-گەن چاغلىرىنى ئەسلەيتتى. ئەسلىدە مېكسىكىغا تەۋە تېكساس

شتاتى ئامېرىكىغا چېگرىداش بولسىمۇ، لېكىن تايلوردىن بۇرۇن
ئۆتكەن نەچچە نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلار تېكساس شتاتىنى يۇتۇۋېلىش
غەرىزىدە بولغان، لېكىن ئامېرىكىنىڭ شەرقىدىكى توققۇز شتات-
تىن كۆلىمى چوڭ بۇ مۇنبەت تۇپراقنى يۇتۇۋېلىپ خەلقئالەم-
نىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە قېلىشقا ھېچقايسى زۇڭتۇڭ پېتىنالمى-
دى. پەقەت تايلور يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، 1845 - يىلى
ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇش ئالدىدا تېكساس شتاتىنىڭ ئامېرى-
كىغا قوشۇلغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبا-
رەن ئامېرىكا تەركىبىدىكى شتاتلار يىگىرمە يەتتىدىن يىگىرمە
سەككىزگە كۆپەيدى! بۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسى ئەمەسمۇ؟ تايلور
تەختتىن چۈشۈپ پۇقرا بولغاندىن كېيىن ياغاچ بىناسىغا بېكىنى-
ۋېلىپ پات - پاتلا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى. مانا ئەمدى
تېكساس شتاتىمۇ ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشنىمۇ چارلېس-
تىكى ياغاچ بىناسىغا بېكىنىۋالغان، قولىدا ھوقۇقىنىڭ پۇچۇقىمۇ
بولمىغان تايلوردىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟
جۇلىيە ئېرىگە تەسەللى بېرىپ:
— يىغلىماڭ. مەيلى نېمە دېمەيلى، جەنۇبنىڭ فېدېراتسىيە
تەشكىل قىلىشى سىزنىڭ غەلىبىڭىز! — دېدى
— شۇنداق، مەن غەلىبە قىلدىم! — تايلور قۇلدارنىڭ پۇشتى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكىدا ئىچكى ئۇرۇش بولغاندا، ئۇ
تەبىئىي ھالدا ئۆزى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئون بىر شتات
تەرەپتە تۇردى. بولۇپمۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر تايلورنى پەردە
كەينىدىكى پىلانلىغۇچى دەپ غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، تىللىغان
چاغدىمۇ، ئۇ مۇشۇنىڭدىن باشقا يولنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىدى.
— قاراڭ، خۇش خەۋەر، سۇمتېردا ئۇرۇش بوپتۇ! — بىر
كۈنى جۇلىيە بىر پارچە «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» نى كۆتۈرۈپ
جەنۇب قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى خەۋىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا
بولۇپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ ھۇجرىسىغا خۇشال يۈگۈرۈپ
كىردى.

— باركاللا، بەلەن ئۇرۇش قىپتۇ! — تايلور گېزىتتىن جەنۇبنى «توپىلاڭچى گۇرۇھ» دەپ ئەيىبلەپ يېزىلغان ماقالىنى كۆرۈپ ئۆزى قوللاپ كەلگەن جەنۇبتىكى ئون بىر شتات قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ شىمالدىكى ھاكىمىيەت يۇرگۇزۇۋاتقانلارغا قوراللىق تەھدىت سالغانلىقىنى بىلدى. قارىغاندا خوتۇنى دېگەندەك قوزغىلاڭچىلار سۇمتېر قەلئەسىگە قوراللىق ھۇجۇم قوزغىغانىدى.

جۇلىيە تايلورنىڭ خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— جەنۇب قوزغىلاڭچىلىرىنى قانداق قوللايمىز؟ — دېدى.

تايلور:

— تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتەيلى! مېنىڭ قولۇمدىن ھازىر قوزغىلاڭچىلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرۇشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ! — دېدى.

تايلور جەنۇب قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەڭ ئوبدان قوللىغۇچىسى ھەم دوستى بولۇپ قالدى: شۇنىڭ بىلەن شىمالدىكى ھاكىمىيەت يۇرگۇزۇۋاتقانلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندى.

1861 ـ يىل 12 ـ ئايدا، جەنۇب فېدېراتسىيىسى تەركىبىدىكى ئون بىر شتاتنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى جەڭدە ئۇدا غەلىبە قازىنىپ، ئىچكى ئۇرۇشتا ناھايىتى تېزلا «جەنۇب ئىتتىپاقى»نى قۇردى. مەزكۇر ئىتتىپاق پارلامېنتى سايلىمىدا تايلور پارلامېنت ئەزاسىلىقىغا كۆرسىتىلدى!

تايلور ئۆزىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدى. ئۇ جەنۇب فېدېراتسىيىسى پارلامېنتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش يىغىنىغا قاتنىشش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقتى.

شۇ كۈنى كەچتە تايلور ئادەتتىكىدىن خۇشال ئىدى، خالتا كوچىدىكى قاۋاقخانىدا ھاراقنى كۆپ ئىچىپ قويدى. ئوغلى مېئا-

كېر ئۇنى ھەرقانچە توسۇغان بولسىمۇ، تايلور پەرۋا قىلمىدى. دادا ـ بالا ئىككىسى دەلدەڭشىپ «پېئىر» مېھمانسارىيىدىكى ياتىقىغا كىرىپ كۆپ ئۆتمەي «ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەندەك تايلورنىڭ قان بېسىم كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغالدى! نەتىجىدە تايلور مېڭىگە قان قۇيۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولدى!

## ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى

تايلورنىڭ كېسىلى كېچىدە قوزغالدى.

تايلور تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مېئاكېر دادىسىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن ياتقانىدى. مېئاكېر كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنتايىن غەلىتە خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى. گويا بىرى يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆڭلىدە «چاتاق!» دېدى ـ دە، ئالدىراش چىراغ ياندۇرۇپ، دادىسىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك باردى. دادىسى چىرايى قىپقىزىل، ئېغىز ـ بۇرنى مايماق، ئاغزىنى يوغان ئاچقان ھالەتتە بىر خىلدا ئىڭراپ ياتاتتى. دادىسىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى مېئاكېر بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىدى. دادىسى ئادەتتە بۇگۈنكىدەك كۆپ ھاراق ئىچمەيتتى. جۇلىيە ھاراق ئىچىشكە قاتتىق چەك قويغاچقا، مۇۋاپىق ئىچىپ بولدى قىلاتتى. مېئاكېر مەستلىكتە مۇشۇنداق بولۇپ قالغان بولسا كېرەك دەپ باشتا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئۇ بىر ئىستاكان قايناق سۇ ئەكېلىپ دادىسىنى ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە ئۈندىدى. تايلور ئۇسسۇزلۇقنى ئىچمىدى، ئۇ ئىڭراپ ياتقان پېتى بىردىنلا بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، بۇ ھال مېئاكېرنى گاڭگىرىتىپ قويدى. تايلورنىڭ چىرايى بارغانسېرى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرمەكتە ئىدى.

— دادا! نېمە بولدىڭىز! — مېئاكېرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ دادىسىنىڭ كېسەل بولغانلىقىنى، ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى شۇندىلا ھېس قىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئىسمىنى خېلى ئۇنلۈك ئاۋازدا زىكرى قىلدى. ئەمما تايلوردىن زۇۋان چىقمىدى. ئۇنىڭ تىنىقى تېزلىشىپ كەتكەنىدى.

— چاققان، دادامنى چاققان قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! — مېئاكېر قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئاستىنقى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ئايال خوجايىننىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

خوجايىن ئايال ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ مېئاكېرنى سەتلەپ تۇرۇپ:

— يولۇچىلار كېسەل بولسا، دوختۇرخانىغا بارمامدۇ! مېنىڭ سارىيىم كېسەل داۋالايدىغان دوختۇرخانىمىدى؟ — دېدى.

مېئاكېر يىغلاپ تۇرۇپ توۋلىدى.

— مېنىڭ دادام دېگەن تايلور، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ، ئۇ دېگەن تايلور! — دېدى ئۇ.

ئايال خوجايىن رەھىمسىزلىك بىلەن:

— كىمنىڭ تايلور ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن! مەن ساڭا دوختۇرخانىغا مۇراجىئەت قىل دېدىمغۇ! — دېدى.

مېئاكېر شۇندىلا ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى ھېس قىلدى. قاپقاراڭغۇ كېچىدە رىچموندنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمەيدىغان مېئاكېر دوختۇر ئىزدەپ نەگىمۇ بارسۇن؟

مېئاكېر دوختۇرخانا تېپىش مەقسىتىدە ئاپئاق قار بىلەن كۆمۈلگەن كوچىغا ئۆزىنى ئاتتى. قار يەنىلا بىر خىلدا لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. مېئاكېر بىر كوچىدىن يەنە بىر كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ناھايىتى تەستە بىرنەچچە چارلىغۇچى ساقچىلارغا يولۇقۇپ قالدى. ئۇلاردىن سوراۋشتە قىلىپ، «پېئىر» مېھمانسارىيىغا يېقىن بىر ئارقا كوچىدا چېركاۋ دوختۇرخانىسى بارلىقىنى بىلدى. مېئاكېر قېلىن قارنى كېچىپ يەنە كەينىگە ياندى، ئۇ تاڭ

سۇزۇلگەن چاغدا ھېلىقى دوختۇرخانىنى تاپتى.

— تېزرەك بېرىپ دادامنى قۇتقۇزۇۋېلىشىڭلارنى سوراي-مەن، ئۇ ياخشى ئادەم! — مېئاكېر شۇنداق دەپ دوختۇرخانىغا قويۇندەك كىرىپ كەلدى. تاڭ سەھەر پەيتى بولغاچقا، نۆۋەتچى دوختۇرلار ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. بىر ئايال سېسترا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇنى قوبۇل قىلدى. لېكىن سېسترا تاڭ ئاتقاندىلا دوختۇرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېسەل كۆرۈشكە بارىدى-غانلىقىنى دەپ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئىلىك ئالمىدى.

مېئاكېر يىغلاپ يالۋۇرۇپ:

— دادام ياشىنىپ قالغان ئادەم، ھاراق ئىچكەنلىكتىن كې-سىلى قوزغىلىپ قالدى. ئۇ ھەرقانچە قىلغىنى بىلەنمۇ سىلەر-نىڭ دوختۇرخاناڭلارغا كېلەلمەيدۇ، بولمىسا مەن ئۇنى يۇدۇپ ئەكېلەتتىم! خۇش بولۇپ كېتەي، دوختۇرنى چاقىرىڭ، دادامنى قۇتقۇزۇۋالسۇن، بولامدۇ؟ — دېدى.

سېسترا ئۇنىڭ گېپىنى قېقىۋېتىپ:

— مەن دېدىمغۇ، ئاۋۋال تاڭ ئاتسۇن! — دېدى.

مېئاكېر «پېئىر» مېھمانسارىيىدا بىھوش ياتقان قېرى دادى-سىنى ئويلاپ، تاقەت قىلالماي تىزلىنىپ تۇرۇپ سېسترادىن تەلەپ قىلدى. كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلەتتى، ئۇ سېستراغا يېلىنىپ:

— دەرھال ئادەم ئەۋەتمىسىڭىز، دادام تاڭ ئاتقۇچە بۇ دۇنيا-دىن كېتىپ قالىدۇ! خۇش بولۇپ كېتەي، دەرھال بېرىپ دادام-نى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! تايلور دېگەن مېنىڭ دادام بولىدۇ، كىشىلەر تىللىغاندەك ئۇنداق ئەسكى ئەمەس، ئۇ ئوبدان ئادەم! ... ، — دەيتتى.

مېئاكېرنىڭ يالۋۇرۇپ يىغلىشىدىن ساقاللىق بىر ۋراچ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ سېسترانىڭ كەينىدە تۇرۇپ مېئا-كېرنىڭ گېپىگە بىر ھازا قۇلاق سېلىپ، ئاندىن سېسترانىڭ

ئالدىغا ئۆتۈپ، ھەسرەتلىك ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلاۋاتقان مېئا-
كېرغا گۇمانلىق نەزىرىنى تىكىپ ئۇنىڭدىن:
— يىگىت، سەن تايلور دېگەن مېنىڭ دادام دەۋاتام-
سەن؟ — دەپ سورىدى.
مېئاكېر بېشىنى لىڭشىتىپ:
— ئۇ ھەقىقەتەن تايلور شۇ! سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي،
تېز بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ئۇ جەنۇبلۇق ئېكىنزار خوجايىن-
لىرىنى دەپ چارلېستىن بۇ يەرگە كەلگەن! — دېدى.
ساقاللىق ۋىراچ ھەيران بولدى، ئۇ كۆز ئالدىدا تىزلىنىپ
ئۆزىگە يېلىنىۋاتقان بۇ بالا بىلەن ئىلگىرى ئاقسارايدا بىر بۇيرۇق
بىلەن ھەممىنى رەتتە تۇرغۇزۇۋېتىدىغان زۇڭتۇڭ تايلور-
نى بىر - بىرىگە باغلىيالمايۋاتاتتى. ئۇ يەنە كوچىلاپ:
— تايلور دېگەن كىم؟ ئامېرىكىدا تايلور ئىسىملىك ئادەم-
لەر بەك كۆپ. سەن دېگەن تايلور بۇرۇن «ياغاچ بىنا قانۇن
لايىھىسى» گە قول قويغان ھېلىقى تايلور شۇمۇ؟ — دەپ
سورىدى.
— دەل ئۆزى شۇ! — دېدى مېئاكېر دادىسى توغرۇ-
لۇق ئاز - تولا تەسىراتقا ئىگە بۇ ساقاللىق دوختۇرغا كۆزلىرىدى-
كى ياشنى ئېرتىۋېتىپ ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ، — دادام ۋا-
شىنگتوندىكى ۋاقتىدا «ياغاچ بىنا قانۇن لايىھىسى» گە قول قو-
يۇپلا قالماي، جەنۇبنى ھەقىقىي ئازاد قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن
ئەمىر- پەرمانلارنىمۇ تۈزگەن! ئۇ رىچموندقا جەنۇبنىڭ دېموكرا-
تىيە ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كەلگەن، تېزرەك بېرىپ ئۇنى قۇتقۇ-
زۇۋېلىشىڭلارنى سورايمەن...
— نېمە؟ سېنىڭ دادائ بۇرۇن زۇڭتۇڭ بولغان ھېلىقى
تايلور شۇمۇ؟ — ساقاللىق ۋىراچ بىلەن ھېلىقى سېستىرا ھەيران
بولۇپ تەڭلا سوراشتى. ساقاللىق دوختۇر مېئاكېرنىڭ بېشىنى
لىڭشىتقىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولغان ھالدا:

— سابىق زۇڭتۇڭ تايلور رىچموندقا كەلگەنىكەن، نېمىشقا ئالدى تەرەپتىكى كىچىك مېھمانخانىغا چۈشىدۇ؟ — دەپ سورۇشتە قىلدى.

مېئاكېر تېخىمۇ ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ:

— بولدى سوراۋەرمەڭلار، ۋاقىت دادام ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەت. مېنىڭ بىلەن بىللە بارساڭلارلا، بىمارنىڭ راستىنىلا بۇرۇن زۇڭتۇڭ بولغان تايلور ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر! — دېدى.

ساقاللىق ۋىراچ دەرھال پاختىلىق پەلتوسىنى كىيىپ دورا ساندۇقىنى ئېلىپ دوختۇرخانا ئىشىكىدىن ئالدىراش چىقتى. تالادا قار توختىغانىدى، لېكىن ھاۋا تولىمۇ سوغۇق ئىدى. ئىككىسى قېلىن قارنى كېچىپ، سەنتۇرۇلۇپ مېڭىپ «پېئىر» مېھمانسارىيىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىققان چاغدا تاڭ ئاقارغا- نىدى. چىراغ يورۇقىدا ساقاللىق ۋىراچ كارىۋاتتا قاتۇرۇپ قوي- غاندەك ياتقان تايلورنى كۆردى، ئۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سابىق زۇڭتۇڭغا ئوخشاشمايتتى، ئۇ تايلورنى زۇڭتۇڭ ۋاقتىدا كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن سۈرىتىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇس- تىگە جەنۇبلۇق دوستى ئۇنىڭغا زۇڭتۇڭ تايلورنى تەسۋىرلەپ: «ئۇ ھەممە ئادەم بىلەن باردى - كەلدى قىلغاندا، باشقىلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە كىشىگە ئەدەپ بىلەن مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا بوي، ئورۇقراق، ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىرىپ يۈرىدۇ، چاچلىرى شالاڭ ھەم يۇمشاق، كۆكۈچ كۆزلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر، قاراشلىرى يۇمۇر- لۇق» دېگەنىدى.

ساقاللىق ۋىراچنىڭ ئالدىدا ۋىجىك كەلگەن، چاچلىرى شا- لاڭ بىر بوۋاي كۆزلىرىنى ئاچماي كارىۋاتتا ئوڭدا ياتاتتى. تىنى- قى ھېلىمۇ بار ئىدى، تىنىقىدىن ئادەم سەسكەنگۇدەك دەرىجىدە

ئىسپىرت پۈرىقى كېلەتتى! دوختۇر كارىۋاتتا ياتقان بىمارنىڭ سابىق زۇڭتۇڭ تايلور ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، چۈنكى ئۇنىڭغا مېئاكېر «جەنۇب فېدېراتسىيىسى» پارلامېنتى ئەۋەتكەن قىزىل تەكلىپنامىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ شۇ قاتاردا پارلامېنتىنىڭ تاي-لورنى پارلامېنت ئەزاسىلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى كۆردى!

ساقاللىق ۋىراچ ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نام چىقارغان زۇڭتۇڭ تايلورنىڭ ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ مۇشۇن-داق مۇشكۇل ئەھۋالغا قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ دىئاگ-نوز قويدى، تايلورنىڭ تومۇرى يەنىلا سوقۇۋاتاتتى، ئۇ تېخى تىرىك ئىدى. دوختۇر تايلورنىڭ قاپىقىنى ئاستا قايرىپ، ئىختىد-يارسىز چۆچۈپ كەتتى. مېڭىگە قان كۆپ قۇيۇلۇپ كەتكەنلىك-تىن بىمارنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىگىمۇ قان تولغانىدى. ساقاللىق ۋىراچ تايلورغا جىددىي خاراكتېرلىك مېڭىگە قان قۇيۇلۇش كې-سىلىگە گىرىپتار بولغان دەپ دىئاگنوز قويدى.

— دوختۇر، دادامنى قۇتقۇزۇپ قالالامسىز؟ ئۇ ئوبدان ئادەم! ...، — دېدى مېئاكېر ساقاللىق ۋىراچنىڭ دىئاگنوز قو-يۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالىتىنى كۆرۈپ. مېئاكېر يىغلاپ تۇرۇپ دوختۇردىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈندى، ساقاللىق ۋىراچ ئىلاجسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ خۇرسىنغان ھالدا بېشىنى چايقىدى، ئۇ شۇنداقتىمۇ دورا ساندۇقىدىن شۇ چاغدىكى ئەڭ ياخشى دورىلارنى ئالدى. ئۇ ئۆلۈم دەرگاھىغا قاراپ كېتىد-ۋاتقان ئاقسارايىنىڭ سابىق باشلىقىنى كۆڭلىدىن ھۆرمەتلىگەچكە، ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلگەن تۇرۇقلۇق داۋالاپ بېقىش قارارىغا كەل-گەنىدى،

تايلورنىڭ تومۇرى زەئىپ سوقاتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەر پەيتىدە ئۇنىڭ چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىدى. ساقاللىق ۋىراچ تايلورنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە

تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، سەزگۈسىنىڭ يەنىلا تۇيغۇن ھالەتتە ئىكەن-لىكىنى بىلەتتى. ساناقلىق ئۆمرى قالغان تايلور ئۆزىنىڭ مۇش-كۈل ۋە شانلىق سىياسىي ھاياتى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقان بولسا كېرەك. قۇلدارنىڭ بۇ ئەۋلادى كىچىكىدە چارلىس بازىرىدا ئىد-شىنى ئادۋوكاتلىقتىن باشلاپ، سىياسىي مۇنبەرنىڭ يۇقىرى نۇقتىسىغا چىقتى، جەنۇبتىكى قۇلدارلارنى قوللاش مەسىلىسىدە قەتئىي ھەم ئۇزۇل - كېسىل بولغانلىقتىن، ئۇ دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن ۋىگ پارتىيىسىنىڭ ئورتاق سىياسىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى، شىمالدىكى پۇقرالار ئۇنى باش جىنايەتچى دەپ غەزەپ بىلەن تىللاشتى ھەم قارغاشتى. مۇشۇنداق ئىشلار تۇپەيلى-دىن ئاقسارايدا ھاكىمىيەت سۈرۈۋاتقان تايلور ئامېرىكا تارىخىدى-كى ئەيىبلەنگەن، ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىگەن تۇنجى زۇڭتۇڭ بولۇپ قالدى. تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، سۇيىقەستلىك ئىشلار بىلەن بەكرەك شۇغۇللانغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك يامان نام قال-دى. 1842 - يىلى 8 - ئايدا، تايلور ئاقسارايدا تۇرۇپ ئەنگلىيە-نىڭ شەرقتە ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىشقا ئالدىرىدى، ئۇ 1844 - يىلى 7 - ئايدا، قورال كۈچى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سې-لىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى جۇڭگو — ئامېرىكا «ۋاڭشىيا شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلدى. تايلورنىڭ بىر قوللۇق پىلانلىشى ئارقىلىق ئىمزالانغان بۇ تەڭسىز شەرتنامە بىلەن ئۆز-نىڭ تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مەڭگۈ مىخلىنىپ قالىدىغانلىقى-نى ھېس قىلمىغاندۇر، بەلكىم! ... تايلور ھاياتىنىڭ شانلىق تەرەپلىرىنى ئەسلەش ھەم خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشتەك مۈرەككەپ روھىي ھالەت ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئەس - ھوشىنى تامامەن يوقاتتى.

1862 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، قىش كۈنلىرىنىڭ

يەنە بىر تاڭ سەھىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، رىچموندتىكى «پېئىر» مېھمانسارىيىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە نەچچە كۈن بى-ھوش ياتقان تايلور ئاخىر جان ئۈزدى!

تايلور جان ئۈزگەن چاغدا، ئۇنىڭ كارىۋىتى بېشىغا خوتۇنى جۇلىيە گاردېر، جۇلىيە بىلەن ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان سەك-كىز ئوغۇل، يەتتە قىزى تەييار بولغانىدى. مېھمانسارايدا ھۆكۈ-مەت مېيىت ئۈزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزمىدى، چۈنكى «پېئىر» مېھمانسارىيىنىڭ ئايال خوجايىنى چارلېس بازىرىدىن ئالدىراش يېتىپ كەلگەن جۇلىيە خانىمغا كېسەل ئەھۋالى خەتەرلىك ئېرىنى مېھمانسارايدىن ئىمكان بار تېز يۆتكەپ كېتىشنى ئېيتقانىدى. ناۋادا بىرەرى ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا، «پېئىر» مېھمانسارىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىجارىتىگە تەسىر يېتەتتى. جۇلىيە دوختۇر-خانا بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، ساقاللىق ۋىراچ مېڭىگە قان قۇيۇ-لۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى يۆتكەشكە بولمايدۇ، دېدى. شۇنداق قىلىپ تايلور بۇ مېھمانسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى دېرىزىلىرى كوچىغا قارىغان ياتاقتا ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇ-ساپىسىنى بېسىپ تۈگەتتى! شۇڭا تايلور جان تەسلىم قىلغاندا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يىغا - زار قىلىشىغا يول قويۇلمىدى.

تايلورنىڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ مەر-كىزى رىچموندتا تۇيۇقسىز تۈگەپ كەتكەنلىك خەۋىرى ۋاشېنگتون-دىكى پارلامېنت تېغىغا يېتىپ كەلگەندە، كېڭەش پالاتا بىلەن ئاۋام پالاتا قەرەللىك يىغىن ئېچىۋاتقان چاغ ئىدى. كىچىك بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپ، ياقا - يۇرتتا ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كەت-كەن تايلورنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىگە ئىچ ئاغرىتقان ۋە خەير-خاھلىق قىلغان بىرەرمۇ ئادەم چىقمىدى. پېنسىلۋانىيە كوچىسى-غا جايلاشقان ئاقساراي تايلورنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭ-لىمىغان بولۇۋالدى. شۇ چاغدا ئاقسارايدىكى ھاكىمىيەت بېشىدى-كى ئەرباب «جەنۇب فېدېراتسىيىسى» بىلەن شىمالدىكى ھا-

كىمىيەت بېشىدىكىلەر ئارىسىدىكى ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرالماي قېلىۋاتقانىدى. ئاقساراي ئامېرىكىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدە باش جىنايەتچى تايلور دەپ ھېسابلىغانىدى! ئەسلىدە، ئاقسارايىنىڭ قائىدىسىدە، ھەرقانداق زۇڭتۇڭ ۋاپات بولسا، بايانىنامە ۋە تەزىيەنامە ئېلان قىلىپ، مەرھۇمنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلىرىدا كۆرسەتكەن تۆھپە-لىرى بىلەن خاتىرىلەيتتى. لېكىن، تايلورنىڭ ۋاپاتى ھەققەتەن كەمدىن - كەم كۆرۈلگەن بىر مىسال بولۇپ قالدى. ئۆكتىچى-لەرنىڭ تايلورنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تۇتقان سوغۇق مۇئامى-لىسى ۋە شەپقەتسىزلىكىدىن مەملىكەتتىكى پۇقرالار ھەيران قې-لىپلا قالماي، بەلكى ياۋروپا ھەم ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەت-لەرمۇ ئاقساراي، شۇنداقلا پارلامېنتنىڭ قاملاشمىغان ئىش قىلى-غانلىقىنى ھېس قىلدى.

باھار كەلگەن چاغدا، رىچموندنىڭ شەھەر سىرتىدىكى مەش-ھۇر ھوللىۋود قەبرىستانلىقىدا جەنۇبلۇق بىر قىسىم دوستلار تايلورنىڭ مېيىتىنى يەرلىكتە قويۇپ تارراق دائىرىدە ماتەم مۇرا-سىمى ئۆتكۈزدى. تايلورنىڭ خوتۇنى جۇلىيە ۋە ئوغۇل - قىزلى-رى قەبرىگە گۈل چەمبىرەك قويدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى-دىن ئۇنىڭ قەبرىسىگە خاتىرە تېشى ئورنىتىلمىدى!

يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئاردىن نۇرغۇن زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تايلورنىڭ ۋاپاتىغىمۇ ئەللىك يىل بولۇپ قالدى. شۇ يىلى ئامېرىكىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشتىن كېلىپ چىققان ئىچكى ئۇ-رۇش تۇمانلىرىنى تارىخنىڭ مىسلىسىز ئۆزگىرىشلىرى ئاللىبۇ-رۇن بىتچىت قىلىۋەتكەنىدى. 1915 - يىلى ئامېرىكىنىڭ جە-نۇب- شىمالىدا شاد - خۇرام ناخشا - ئۇسسۇل دەۋر سۈرگەن چاغلار ئىدى، تايلورنىڭ ۋاپاتىغا ئەللىك يىل بولغانلىقىنى خاتى-رىلەيدىغان پەيتتە، جەنۇب پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ۋاپات

بولغاندىن كېيىن ھاقارەتلەنگەن سابىق زۇڭتۇڭنى ھازىر بولسىمۇ
ئېتىراپ قىلىنىشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شۇ يىلى يازدا بىر
تۈركۈم جەنۇبلۇق پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنت تېغىدا تايلور-
نىڭ سىياسىي ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قوزغى-
دى. ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى پارلامېنت ناھايىتى تېزلا ماقۇللىدى،
شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتى رىچموندتىكى
ھوللىۋۇد قەبرىستانلىقىدا جون تايلور ئۈچۈن خاتىرە تېشى تۇر-
غۇزۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. قارا خاتىرە تېشىغا: «پارتىيە-
گۇرۇھسىز زات — جون تايلور قەبرىسى (1790 —
1862)…» دېگەن خەتلەر ئويۇلغاندى.

**图书在版编目(CIP)数据**

36 位美国总统的最后岁月/窦应泰著，雅森·赛依提译. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.1
ISBN 7-5371-4320-X

Ⅰ.3… Ⅱ.①雅… Ⅲ.总统—生平事迹—美国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K837.127

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 079039 号

责任编辑：麦苏提·哈力提
伊力哈尔江·沙迪克
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

# 36位美国总统的最后岁月(1)

（维吾尔文）

窦应泰　著

雅森·赛依提　译

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路100号　邮编：830001）
新疆新华书店发行　乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168毫米　32开本　8印张
2003年1月第1版　2003年1月第1次印刷
印数：1—2000

ISBN7－5371－4320－X/I·2009　定价：9.50元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى




ISBN 7-5371-4320-X
9 787537 143202 >

ISBN7-5371-4320-X
(民文)　定价:9.50 元
(1—— 4 总价:38.00 元)